ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

2013

新疆大學學報

哲学社会科学维吾尔文版

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**تۇرسۇن قادىر**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**تۇرسۇن قادىر**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

**2013 ـ يىللىق 2 ـ سان**

**(ئومۇمىي 134 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا
بەت ياسىغۇچى : ئەخمەتجان ئۆمەر


**تەھرىر ھەيئەتلەر**


ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۇكۇر موللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۇكۇرى
ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخرىدىن ھېسامىدىن
تۇرسۇن قادىر
چىمەن نەجمىدىن
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى
كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
34 ـ يىللىق 2 ـ سان(ئومۇمىي 134 ـ سان)　　2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا..........
......................................................ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق (1)
تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى ھەققىدە ......................... زۇلھايات ئىسمائىل (13)
«تارانچى دىيالېكتى»دىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىزدىنىش........... نىجات سوپى (24)
ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئاملىلار ھەققىدە مۇلاھىزە........... ئاينۇر ئابدۇرېشىت (34)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە.............................. ئىلھام ياسىن، دىلبەر مەخمۇتجان (43)
جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى مېخانىزمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش قېتىنچىلىقى ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە ...........................ئىلياس جالالىدىن، ئارسلان ئەھمەد زىيائى (50)

## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» دىكى «ئىنسادى سۇترا» دىن پارچە ئۈستىدە تەتقىقات.......................................................دىلارا ئىسراپىل (58)
تەرجىمىدىكى ئالتە خىل مەنە توغرىسىدا ...............................رەشىدە غوپۇر(62)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

«تۇتىنامە» ھېكايىلىرىدىكى ئاساسلىق موتىفلار ھەققىدە ئىزدىنىش .......... ئابدۇۋەلى كېرىم غولبويى (67)
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانلارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى.......
......................................................ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى (72)
ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ........... خالمۇرات ئابدۇرېھىم (81)
باللار شېئىرى ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار ......................ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (89)
ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ موتىفلىرى ھەققىدە ......................ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە (98)
ئۇيغۇر ۋە ياپون خەلق چۆچەكلىرىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە. ............دىلارە ئەبەيدۇللام (112)

## قانۇن، تارىخ تەتقىقاتى

چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردىن چىيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات...............................ئالىيە ئەنۋەر، ماھىرە جاپپار (116)
كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان ئابىدىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا.............ئابلىكىم قۇربان تۆمۈر (129)

## كۇتۇپخانا تەتقىقاتى

كۇتۇپخانىلاردا كىتاب، گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە ئىزدىنىش.........خالىدە ئەسمەت (137)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*A4*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-2

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 34 卷第 2 期（总 134 期）　2013 年 6 月

# 目　录

## 西域文化研究

清代维吾尔族社会及其史学发展特点初探……阿合买提·苏来曼·库图鲁克(1)

土耳其现代之路……祖力亚提·司马义(13)

探《塔兰奇方言》中的语音变化……尼加提·苏皮(24)

论维吾尔语中的性别歧视成分……阿依努尔·阿不都热西提(34)

## 政治、经济与管理学研究

少数民族女大学生的就业弱势问题研究……依里合木·牙生，迪丽拜尔·马合木提江(43)

浅析公共安全补偿机制中政府的困境及风险的社会化……伊力亚斯·加拉力丁，阿尔斯兰·艾合买提(50)

## 语言与文化研究

国家图书馆藏《畏兀儿写经残卷》中的《因萨底经》片段研究……迪拉娜·伊斯拉非尔(58)

翻译中的六种意义简述……热西旦·吾甫(62)

## 文学研究

浅论《鹦鹉的故事》的母体……阿布都外力·克热木(67)

浅谈维吾尔当代文学长篇历史小说的分类及其研究意义……阿不都艾海提·阿不都热西提(72)

伊犁维吾尔民歌歌词及其它的语言特点……哈力木拉提·阿不都热依木(81)

析谈儿童诗歌创作的深思……艾尔肯·达吾提(89)

维吾尔族民间达斯坦母题研究……牙森江·买提尼牙孜(98)

日本民间故事与维吾尔民间故事比较研究……迪拉热·艾拜都拉木(112)

## 法学、历史研究

清文献及乾隆时期新疆自然灾害研究……阿利亚·艾尼瓦尔，马依然·家怕(116)

浅谈阙特勤碑和毗伽可汗碑的历史价值……阿不力克木·库尔班(129)

## 图书馆研究

浅谈在图书馆图书，报纸和杂志管理工作的重要性……哈丽达·艾斯买提(137)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2013-2

ماقالە نومۇرى: 12_001_02(2013) 5878_1005

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا*

ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن يەنى17 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ يەركەن سەئىدىيە خانلىقى(1514 ـ 1682) نى مۇنقەرز قىلىشى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چىڭ سۇلالىسى 1755 ـ يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى، 1759 ـ يىلى جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەرگەن. 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئىسلاھ قىلىپ مەمۇرىي ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىمۇ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تارىخىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. بۇ ماقالىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**清朝统一新疆之前，即 17 世纪 80 年代，叶尔羌汗国被准格尔汗国灭亡，这表示着维吾尔族社会陷于分裂的状态。清朝于 1755 年统一天山以北地区，1759 年统一天山以南地区，结束了维吾尔族社会的长期分裂状态。这对于维吾尔族的社会的发展，发生了重大与深刻的影响。但是清朝官吏和伯克对维吾尔族人民的残酷剥削和压迫，引起了人民群众接连不断的反抗起义。1884 年清朝在新疆建省，使维吾尔族社会的经济，文化事业恢复发展。其结果维吾尔族史学也得到发展，出现了许多历史著作。本文通过维吾尔族社会变化、演变发展分析，对清代维吾尔族史学进行探讨。

**Abstract:** Before unifying by Qing Dynasty (80s of 17th century), after the elimination of Yarkand Khanate, Xinjiang and Uyghur society had been fallen into a state of anarchy. This anarchy had been remained until two unifying activity taken into places by Qing Dynasty respectively in the year of 1755 and 1759. Although the anarchy had been ended and the Uyghur society bloomed for a while, the cruel exploitation and oppression by Qing government officials and Burke aroused a succession of rebel uprising of people toward them. Finally, in the year of 1884, has been provinciated by Qing Dynasty, Xinjiang and Uyghur society welcomed their ever-lasting blooming of society, culture and historiography. By analyzing social evolution of Uyghur society, this paper mainly discusses the history of Uyghur historiography.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K249 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا، قىياپىتىگە، ئالاھىدىلىكىگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ». «تارىخشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتنىڭ

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى ـــ «جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (تەستىق نومۇرى: 08XMZ013) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق(1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تارىخى، مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇناسىۋىتى بىزنىڭ تارىخشۇناسلىقنى تونۇشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىخشۇناسلىقنى تونۇشىمىزنىڭ پاناھگاھى»[1]. تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسى ئادەتتە تارىخشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆپ جەھەتلەردىن كۆزىتىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يېقىنقى مەزگىلدىكى تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق جەمئىيەت بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ بېرىدۇ ياكى تارىختا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق جەمئىيەت بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 1. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقتە قومۇل بوستانلىقىدىن تاكى غەربتە تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا يەركەن سەئىدىيە خانلىقى (1514ـ1682)، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا جۇڭغار خانلىقى (1640ـ1755) مەۋجۇت ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بۆلەككە بۆلۈنۈپ تۇرۇشىدەك سىياسىي ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى، ھەم سۇلتان سەئىدخاننىڭ « ئون يىلغىچە پۇقرالاردىن بىرنەرسە ئالماڭلار، سېلىق سالماڭلار، پۇقرالارمۇ بەرمىسۇن» دېگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋە ئالەمنى قايىل قىلدۇرىدىغان ئىنائەت يارلىقىنى جاكارلىشى»[2]، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزۇپلا قالماي، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىقتا، تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (1499ـ1551) نىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدىي زەيلى» (ياكى«تاۋارىخ») دېگەن كاتتا تارىخىي ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل باشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامان مىللىتىدىن تەرەققىي قىلىپ، زورىيىپ، يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى[3].

ئەمما يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگەن «پەرغانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاجىكلار ئورۇنلاشقان يەرلەردىن كېلىپ چىققان»[4] خوجىلار جەمەتىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى جايلارغا، جۈملىدىن سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىغا سىڭىپ كىرىپ يەرلىشىشى، پەيدىنپەي سىياسىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىشى، ئۇلارنىڭ كېيىن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق مەزھەپلىرىگە بۆلۈنۈپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەپرىقىچىلىك ئېلىپ كېلىشى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى تارباغاتاي ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا يېتىلگەن باش كۆتۈرگەن ئويرات موڭغۇللىرى (غەرب موڭغۇللىرى) 17 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى باتۇر قۇنتەيجى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تەدرىجىي كۈچەيدى. غالدان دەۋرى (1671ـ1697) گە كەلگەندە، جۇڭغارلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان تەپرىقىچىلىك، بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، سىرتتىن ئارىلىشىپ كەلدى. 1678 ـ يىلىغا كەلگەندە يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونلىرى بولغان قومۇل، تۇرپان ۋە

قاراشەھەرنى بېسىۋېلىپ، پۈتكۈل يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنى يۇتۇۋالماقچى بولدى. تاشقى كىرىزىس ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي كۈرەشى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل خان (1670-1682) قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۈلەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجا (1625-1694، ئەسلىي ئىسمى ھىدايىتۇللا خوجا) نى يەركەن سەئىدىيە خانلىقىدىن قوغلاپ چىقاردى. «تەقىپكە ئۇچرىغان ئاپپاق خوجا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىشىچە ھەرخىل چارىلەرنى قوللاندى. ئۇ تىبەتكە بېرىپ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى»، «ئاپپاق خوجا دالاي لامانىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىلىدىكى غالداندىن ئۆزىنىڭ رەقىبى — قەشقەردىكى ئىسمايىلخانغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. غالدان بۇنى پايدىلىق پۇرسەت دەپ بىلىپ، قەشقەرىيەنىڭ ئىچكى ئىشىغا قول تىقتى»[5]، يەنى غالدان مىلادىيە 1680-يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ ساتقىنلارچە يول باشلىشى ۋە ياردىمى بىلەن، 12 تۈمەن موڭغۇل چەۋەندازنى باشلاپ، تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق تارىم ۋادىسىدىكى جايلارغا باستۇرۇپ كىرىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلدى، 1682-يىلى ئاخىرقى پادىشاھ ئىسمايىل خاننى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا كۆچۈرۈپ ئەكەتتى[6]، نەتىجىدە تارىختا 168 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئاپپاق خوجا جۇڭغارلارغا ئېغىر باج-سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن قورچاق خان بولۇپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. «قەشقەر، يەركەن، خوتەن ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدا ئاق تاغلىق ئىشانلارنىڭ قارا تاغلىقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى. يېزىلاردا ۋە يىراق-چەت جايلاردا دىنىي زىيانكەشلىكلەر ناھايىتى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. دىنىي زىيانكەشلىكلەر ئومۇميۈزلۈك ۋە كەسكىن ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى دەرھال ئۇنىڭدىن سىنىپىي زىددىيەت ۋە زۇلۇمىنى ياپقۇچى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تۇردى»[7]. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى نەتىجىسىدە، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى چاك-چېكىدىن بۆلۈنۈپ، ئۇيغۇر تارىخى تارىختا «خوجىلار دەۋرى» دەپ ئاتالغان جاھالەت دەۋرىگە كىردى.

1694-يىلى ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن قارا تاغلىقلار يەركەننى، ئاق تاغلىقلار قەشقەرنى بازا قىلىپ، جۇڭغارلارنى ئۆزىگە باشپاناھ قىلىپ، 1720-يىلىغىچە تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا تەڭ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. جۇڭغار ھۆكۈمران سىنىپلىرى قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىقلاردىن پايدىلىنىشتىن باشقا، يەنە يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى پۇشتىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنىمۇ قولدىن بەرمىدى.

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتقان 73 يىللىق ھەربىي ئىستىبلاسى ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ جۇڭغار مۇڭغۇللىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، چاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ قېلىشىدەك تارىخىي تىراگېدىيەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى[8]. ئالدى بىلەن، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىغا كۆپرەك ئۇچرىغان قومۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەبلىك ئاقسۆڭەكى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ (?-1709) 1697-يىلى چاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشىپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشتەك بىر تەرەپلىمىلىك ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە، چاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ۋە ئىتائىتىگە ئۆتۈپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تېخىمۇ تېز پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1720-يىلى چاڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ۋە پىچاننىڭ ھاكىمبېگى ئىمىن خوجا (?-1777) نىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جۇڭغارلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، قاراشەھەرنىڭ شەرقىدىكى شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى. بۇ ۋاقىتتا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئىسمايىل خاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن خان بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا ئەخمەت خوجا غالدانىنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى، نەتىجىدە جۇڭغارلار ئىككىنچى قېتىم يەنى 1700 ـ يىلى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قوشۇن چىقىرىپ، ئۇنىمۇ يوقاتتى، خوجا ئەخمەت خوجىنى ئىلىغا ئېلىپ كەتتى[9]. ئاق تاغلىقلارنىڭ ساداقىتىدىن ئەندىشە قىلغان غالدانىنىڭ ۋارىسى سىۋاڭ ئاراپتان (1697ـ1727) ئىلىدا نەزەربەنت قىلىنىۋاتقان قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ پىرى دانىيال خوجىنى ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمران سۈپىتىدە قەشقەرىيەگە ئەۋەتتى، دانىيال خوجا جۇڭغارلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئاق تاغلىقلارنى باستۇرۇپ، ئۇلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ۋە جۇڭغارلارغا ئېغىر باج-سېلىق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغارلار قەشقەرىيەنى ئۇنىڭ بەش ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق ئىدارە قىلدى[10]. دېمەك، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 73 يىل جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمىچىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، ھەم ئۇيغۇرلاردىن ئىنتايىن ئېغىر باج-سېلىق ئالدى[11]، ئۇيغۇر خەلقىنى ھەقسىز ئەمگەك قىلىشقا زورلىدى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ، ئۆزلىرىگە يانچى قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىچكى-تاشقى جەھەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان تەپرىقىچىلىك كۈرەشلىرى، سىياسىي سۇيىقەستلىرى تۈپەيلى تېخىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى، ئىجتىمائىي كىرزىس مەدەنىيەت-سەنئەت بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويدى، شۇڭا جۇڭغارلار بىلەن خوجىلارنىڭ قوش ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلاردا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر تارىخىي ئەسەر مەيدانغا كەلمىدى.

## 2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىشى

چىڭ سۇلالىسى بېيجىڭ شەھىرىگە كىرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1646 ـ يىلى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيرات موڭغۇللىرى بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىدى. غالدان دەۋرىدە، جۇڭغار خانلىقى كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىپ، قوشنا قەبىلە ۋە رايونلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، چىڭخەيگە باستۇرۇپ كىردى. 1682 ـ يىلى يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنى يوقىتىۋېلىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غالدانىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق نىيىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بار ئىچكى موڭغۇلىيەگە جايلاشقان خالخا موڭغۇللىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىقىشقا ئۇرۇندى. غالدانىنىڭ قوشنا قەبىلىلەرنى بوزەك تېپىشى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. 1690 ـ يىلى غالدان خالخا موڭغۇللىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىش باھانىسىدە، زور ھەربىي قىسمىنى جەنۇبقا ئاتلاندۇرۇپ، بېيجىڭ شەھىرىگە 700 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگىچە قىستاپ كېلىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تەھدىت سالدى[12]. نەتىجىدە 1690 ـ يىلدىن 1697 ـ يىلغىچە چىڭ سۇلالىسى ئۈچ قېتىم غالدانغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، غالدانىنى ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ قىلدى. شۇندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1745 ـ يىلى غالدان سېرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئالدى، ئاخىرىدا داۋاچى (؟ـ 1759) جۇڭغار خانى بولدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي داۋاچى بىلەن ئامۇرسانا (1723ـ1757) ئوتتۇرىسىدا

ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقىپ، جۇڭغار خانلىقى پارچىلىنىپ كەتتى. ئامۇرسانا ھوقۇق تەماسىدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، بۇنىڭدىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسى 1755-يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا قوشۇن تارتىپ، ئامۇرسانانىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشى بىلەن ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭغارلارنى بىتچىت قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا بولغان مانداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇ يىلى داباچىنى چىڭ سۇلالىسىغا تۇتۇپ بەرگەن ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ھېيلىگەر سىياسىيون خوجىسىبەگ (1710-1781) بىلەن ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاپنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن چىڭ خانلىقى ئىلىدا نەزەربەنتتە تۇرۇۋاتقان ئاپپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولغان ئاكا-ئۇكا بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنى (خان خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلدى ھەمدە بۇ ئىككى خوجىنىڭ تۆرە بولۇپ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ماقۇل بولدى، لېكىن چىڭ سۇلالىسى «بارلىق مۇسۇلمانلار تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئولپانلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ، تاپشۇرۇشقا پەرمان بېرىش»نى شەرت قىلدى[13]. خوجا جاھان خوجا ئىلىدا قېلىپ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارغا مەسئۇل بولىدىغان بولدى. بورھانىدىن خوجا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئىلىدىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ كۈرىشى قايتىدىن باشلىنىپ كەتتى. ئاخىرى قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان رايونلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئارقىسىدا ئامۇرسانا ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۆلەنچۈك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سىياسىي ئاتموسفۇرادىكى پايدا-زىيانىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى، ھەتتا يەركەن قاتارلىق قارا تاغلىقلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى بىر قىسىم تەسىر كۈچىگە ئىگە يەرلىك بەگلەر گۇرۇھىمۇ بۇرھانىدىن خوجىغا ئىتائەت قىلدى، يەركەننىڭ ھاكىمبېگى قادىربەگ، ئىشكئاغا بېگى نىيازبەگ قاتارلىق يەرلىك فېئودال بەگلەرمۇ ئاستىرتتىن بۇرھانىدىن خوجا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قارا تاغلىقلارغا تۈز كورلۇق قىلدى. نەتىجىدە 1756-يىلىغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئۇزاق داۋام قىلغان قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئاخىرى ئاق تاغلىقلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى[14]. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ۋە ئامۇرسانانىڭ قولى ئارقىلىق قېرىندىشى قارا تاغلىقلارنى رەھىمسىزلەرچە قىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلغان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقاندەك بولدى. «ئەمما، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئارقىسىدا، ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرۇۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئۇنى كونترول قىلىپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە خوجا جاھان خوجىنىڭ كۆزلەيدىغىنى مىللەت ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئىدى[15].

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى، 1755-يىلى ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىدىن كۆزلىگەن مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئىلىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتەردى، ئىلىدا تۇرۇۋاتقان خوجا جاھان خوجا بۇ ئىسيانغا يېقىندىن ئىشتىراك قىلدى. نەتىجىدە چوڭ-كىچىك خوجىلار، ئاق تاغلىقلارنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئوچۇق ئاشكارىلىدى. ئامۇرسانا ئىسيانى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، خوجا جاھان خوجا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كېلىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. بىراق بۇرھانىدىن خوجىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە مايىللىقى ۋە يەرلىك بەگ-تۆرىلەرنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىكى ئۇنىڭ كونترول قىلىش كۈچىنى پەقەت قەشقەر ۋە يەركەن بىلەنلا چەكلەپ قويدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردىكى يەرلىك ھېيلىگەر بەگ-تۆرىلەرنىڭ[16] كۆپچىلىكى يەنە بىر قېتىم سىياسىي ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ،

www.uyghurkitap.com



چىڭ سۇلالىسى بىلەن مەخپىي ياكى ئاشكارە تىل بىرىكتۈرۈپ، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارغا قارشى سەپتە تۇردى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى 1757 ـ يىلى ناھايىتى تېزلا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئامۇرسانا ئىسيانىنى تىنجىتىپ، 1757 ـ يىلىدىن 1759 ـ يىلىغىچە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ تىكلىدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىلىنى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلىپ بېكىتىپ، 1762 ـ يىلى ئىلىدا پۈتكۈل شىنجاڭنى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىدارە قىلىدىغان «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى، بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

## 3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىلىدا «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى»نى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان «قەشقەر، يەركەن، يېڭىسار، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، پىچان قاتارلىق جايلاردا‹ئىش بېجىرگۈچى ئامبال›ياكى‹لەشكەر بېشى ئامبال›لارنى تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، بۇ ئىش بېجىرگۈچى ياكى لەشكەر بېشى ئامباللار قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ بىرتۇتاش تىزگىنلىشىدە ئىدى، ئىلى جياڭجۈنى بولسا شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى ئىدى »[17]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەگلىكلەرنى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى باشقۇردى[18]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى بەگلىك تۈزۈمىگە قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ۋارىسلىق قىلىشنى تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، بەگلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا چەك قويدى ياكى ئاجىزلاشتۇردى، ئۇيغۇر ھۆكۈمران سىنىپلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، بالدۇر ئىتائەت بىلدۈرگەن، ساداقەت كۆرسەتكەن قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى فېئودال بەگلەرگە مەرتىۋە بېرىش تۈزۈمى(ۋاڭلىق تۈزۈم)نى يولغا قويۇپ، ئۇلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلارنى بەردى. سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيەسىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى، شەكلى ئىچكى رايوندىكىگە ئوخشاش بولغان يارماق پۇللارنى تارقاتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى جۇڭغارلار دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئىلغار ئىدى، لېكىن چىڭ گاۋزۇڭ (چەن لوڭ پادىشاھ) گەرچە جۇڭغارلاردىن ياخشىراق بىر قىسىم تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەدبىرلەر ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرى قاتلام سىنىپلارغا پايدىلىق، ئادەتتىكى پۇقرالارغا زىيانلىق ئىدى»[19]، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلقى ھەم يەرلىك بەگلەرگە ئالۋان ـ سېلىق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ھەم چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سېلىق تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە يەنى 1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا مەمۇرىي ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغان ۋاقىتلارغىچە، ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشكە ئۇچراپ كەلدى. شۇڭا كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بولغان يەرلىك فېئودال بەگلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلمىغا ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە قارشى قوزغىلاڭلىرى، قوراللىق كۈرەشلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. مەسىلەن: «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى»قۇرۇلۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنى1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ «جىگدە يېغىلىقى»، ئۇنىڭدىن ئەللىك يىل كېيىن يەنى 1815 ـ يىلى قەشقەردە «زىياۋۇدۇن ۋەقەسى»، 1820 ـ يىلىدىن 1828 ـ يىلىغىچە «جاھانگىرخوجا يېغىلىقى»، 1847 ـ يىلىدىن1857 ـ يىلىغىچە«يەتتە

خوجا يېغىلىقى»، 1857- يىلى«كۇچار دېھقانلار قوزغىلىڭى» يۈز بەردى، يەتتە يىلدىن كېيىن، 1864- يىلى كۇچار، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى زور كۆلەمدىكى قوراللىق قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل-كېسىل بىت-چىت قىلىندى، 1865- يىلىدىن1878- يىلىغىچە بەدۆۋلەت خانلىقى مەۋجۇت بولدى ۋە باشقىلار.

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك فېئودال سىنىپىنىڭ كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قۇللۇق ئاسارىتىدە ئىنتايىن بىچارە ياشاپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلمىدى. پەقەت ئۆلىمالار، مۇددەرىسلەر، تەزكىرەشۇناسلار بىر قىسىم تەزكىرىلەرنى، جەڭنامىلەرنى، تارىخىي داستانلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. مەسىلەن، موللا مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي (1725\1726-1849) مەخدۇم ئەزەم ۋە قەشقەر خوجىلىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» (1768-1769) ناملىق تارىخىي تەزكىرىسىنى يازغان بولسا، خوتەنلىك تارىخچى موللا نىياز(1777 / 1778 - ؟) 1797- يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن يۇسۇپ قادىرخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ماۋرائۇننەھىر رايونىدىن كەلگەن ئىمام نەسىردىن باشلىق تۆت ئىمامنىڭ نەسەبنامىسى ۋە خوتەنگە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش جەريانىغا بېغىشلانغان «تەزكىرەئى تۆرت ئىمام زەبىھۇللا» دېگەن تارىخىي داستانىنى يازغان؛ قاسىمى 1779- يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۇرۇشلىرىغا بېغىشلانغان «تەزكىرەئى ئارسلانخان» دېگەن تارىخىي داستانىنى يازغان؛ مۇھەممەت ئابدۇل ئېلى قەشقەرى 1800- يىلى، ئاتۇشنىڭ قوڭراقتا ياشاپ ئۆتكەن مۆتىۋەر ئالىم ھەزرەت موللامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن «تەزكىرەئى ھەزرەت موللام»دېگەن قىسسەنى يازغان؛ مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى 1893- يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن تارقالغان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان«تەزكىرەئى تۇررەشاد» دېگەن نەزمى شەكىلدىكى تارىخىي ئەسىرىنى يازغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئەسەرلەر گەرچە ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئېتىقاندا دىنىي مەزمۇندىكى ياكى ئىسلام دىنى مۇھىتىدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تارىخىي ئەسەرلەر ياكى تارىخىي تەزكىرىلەر ئاساسەن مەيدانغا كەلمىگەن. رۇسىيەلىك مەشھۇر تۈركولوگ ۋ. ۋ. بارتولد مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تارىخىي ئەسەرلەر ئۈستىدە توختىلىپ، «18-ئەسىردىن باشلاپ بۇ رايوندا ئەدەبىي تىل تۈركىي تىل بولۇپ كەلدى، لېكىن بەك ماختىغۇدەك ئەسەرلەر مەيدانغا چىقمىدى»دەپ يازىدۇ[20].

پەقەت چىڭ سۇلالىسى 1878- يىلى بەدۆۋلەت خانلىقىنى يوقىتىپ، 1884- يىلى شىنجاڭدا مەمۇرىي ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، بىرقەدەر يۇمشاق سىياسەت يۈرگۈزۈشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى بىر مەزگىل تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئېرىشىپ، خەلق بىر قەدەر خاتىرجەم ياشىدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت مەلۇم جەھەتتە ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. لېكىن بۇ خىل ۋەزىيەت ئۇزۇنغا بارمىدى. موللا مۇسا سايرامى ياشىغان دەۋرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ «مەنسەپدارلىرى يەنە ئىنساپتىن ۋاز كېچىپ، ئادالەت سىياسەتلىرىنى ئۇنتۇغاقلىق تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپ، زۇلۇملىرىنى لەھزە - لەھزە كۈچەيتتى. بىچارە جاپاكەشلەرنىڭ كۆز ياشلىرى يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى»[21].

www.uyghurkitap.com



چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى بىر يېرىم ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرۇشى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەت شىنجاڭ رايونىدىكى مەمۇرىي تۈزۈلمىسىدىكى ئىسلاھاتى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىدى ھەم ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى»[22]. بۇ بىر دەۋر يەنىلا كەڭ ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسى، چەتئەل جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بولغان يەرلىك فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمىنىڭ قوش ئاسارىتىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىشكە ئۇچراپ، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋر بولدى. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك تارىخچى مەھمۇت ئەلەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ «خوتەن تەزكىرىسى» (1894 ـ يىلى) دېگەن ئەسىرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، «چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، شىنجاڭدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ‹جان پۇتۇگى›، ‹چوقا بېشى›، ‹خان پۇلى›، ‹يەر پۇلى›، ‹قونالغۇ›، ‹ئوت پۇلى›، ‹يايلاق بېجى›، ‹پۇقرالىق›، ‹باسقاق-چىرىكلىك›، ‹ھوجدارلىق› (دېن يىققۇچى ئەمەلدارنىڭ سېلىقى)، ‹مىراپلىق›(سۇ ھەققى)، ‹غەللە›، ‹باج›، ‹پالە›، ‹تاپان ھەققى›، ‹چاي›ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان 65 تۈرلۈك ئالۋان-سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنغان. . . ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتمۇ- قات تالان ـ تاراج قىلىنىشلار سەۋەبىدىن خەلق تولىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن، ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىم، قورسىقى تويغۇدەك تائام كۆرمەي، ئات-كالىلار بىلەن بىر ئورۇندا يېتىپ-قوپۇپ، ئىنتايىن كۈلپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن»[23].

## 4. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى

ئۇيغۇرلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي تىل-يېزىقىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، 1864 ـ يىلىدىن 1878 ـ يىلىغىچە يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسىي داۋالغۇشلار ۋە قوراللىق قوزغىلاڭلارنىڭ نەتىجىسىدە«بۇ دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئورتاقلىقى ئۇيغۇرلاردا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، ئۇنىڭ فېئوداللىق ئەنئەنىۋى قاراشلارغا قارشى دەسلەپكى كۈرەش سەھنىسىگە چىققانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى سۈپىتىدە ئويغىنىش-مەرىپەتچىلىك ئىدىيەلىرى شەكىللەندى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن سۈرگۈن قىلىنغان خۇڭ لياڭجى، لىن زېشۈي قاتارلىقلارنىڭ جاھانگىرلىك ۋە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى دېموكراتىك روھى شىنجاڭدا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر مۇنچە ئىلغار كىشىلىرى (مەسىلەن، ئەھمەد دانىش، ئاباي قۇنانبايېۋ، توقتوغۇل ساتىلغانوۋ، تۇردى ئاخۇن غەربىي)ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى، ھىندىستان ۋە رۇسىيەنى كېزىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال ئەينى زامان ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان ئوتتۇرا ئەسىرچىلىك ئاسارىتىگە قارشى دېموكراتىك پىكىر يېڭىلىقلىرىنى بايقاشقا، نەزەر دائىرىسىنى ئېچىشقا تۈرتكە بولدى»[25]. بۇ دەۋرنىڭ تارىخىي قايناملىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتى، پەلسەپە ئىدىيەسى، ئەدەبىيات ۋە تارىخ ساھەلىرىدە ئىجابىي ۋە ئىلغار ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن، ئىلغار پىكىرلىك، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى بولغان مۇنەۋۋەر ئىلىم ئەھلىلىرى پائالىيەت قىلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزلىرى ھەققىدە، بۇ ئانا تۇپراقتا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ۋە قان تۆكۈشلەر، خوجا-ئىشانلار، ھۆكۈمران بەگ ـ تۆرىلەر، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىي تەقدىرى ھەققىدە ئىلگىرىكىدىن چوڭقۇر

ئويلىنىدىغان ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولدى. بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىلگىرىكى دەۋردىكىدىن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆپچىلىك ئەسەرلىرى چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلدى. يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي ئەسەرلەرنى، تەزكىرە-قىسسەلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش دولقۇنى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تارىخ، ئەدەبىيات، كالام-دەستۇر، تېبابەتچىلىك، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلار بارلىققا كەلدى. بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۈزگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردە: «مۇسۇلمانلارنىڭ[26]‹تارىخ›دەپ ئاتىلىدىغان كىتابى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تارىخ كىتابلىرىغا ئوخشىشىدۇ، ئوقۇش كىتابى‹ئېلىپبە›دەپ ئاتىلىدۇ، دىنىي كىتابى‹قۇرئان›دەپ ئاتىلىدۇ، تېبابەتچىلىك كىتابى‹تېۋىپ كىتابى›، يېزا ئىگىلىكى توغرىسىدىكى كىتاب‹رىساله›دەپ ئاتىلىدۇ، پالچىلىق كىتابى‹رۇزنامە›دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە يۈز خىل كىتابلىرى بار»[27] دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق كىتابنىڭ7-جىلدىدىمۇ:«مۇسۇلمانلار يېزىقىدا يېزىلغان تىببىي كىتاب، پالنامە، ئاب-ھاۋاغا ئائىت كىتابلار، بۇرۇنقى دورىلار خاتىرىلەنگەن كىتابلار، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن كىتابلار بار»دېيىلگەن.

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە، ئۇيغۇرلار گەرچە ياۋروپادا يۈز بەرگەن سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشتىن تولىمۇ يىراق تۇرسىمۇ، ياۋروپا ۋە شىمالدىكى قوشنىسى رۇسىيەلەردە ئاللىقاچان ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقاتلار قانات يېيىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى، تارىخىي خارابە ئىزلىرى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخىي كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيەت-سەنئىتى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادىتى، ئىگىلىك فورماتسىيەسى ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق ساھەلىرى ھەققىدە رۇسچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە، فىرانسۇزچە، شىۋېتچە قاتارلىق تۈرلۈك تىللاردا بىر يۈرۈش ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، خەلقئارادا «ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى» مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇيغۇرلار ياۋروپادىكى زامانىۋىلىشىش دولقۇنىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيالاردىكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ، ئەنگلىيە، رۇسىيەلەرنىڭ شىنجاڭغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشى جەريانىدا يۈز بەرگەن غىدىقلاشلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە «تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى»، «ئەجەنبىيلىك ھەرىكىتى»، «ۋۇشۇ يىللىرىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش»قاتارلىق ئىچكى رايونلاردا يۈز بەرگەن ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئۆز ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىلگىرىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارىچە كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى. نەتىجىدە شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر تارىخچىلار، مۇتەپەككۇرلار، مۇددەرىسلەر، يازغۇچىلار ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن پەرقلىق ھالدا ئۆزلىرى ۋە ئۆز تارىخى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ ئۆز دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي، تارىخىي مەسىلىلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن تارىخىي ئەسەر، تەزكىرە، قىسسە، داستان ياكى ۋاقىئەنامەلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ: تارىخشۇناس، ئالىم، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى(1724-1849) چىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا داۋاملىق تارىخ تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەخدۇم ئەزەم، ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان«تەزكىرەئىي خوجاكان»دېگەن ئەسىرىنى، 1844- يىلى تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇ ھەقتىكى دەلىلشۇناسلىق ئەسىرى «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھف»ناملىق تارىخىي تەزكىرىسىنى، 1846-يىلى ئەرەپ تارىخچىسى

www.uyghurkitap.com



تەبەرىنىڭ دۇنيا تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بايان قىلىنغان توت توملۇق«تاۋارىخى تەبەرى»دېگەن ئەسىرىگە ئاساسەن«تارىخى ئىسكەندىرىيە ۋە تاجىنامەئىي شاھى»[28]دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. خوتەنلىك مۇزىكانت، مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىسى موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا(مۆجىزى) 1854-يىلى، قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردىن ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تاكى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئۇيغۇر مۇقامى، مۇقامچىلىرى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا بېغىشلانغان «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى؛ تۇردى نازىم (تۇردۇش ئاخۇن) غەرىبىي(1802-1862) 1841-يىلى ئىككى بۆلۈم، 13بابتىن تەركىب تاپقان «كىتابى غەرىب»دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر رايونىدىكى 32 خىل قول سانائەتنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنى نەزمە شەكلىدە بايان قىلىپ بەردى[29]. بۇ ئەسەر نۆۋەتتە 19-ئەسىر ئۇيغۇر قول سانائىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېزا ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ؛ موللا ئابدۇغاپپار 1847-، 1848-يىللىرىدىكى يەركەن ھۆكۈمرانى باھادىرخانغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئاتۇش خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان» دېگەن ئەسىرىنى يازدى؛ تارىخچى موللا شاكىر(1805-1870) 1866-يىللىرى، 1864-يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتىغا بېغىشلانغان «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىنى يازدى، تارىخچى مۇغەننى 1875-1876-يىللىرى شۇنداقلا 1864-يىلىدىن 1878-يىللىرىغىچە داۋاملاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭلىرى تەسۋىرلەنگەن «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىنى يازدى؛ تارىخچى موللا ھاجى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانلىرىدىن سۇتۇق، ھەسەن، شەھىد ئارسلانخان، يۈسۈپ قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ ۋە توت ئىمامنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، خوتەندە ئىسلامنى تارقىتىش ئۈچۈن قىلغان ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە جەڭلىرى تەسۋىرلەنگەن «تەزكىرە تۇل بۇغراخان» دېگەن ئەسىرى بىلەن «جەڭنامە ھەزرىتى روسۇل ئەلەيھىسسالام» دېگەن ئەسىرىنى يازدى؛ 1876-يىلى تارىخچى موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈف (1824-1899) 1864-يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە شۇ ئاساستا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلى سۇلتانلىقى تارىخىغا بېغىشلىغان «كىتابۇلغازات دەرمۈلكى چىن» (چىن مەملىكىتىدىكى مۇقەددەس جەڭ) دېگەن ئەسىرىنى، موللا ياقۇپ ئۆمەر ئوغلى 1883-يىلى «تەزكىرەتۇل ھىدايەت» دېگەن ئەسىرىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەنلىك تارىخچى مەھمۇت ئەلەم 1894-يىلى «خوتەن تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىنى، موللا مىرسالىھ قەشقەرى«چىڭگىزنامە»(تارىخىي قەشقەر)دېگەن ئەسىرىنى، ھاجى يۈسۈپ 1907-يىلى «جەمئىتىل تارىخ» دېگەن ئەسىرىنى، يېقىنقى زامان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخى ئالىمى موللا مۇسا سايرامى 1885-يىلى «تەزكىرە تۇلئەۋلىيا»، 1898-يىلى «دەر بەيانى ئەسھابۇلكەھىف»، 1903-يىلى «تارىخى ئەمنىيە»، 1908-يىلى «تارىخى ھەمىدىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان مەنزىرىسىگە ۋەكىللىك قىلدى، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ تارىخ دېگەن نېمە، ئۇ نېمىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى قانداق، ئۇ قانداق ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ۋە رولغا ئىگە دېگەن مەسىلىلەرگە بىرقەدەر تولۇق ۋە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، 19-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنى 20-ئەسىرگە ئۇلاپ بەردى.

بۇ دەۋردە يەنە نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن: بىناقىتىنىڭ پارسچە «تارىخى بىناقىت» ناملىق ئەسىرى «تارىخى غەزنەۋى» دېگەن نام بىلەن تەرجىمە قىلىنغان؛ قەشقەرلىك موللا مۇھەممەت

تۆمۈرى خاكسار 15- ئەسىردە ئۆتكەن پارس ئەدەبىياتچىسى مەۋلانە ھۈسەيىن بىننى ئەلۋائىزكاشىفىنىڭ «مۇخسەندى» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان؛ يەركەنلىك مىرپازىل موللا كىچىك 15- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پارس تارىخچىسى خاۋەندى شاھ مىر خۇئەندى يازغان دۇنيا تارىخىغا بېغىشلانغان«گۈلىستان» نى تەرجىمە قىلغان؛ 14- ئەسىردە رابغۇزى تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» پوسكاملىق موللا ئابدۇشۈكۈر تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەركەنلىك موللا يۈسۈپ ياركەندى پارس شائىرى ئابدۇراھمان جامىينىڭ «يۈسۈپ-زۇلەيخا» داستانىنى تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا 1541- يىلىدىن1546- يىلىغىچە مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» مۇ دىسلەپتە مۇھەممەت سادىق قەشقەرى تەرىپىدىن، كېيىن يەنە 1847- يىلى مۇھەممەت نىياز بىننى ئابدۇغۇپۇربەگ تەرىپىدىن خوتەندە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان[30]، پارس يازغۇچىسى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»دېگەن تارىخىي داستانى يەركەنلىك پازىل ھاشىم ياركەندى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق ئەسىرى «مىڭ بىر كېچە» ئاقسۇلۇق مۇھەممەت ئابدۇللاخان تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىقى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تارىخچىلار قوشۇنىنىڭمۇ ئىلگىرىكى دەۋردىكىدىن كۆپ زورايغانلىقىنى، تارىخىي ئەسەرلەرنىڭمۇ ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، تارىخشۇناسلىق قارىشى، تارىخشۇناسلىق تەتقىقات مېتودولوگىيەسى ۋە تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىدە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە يېڭىلىق يارىتىش، خوجا-بەگلەرنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئاۋام خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراشتەك يېڭىچە يېقىنقى زامان تارىخشۇناسلىقىمۇ تەدرىجىي شەكىللىنىۋاتقان دەۋرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ياپونىيەلىك تارىخىي ھۆججەتشۇناس خامادا ماسامى(Hamada Masami) چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل يېڭى تارىخشۇناسلىق ھەققىدە توختىلىپ:«ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە ناھايىتى ئاز خاتىرىلەرنى يازغان تۈرك سىستېمىسىدىكى بۇ يەرلىك ئاھالىلەر، بۇ دەۋردە بىردىنلا خېلىلا كوپ ساندىكى خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى، بۇ خاتىرىلەردە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتى يېزىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇرۇندىن تارتىپ كىشىلەرگە ئانچە ئېنىق بولمىغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيەسىمۇ يېزىلىپ، بەزىدە ئۇ يەردىكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسىم تەرەپلىرىنىمۇ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بەردى»[31] دەپ ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى يازغان.

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە كۆپ ئويلانغان بىر دەۋرى بولدى، شۇڭا ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئانچە كۆپ تارىخنامىلەرنى يازمىغان بۇ خەلق بۇ دەۋردە ناھايىتى كۆپ تارىخىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، بۇ ئە 19- ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن سىياسىي داۋالغۇشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنە شۇنى ئالاھىدە دېيىشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ دەۋردە يېزىلغان مەيلى تارىخىي ئەسەرلەر بولسۇن ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسۇن ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئەرەب ياكى پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن تەدرىجىي تاشلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بىر ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ئۇچۇن ئېيتقاندا ھەقىقىي تارىخشۇناسلىق ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] 瞿林东著：《中国史学史纲》，北京出版社，1999年，第89页，第94页。

www.uyghurkitap.com



[2] [6] [9] [21]موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986ـيىلى، 124ـ، 130ـ، 131ـ132ـ، 635ـبەت.

[3]魏良弢：《叶尔羌汗国史纲》，黑龙江教育出版社，1994年，第一章，导言。

[4] [20] ۋ. ۋ. بارتولد(روسىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010ـيىلى، 373ـ، 374ـبەت.

[5] ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»(ھەكىمە ئەرشىدىن تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـيىلى، 145ـ، 148 بەتلەر.

[29] [7]لىيۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»بىرىنچى قىسىم(2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987ـيىلى، 821ـ، 1080 ـ بەت.

[8] 佐口透著（日），凌颂纯译：《18_19世纪新疆社会史研究》，新疆人民出版社，1983年，第1页。

[10] گاۋىن ھامبلى(ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008ـ يىلى، 253ـ بەت.

[11]（日本）佐口透：«18_19 世纪新疆社会史研究», 上，凌颂纯译，新疆人民出版社，1983 年，第 31 页。

[12] 周一良主编：《清朝简史》，福建人民出版社，1997年，第52页。

[13]《平定准噶尔方略》前编卷32（参见《维吾尔族简史》编写组：《维吾尔族简史》，新疆人民出版社，1989年，第172_173页）

[14]（日）佐口透著，凌松纯译：《18_19世纪新疆社会史研究》，新疆人民出版社，1983年，第38页.

[15]（日）佐口透著，凌松纯译：《18_19世纪新疆社会史研究》，新疆人民出版社，1983年，第38页.

[16] مەسىلەن: قومۇلدىكى يۇسۇپ، لۈكچۈندىكى ئىمىن خوجا ئاتا ـبالا، كۇچاردىكى مىرزا ھادى، ئۇچتۇرپاندىكى خوجىسبەگلەر چىك سۇلالىسىنىڭ چوڭ ـكىچىك خوجىلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىدىكى يەرلىك مىللەتتىن بولغان ئاساسلىق ئىتتىپاقچىلىرى ئىدى.

[17] 冯家昇、程溯洛、穆广文编著：《维吾尔族史料简编》下册，民族出版社，1981年，第268页。

[18] 周一良主编：《清朝简史》，福建人民出版社，1997年，第59页。

[19] 冯家昇、程溯洛、穆广文编著：《维吾尔族史料简编》下册，民族出版社，1981年，第282页。

[22] 新疆社会科学院民族研究所：《新疆简史》第2册，新疆人民出版社，1980年，第251页

[23] ۋاھىتجان غوپۇر، ئىسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987ـ يىلى، 1020ـ 1021ـ بەتلەر.

[24] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى، 385 ـبەت.

[25] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى(ئومۇمىي بايان)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997ـ يىلى، 329 ـ 330ـ بەت.

[26] چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ بولۇپمۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار«خۇيبۇ»(回部)ياكى «خۇيجاڭ»(回疆)دەپمۇ ئاتىلاتتى، بۇ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى«خۇيخې»(回纥)ياكى«خۇيگۇ»(回鹘)دەپ ئاتىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

[27]《维吾尔族简史》编写组:《维吾尔族简史》，新疆人民出版社，1989年，第190页。

[28] ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىدىن يۇنۇس تاجىبەگ بىننى ئىسكەندەربەگ تەشەببۇسچى بولغانلىقتىن، ئەسەرنىڭ نامى ئۇنىڭ نامى بىلەن «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامەئىي شاھى»دەپ ئاتالغان.

[30] 热扎克·买提尼亚孜主编：《西域翻译史》，新疆大学出版社，1994年，第229页。

[31]（日）滨田正美：《19世纪维吾尔历史文献导言》，《世界民族》，1985年，第6期，第40页。

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 11_013_02(2013) 5878_1005

# تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى ھەققىدە*

زۇلھايات ئىسمائىل

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە جۇڭگو بىلەن تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىق ئالاقىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈركىيەنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ، تىل-يېزىق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەردە ئېلىپ بارغان دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى جەھەتتىكى ئەھۋاللار بىرقەدەر ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلدۇ.

**摘要**：该论文围绕着加强中国与土耳其各界实际合作交往，比较全面地阐述了土耳其的主要情况以及社会，经济，教育，语言文字与社会生活方面所进行的世俗化改革。

**Abstract:** This article discusses on more strengthen the practically cooperate between China and Turkey in every fields, lights up more comprehensive the main condition and the secularization reform at the field of society, economy, education, language, and social life of Turkey.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D73 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. جۇڭگو بىلەن تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق تەرەققىياتى

جۇڭگو بىلەن تۈركىيەنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، تارىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «قەدىمكى يىپەك يولى» جۇڭگو بىلەن تۈركىيەنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ كەلگەن. «قەدىمكى يىپەك يولى» جۇڭگونىڭ قەدىمكى پايتەختى چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھازىرقى ئىران ۋە ئىستانبولنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن. ئىستانبول «قەدىمكى يىپەك يولى» نىڭ غەربتىكى ئاخىرقى نۇقتىسى، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى بولغان. 1971- يىلى 8- ئايدا، جۇڭگو بىلەن تۈركىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بېرى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇشلۇق راۋاجلىنىپ، ھەر ساھەدىكى ئالاقە - ھەمكارلىقى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو- تۈركىيەنىڭ ئالاقىسى كۈچىيىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك كۆڭۈل بۆلدى، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ دوستانە باردى-كەلدىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى جيا چىڭلىن 2008- يىلى تۈركىيەدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. 2009- يىلى تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئابدۇللا گۇل دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلىتىمىزدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى ھەم سودا سۆھبىتىگە قاتناشتى. 2010- يىلى 9- ئايدا، جۇڭگو خەلق

---

*بۇ ماقالە 2013 -يىلى 3- ئاينىڭ 10-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر ئىجتىمائىي پەن-تەتقىقات بازىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا گېئوپولىتىكا تەتقىقات مەركىزى» خېرىدار چاقىرغان چوڭ تۈر «تۈركىي تىللىق دۆلەتلەرنىڭ مىللەت دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سىياسىتى توغرىسىدا تەتقىقات»(تۈر نومۇرى: 12XJRCGA0003)نىڭ ـ تۈركىيە توغرىسىدىكى باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: زۇلھايات ئىسمايىل (1978- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، جەمئىيەتشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ھاۋا ئارمىيەسى تەكلىپكە بىنائەن تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە مانېۋىرغا قاتناشتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا زۇڭلى ۋېن جىباۋ تۈركىيەدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇپ، كۆپ تۈرلەر بويىچە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. 2012 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شى جىنپىڭ تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئابدۇللا گۈلنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تۈركىيەدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو ـ تۈركىيە سودا ھەمكارلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. 4 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جىباۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۈركىيە زۇڭلىسى ئەردوئان 8 ـ ئاپرېلدىن 11 ـ ئاپرېلغىچە ئېلىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولدى. ئەردوئان بۇ قېتىمقى زىيارىتىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن زۇڭلىسى، دىپلوماتىيە مىنىستىرى، ئىقتىساد مىنىستىرى، مەدەنىيەت ـ ساياھەت مىنىستىرى، قاتناش مىنىستىرى، ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرى قاتارلىق مۇھىم ئەربابلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلدى. زىيارەت مەزگىلىدە ئىككى دۆلەت «يادرو ـ ئېنېرگىيە ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىككى تەرەپ يەنە بىر قاتار سودا كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زۇڭلى ئەردوئان «تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىر جۇڭگو سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى خالايدۇ» دېدى. 2013 ـ يىلى 18 ـ يانۋار تۈركىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى كامال قىلىچ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جۇڭگو شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ چۈنشەن 18 ـ يانۋار ئۈرۈمچىدە جۇڭگو شىنجاڭدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان تۈركىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى كامال قىلىچ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە كامال قىلىچ ئوغلى جۇڭگو ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن، جۇڭگو رايون ۋە دۇنيا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم گەۋدىلىك تۆھپە قوشىدۇ. تۈركىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر خەلق پارتىيەسى بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقىنى قوللايدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. تۈركىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن دېدى. 18 ـ يانۋار چۈشتىن بۇرۇن تۈركىيە جۇمھۇرىيەتچىلەر خەلق پارتىيەسىنىڭ رەئىسى كامال قىلىچ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەئىس كامال قىلىچ ئوغلىغا پەخرىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى بەردى.

جۇڭگو سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو ـ تۈركىيە ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى 2009 ـ يىلى 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا، 2010 ـ يىلى 15 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، 2011 ـ يىلى 18 مىليارد 740 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ، جۇڭگو تۈركىيەنىڭ بىرىنچى چوڭ ئىمپورت دۆلىتى بولۇپ قالدى. تۈركىيە جۇڭگونىڭ گېرمانىيە، رۇسىيەدىن كېيىنكى ئۈچىنچى سودا شېرىكىگە ئايلاندى. 2011 ـ يىلى تۈركىيەگە ساياھەتكە بارغان جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ 2009 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 66% ئېشىپ، تۈركىيە جۇڭگونىڭ مۇھىم ساياھەت دۆلىتى بولۇپ قالدى.

جۇڭگو ـ تۈركىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، پائال كېڭەيتىش ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىنى تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو بىلەن تۈركىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى 2012 ـ يىلى بىلەن 2013 ـ يىلىنى جۇڭگو ـ تۈركىيە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يىلى قىلىپ بېكىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقىنىڭ دوستانە تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى سورۇن هازىرلىدى.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇهىم تۈگۈنلۈك ۋە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلدى. 2011- يىلى جۇڭگو جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايرىم-ئايرىم هالدا، شاڭخەي-ئۈرۈمچى-ئىستانبول، بېيجىڭ - ئۈرۈمچى - ئىستانبول هاۋا لىنىيەسىنى رەسمىي ئاچتى. هاۋا لىنىيەسىنىڭ بىۋاستە ئېچىلىشى «قەدىمىي يىپەك يولى»دا ئەڭ يېقىن هاۋا لىنىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو- تۈركىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئالاقىسى بىلەن ساياهەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 2011-يىلىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو-ئاسىيا-ياۋروپا يەرمەنكىسىدە ئۈرۈمچى ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) بىلەن تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇر سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى ئىستراتېگىيەلىك هەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپ ئۈرۈمچىدە تۈركىيە سانائەت باغچا رايونى قۇرۇشنى پىلانلىدى. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەهەتتە، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى كۆپ قېتىم تۈركىيەگە بېرىپ ئويۇن قويدى. 2011- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە «جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى نادىر ئەسەرلىرى» نى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش هەمكارلىق تۈرىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇ هەمكارلىق تۈرى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «ئۈچ پادىشاهلىق هەققىدە قىسسە» قاتارلىق داڭلىق قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تۈركىيە خەلقىگە تونۇشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا پۇختا قەدەم بېسىلدى.

## 2. ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك، سىغدۇرۇشچان، زامانىۋى جەمئىيەت

### 1) ئالاهىدە جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە مىللىي قۇرۇلمىسى

تۈركىيە جۇمهۇرىيىتى قىتئە هالقىغان دۆلەت، يەر كۆلىمى 780 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە %3 زېمىنى ياۋروپا قىتئەسىگە، %97 زېمىنى ئاسىيا قىتئەسىگە جايلاشقان. تۈركىيەنىڭ شىمالىي چېگرىسى قارا دېڭىزغا، جەنۇبىي ئوتتۇرا دېڭىزغا، شەرقىي جەنۇبى ئېگەي دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ هەم گىرۇزىيە، رومىنىيە، ئەزەربەيجان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە، گىرېتسىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاناتولىيە ئېگىزلىكى جۇغراپىيەلىك قۇرۇلما جەهەتتە تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە رايونىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، تۈركىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %97 نى ئىگىلەيدۇ. تۈركىيە ياۋروپا-ئاسىيا قىتئەسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، قارا دېڭىزدىن ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بوسفور بوغۇزىغا بارىدىغان تۈگۈن بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇهىم. تۈركىيەنىڭ دېڭىز قىرغىقى 8272 كىلومېتىر بولۇپ، غەربىي ئاسىيادىكى دېڭىز قىرغىقى ئەڭ ئۇزۇن دۆلەت هېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 72مىليون 560 مىڭ بولۇپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى. تۈركلەر تۈركىيەدىكى ئاساسىي مىللەت هېسابلىنىدۇ، تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىدە %98 دىن ئارتۇق ئاهالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۈننىي مەزهەپتىكى مۇسۇلمانلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، شىئە مەزهېپىدىكىلەر %10 نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى كورتلار ۋە ئەرەبلەر.

### 2) ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەهۋالى

تۈركىيەنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائىتى مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە، سانائەتتە ئاساسلىقى يېنىك سانائىتى يەنى توقۇمىچىلىقى بىلەن يېمەك - ئىچمەك سانائىتى تەرەققىي قىلغان. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئىشقا ئورۇنلىشىش كەسىپ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، مۇلازىمەت كەسپى %47.5 نى، يېزا ئىگىلىكى %33.5 نى، سانائەت %18.9 نى ئىگىلىگەن. 2002- يىلىدىن بۇيان، تۈركىيە ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 2010- يىلى تۈركىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى %8.9 كە يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 12 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. تۈركىيە نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە دۇنيادا 16 ـ ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي چوڭ گەۋدىگە ئايلاندى، ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

**3) ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك، سىغدۇرۇشچان زامانىۋى جەمئىيەت**

تۈركىيە سەپىرىدىن ھازىرقى زامان تۈركىيەنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلەشكەن، سىغدۇرۇشچان جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تۈركىيەدە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان مەنزىرىسىنى ھەر ۋاقىت ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تارىخىي خارابىلىقلار بىلەن زامانىۋى قۇرۇلۇشلار گىرەلىشىپ تۇرىدۇ، تۈركىيە كىشىلەرگە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋىلىكنىڭ، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ بىر دۆلەت ئىچىدە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

## 3. تۈركىيەنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات يولى

**1) ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى**

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكىسى ئوسمان ئىمپېرىيەسى بولۇپ، ئۇنى قۇرغۇچىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە كۆچۈپ بارغان تۈرك قەبىلىلىرى ئىدى. ئۇلار 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىق ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپاغا كېڭىيىپ چوڭ ئىمپېرىيەگە ئايلانغان. ئوسمان ئىمپېرىيەسى 600 نەچچە يىل (1299ـ1922) دەۋر سۈرگەن، 16 ـ ئەسىردە تازا گۈللەنگەن بولۇپ، شۇ دەۋردە ياۋروپا ـ ئاسىيا، ئافرىقا زېمىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قۇرۇقلۇققا قەدەر كېڭەيگەن. بىز ئادەتتە دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى مۇھاكىمە قىلغاندا 16 ـ ئەسىرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەسى، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى قاتارلىق ئاساسىي تېمىلارغا ئەھمىيەت بېرىمىز. لېكىن ئەمەلىيەتتە 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەل ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرمۇشى تۈركىيەلىكلەرگە زور بېسىم ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، تۈركىيەلىكلەر ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. ئوسمان ئىمپېرىيەسى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھامىي دۆلىتىگە ئايلىنىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. 1923 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنماي قالغان جايلىرىدىكى خەلقلەر مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيۇشۇپ، چەتئەل كۈچلىرىگە قايتۇرما زەربە بېرىپ، قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىپ، يېڭى بىر دۆلەتنى يەنى بۈگۈنكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان.

**2) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى**

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنداقتا تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ بۇ جەھەتتە ئالدى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرنى پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى دىندىن خالىي دۆلەت، يەنە بىر خىلى ئالاھىدە بولغان ئىران ئىسلام دۆلىتى. كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ تاللىغان تۈزۈمى ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن دۆلەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىر قەدەر بۇرۇنراق مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەڭ بالدۇر دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى يولغا قويغان مۇسۇلمانلار

دۆلىتى بولۇپ، نەچچە يۈز يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ زامانىۋى ۋە ئەڭ ئىچچۈيتىلگەن دۆلەت بولۇپ قالدى.

ئىسلام دۇنياسىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش، يەنى ھاكىمىيەت بىلەن دىن ئايرىلغان دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سىياسىي ھاكىمىيەت ۋە سىياسىي تۈزۈمنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، زامانىۋىلىشىشنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، تۈركىيەنى زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرى تۈركىيەنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دىندىن خالىيلاشتۇرۇشنى ئالاھىدىلىك قىلغان ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولىدا ماڭغاندىن بۇيان، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان يولىنى تەخمىنەن تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى بىلەن زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى؛ ئىككىنچى، غەرب دۇنياسىنىڭ نەزەرىدىكى تۈركىيەنىڭ زامانىۋىلىشىشى؛ ئۈچىنچى، تۈركىيە ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بولغان ئەھمىيىتى؛ تۆتىنچى، ئوتتۇرا شەرق نەزەرىدىكى تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىيات يولى.

## 4. دىندىن خالىيلاشتۇرۇش تۈركىيە ھازىرقى زامان يولىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش كىلاسسىك نەزەرىيەسىدە «دىندىن خالىيلاشتۇرۇش» يەنى «مۇقەددەسلەشتۈرمەسلىك» ياكى «دىنلاشتۇرۇشنى قولدىن بېرىپ قويۇش» بولۇپ، بۇ ناھايىتى بىر ئۇزاق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانى، شۇنداقلا دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ساقلانغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم دەپ قارىلىدۇ. دىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا شۇنىڭدەك، ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ ئىجتىمائىي دولقۇنىدىكى بىرخىل ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشى كېرەك. ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا «ئەلئارالاشتۇرۇش»، يەنى دىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىشى، پەقەت خۇسۇسىي تۇرمۇش ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك دېگەنلىك.

سىياسىيشۇناسلىقتا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان دىندىن خالىيلاشتۇرۇش دۆلەتنىڭ سىياسىي قاتلىمىنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش بولۇپ، ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان «ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش» پىرىنسىپىدىن ئىبارەت. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دىندىن خالىيلاشتۇرۇش سىياسىي قاتلام جەھەتتە دىننىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، سىياسىي ئىشلار ۋە سىياسىي جەريانلارغا ھەرگىز تەسىر كۆرسەتمەسلىكى، دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي نوپۇزى ھەرگىزمۇ بىرلا ۋاقىتتا سىياسىي نوپۇزغا ئۆزگەرمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا سىياسىي تۈزۈم دىندىن خالىي بولغان تۈزۈمگە ئايلىنىشى، ھۆكۈمەت(دۆلەت) پۈتۈنلەي دىندىن خالىي بولغان دۆلەتكە ئايلىنىشى كېرەك.

ئۇنداقتا دىندىن خالىيلاشتۇرۇش بىلەن تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ ئوبيېكتىپراق قىلىپ ئېيتقاندا، دىندىن خالىيلاشتۇرۇشنى تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان يولىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

تۈركىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان مۇساپىسىدىكى ئىسلام دىنىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئىسلام دىنى بىلەن ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نەچچە ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى قوچىۋەتتى. بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش يەنىلا داۋاملاشماقتا. تۈركىيەدە ئىسلام دىنىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ

خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**1) ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى**

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربلەشتۈرۈشنى باشلىشىنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇشنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خارابلىشىش ئالامىتى 17 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ھەممە يەردە قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئوسمانىيلار يېڭى قاراش ۋە يېڭى ئۇسۇلنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاشمىسا بولمايتتى. چۈنكى ياۋروپانىڭ ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى ئۈستۈنلىكىنى كۈندىن ــ كۈنگە نامايان قىلىۋاتاتتى. ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ سۇلتانى سەلىم III (1807ـ1889) ۋە مۇھەممەتII (1808ـ1839) ئەڭ بۇرۇن بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلغان سۇلتانلاردۇر. لېكىن ئىمپېرىيەنىڭ ھازىرقى زامان ئېھتىياجى ئەڭ دەسلەپتە پەقەت ھەربىي ئىشلار ساھەسى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى.

**2) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تەنزىمات ئۆزگىرىشى ۋە ياش ئوسمانىيلار**

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار تەنزىمات بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى، ئۇ يەنە تەنزىمات «ئۆزگىرىشى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭدا ياۋروپانىڭ شەكلى بويىچە ئوسمان جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم تۈزۈلمىسىگە قارىتا ئوخشىمىغان قاتلاملار بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بەلگىلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار بىر مۇھىم قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەن، يەنى ئوسمان ئىمپېرىيەسى كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك، كۆپ دىنلىق ئىمپېرىيە بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئىمپېرىيەنىڭ ياۋروپا قىتئەسىگە تەۋە بىر قىسىم زېمىنلىرىدىكى خەلقلەر كەينى كەينىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىقتى. بۇ چاغدا ئىمپېرىيەدىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىسلام ئەنئەنىسىدىكى ئوخشىمىغان دىنىي ساھەدىكى ئامىمغا ئوخشىمىغان مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق ئىسلاھاتنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى دىنىي ياكى ئىرقىي كېلىپ چىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارلىق مىللەتلەر قانۇن ئالدىدا باپ باراۋەر بولۇشنى ئېتىراپ قىلىش ئىدى. بۇنداق تەشەببۇس ئىسلام دىنى تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىيلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ساھەلەردە مەسىلەن، مائارىپ، قانۇن ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش باشلاندى. يەنى غەرب ئۇسۇلىدا تەربىيەلەيدىغان ھازىرقى زامان مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، دىندىن خالىي سوت قۇرۇلۇپ، غەرب شەكلىدىكى قانۇن قوبۇل قىلىندى. يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ فىرانسىيەنىڭ ئەندىزىسىگە ئاساسەن لايىھەلەپ چىقىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياش ئوسمانىيلار بارلىققا كېلىپ، ئىسلام دىنى بىلەن غەربنىڭ ھازىرقى زامان پەن تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ياش ئوسمانىيلارنىڭ قوللانغىنى مەرىپەتچىلىك قارىشى بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇن كېلىشىگە كۈچىگەن بولسىمۇ، لېكىن ياش ئوسمانىيلار دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلام دىنىدىن تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ دەپ قارىدى.

**3) 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى تۈركىيە ياش پارتىيەسىنىڭ ئىلىم ـ پەننى تەكىتلىشى**

تۈركىيە ياش پارتىيەسى دەۋرىگە كەلگەندە، ياش ئوسمانىيلار دەۋرىدىكى ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىسلام دىنىنى تەڭشەش ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. تۈركىيە ياش پارتىيەسىدىكىلەر بىر تۈركۈم تىببىي ئىنستىتۇت ۋە ھەربىي ئىنستىتۇتلاردا تەربىيە ئالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ياۋروپا ئىدىيە ئېقىمىنى، مەسىلەن جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ماتېرىيالىزمنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئىلىم ـ پەن پىرىنسىپى ئارقىلىق ئوسمانىيلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە دىنىنىڭ ئورنىغا ئىلىم ـ پەننى دەسسىتىش، يەنى ئىلىم ـ پەننى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى قىلىشتىن ئىبارەت.

**4) 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىرلەشمە كومىتېت بىلەن تەرەققىيپەرۋەر كومىتېتنىڭ دىندىن**

**خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى**

1913- يىلى بىرلەشمە كومىتېت بىلەن تەرەققىيپەرۋەر كومىتېت ئىمپېرىيەنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، دۆلەتتە بىر يۈرۈش سىياسەت ۋە دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش لايىھەسىنى مەجبۇرىي يولغا قويدى، ھەربىي قىسىم ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە ئېلىپ بارغان ئۆزگەرتىشلىرىدىن باشقا، ئەدلىيە ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇلدى، سوت كوللېگىيەسى دىنىدىن خالىي بولغان ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا، دىنىي ئىنىستىتۇت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دىنىي ئالىي ئىنىستىتۇتلارنىڭ دەرسلىكى ئۆزگەرتىلىپ، ياۋروپا پەنلىرى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بىرلەشمە كومىتېت بىلەن تەرەققىيپەرۋەر كومىتېتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى، بولۇپمۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى ۋە ئوتتۇرا قاتلامدا بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور بولدى.

## 5. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى كامالىزم ۋە دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى

20- ئەسىرنىڭ باشلىرى مۇستاپا كامال پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات نىشانى تۈركىيە جەمئىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇپ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. بۇ نىشان مۇستاپا كامال پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تۈركىيە ياش پارتىيەسىدىكىلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى دىنىدىن خالىي بولغان پوزىتىۋىزم ۋە پەن-تېخنىكا ئاساسىغا ئورنىتىش ئىشەنچىسىنى كۆچەيتتى. دۇنيا تارىخىدا تۈركىيە بىر قەدەر بۇرۇن مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم كاپىتالىزم تەرەققىيات يولىغا ماڭغان غەيرىي غەرب دۆلىتى ئىدى. مۇستاپا كامال رەھبەرلىك قىلغان تۈركىيە نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

19- ئەسىردىن كېيىن، بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى كۈچلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە لاي پۇتلۇق ئاجىز دىۋىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ چەت رايونلىرىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيەسى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالان-تاراج قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. 1914- يىلى 1- دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى، ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن گېرمانىيە مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ، بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلدى. 1918- يىلى 1- دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى بۆلۈشىۋالىدىغان مەخپىي كېلىشىمنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. دۆلەت ۋەيران بولۇش گىردابىغا، مىللەت يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ھەربىيلىكتىن كېلىپ چىققان مۇستاپا كامال تۈركىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشتىن ئىبارەت جاپالىق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. 1920- يىلى 4- ئايدا مۇستاپا كامال ئەنقەرەدە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (پارلامېنت) يىغىنى چاقىرىپ، سۇلتان ھۆكۈمىتىگە قارىمۇ قارشى بولغان يېڭى ھۆكۈمەتنى قۇردى ھەم تۈركىيە خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، كېلىشىم ئىمزالىغان ئانتانتا گۇرۇھى قوزغىغان ھۇجۇمنى تارمار قىلدى. سۇلتانىنىڭ مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى قوشۇننى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇنىنىمۇ بىتچىت قىلدى. 1923- يىلى تۈركىيە بىلەن غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر گىرېتسىيە «لوزئاننا كېلىشىمى» نى ئىمزالاپ، تۈركىيە بىلەن گىرېتسىيە، فىرانسىيەگە قاراشلىق سۈرىيە، ئەنگلىيەگە قاراشلىق ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقى ئېنىق بەلگىلىنىپ، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيە تېررىتورىيەسىدىكى ئىمتىيازى بىكار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركىيەنىڭ ھازىرقى

www.uyghurkitap.com



خەرىتىسى بېكىتىلدى. «لوزئاننا» كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى تۈركىيەنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان دۆلەت سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

1923 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. مۇستاپا كامال جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتلىقىغا تەيىنلەندى. ئەنقەرە تۈركىيەنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىلدى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدىنقى 25 يىلدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى بىر گەۋدىلەشكەن، دىندىن خالىي مىللىي دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇستاپا كامال يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سىياسىي، قانۇن ـ تۈزۈم، مائارىپ، جەمئىيەت، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردە دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى يۈرەكلىك ھالدا يولغا قويدى. مۇستاپا كامالنىڭ دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى تۈركىيە تارىخىدىكى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن دىندىن خالىيلاشتۇرۇش مۆھۆرىنى چوڭقۇر باستى.

**1) سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى**

بىر دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە ھاكىمىيەت خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي ئىنكاسى. مۇستاپا كامال دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئۇزۇن يىل يولغا قويغان ھۆكۈمەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى. مۇستاپا كامال 1922 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلغىچە ھۆكۈمەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق مۇستەبىت تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سۇلتانلىق تۈزۈمنى يوقىتىش، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمنى يولغا قويۇش، خەلىپىلىك تۈزۈمنى بىكار قىلىشتىن ئىبارەت بەلگىلىمە خاراكتېرگە ئىگە ئۈچ تۈرلۈك تەدبىرنى قوللاندى (تۈركلەر 900 يىلغا يېقىن خەلىپىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن). خەلىپىلىك تۈزۈمنى بىكار قىلىش ئىسلام دۇنياسى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ فېئودال ئىلاھىي ھاكىمىيەت كۈچلىرىگە نىسبەتەن بەستىلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۈركىيەنىڭ ئىچكى قىسمىنى لەرزىگە سېلىپلا قالماستىن بەلكى ئىسلام دۇنياسىدا زور ئىنكاس پەيدا قىلدى. مۇستاپا كامال ھۆكۈمىتى ئىچكى ـ تاشقى بېسىملارغا پىسەنت قىلماي ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىسلاھات لايىھەسىدە چىڭ تۇرۇپ، 16 ئاي داۋاملاشقان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ ئەسلىدىكى فېئودال ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنىڭ پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈلمىسىنى بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىدىن قېپقالغان دۆلەت تۈزۈمى مەسىلىسى ئۈزۈل — كېسىل ھەل قىلىندى. مۇستاپا كامالنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى پرىنسىپى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش، دىن ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى پەقەتلا مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي مۇراسىم جەھەتتىكى ئىشلاردا بولىدىغانلىقى، ھەمدە دىنىنىڭ دۆلەت سىياسىتىگە ئارىلىشىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

خەلىپىلىك تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، مۇستاپا كامال دىنىي ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىغا قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سوتىدىكى چوڭ شەرىئەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى، دىنىي ئىشلار بۆلۈمى بىلەن دىنىي پاراۋانلىق بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دۆلەت دىنىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن دىنىي پاراۋانلىق فوندىنى باشقۇرۇش باش ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئىككى يېڭى ئاپپاراتنى تەسىس قىلدى. ئالدىنقىسى مۇناسىۋەتلىك مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن دىنىي ساھەدىكى خىزمەتچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، كېيىنكىسى دۆلەت بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان دىنىي

پاراۋانلىق فوندى، شۇنىڭدەك دىنىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، دىنىي ئەسلىھەلەرنى رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولدى. دۆلەتنىڭ بۇ ئىككى ئاپپاراتى ئارقىلىق دىنىي پاراۋانلىق فوندى بىلەن دىنىي تەتقىقاتچىلار ھەم دىنىي زاتلار دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. 1924- يىلى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى يىغىنى ئىسلام دىنىي سوتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقىنى ماقۇللاپ، بارلىق سوت ئىشلىرى دۆلەتنىڭ نامىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىندىن خالىي بولغان سوت تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئەدلىيە بىلەن دىننى ئايرىۋېتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

2) قانۇن تۈزۈم ئىسلاھاتى

تۈركىيەنىڭ قانۇن - تۈزۈمنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى 19-ئەسىردىلا باشلانغان ئىدى. لېكىن ئىلگىرىكى ئىسلاھات ئاساسلىقى دىنىي قانۇندىكى سودا قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىغا چېتىلىدىغان بولۇپ، ئائىلە ۋە شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا دىنىي قانۇن يەنىلا مۇقەددەس دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان ئالاھىدە ئورنىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. 1924- يىلى مۇستاپا كامالنىڭ پىكرىگە ئاساسەن (شېۋىتسارىيە ھەق-تەلەپ قانۇنىنى ئۆرنەك قىلىپ) تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ يېڭى ھەق تەلەپ قانۇنى تەييارلاندى، 1926- يىلى يېڭى ھەق تەلەپ قانۇنى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن ماقۇللاندى. تۈركىيەنىڭ يېڭى ھەق-تەلەپ قانۇنىدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى شۇنىڭدەك قەدىر - قىممىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈلىدىغان قەدىمكى بارلىق ئەمىر-پەرمانلار بىكار قىلىنىپ، دىندىن خالىي بولغان ئەر-ئاياللار باراۋەر بولۇش ھوقۇقى ئاساسىدا ئىختىيارى تويي قىلىش، نىكاھدىن ئاجرىشىش تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. قانۇندا قورامىغا يەتكەن ئەرلەر دىنىغا ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك، قانداق دىنغا ئىشىنىشنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى. 1928-يىلى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئىلگىرى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن «ئىسلام دىنى تۈركىيەنىڭ دۆلەت دىنى بولىدۇ» دېگەن بۇ ماددىنى ئېلىۋېتىشنى ماقۇللىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركىيە دىندىن خالىي بولغان ھازىرقى زامان دۆلىتىگە ئايلاندى. ھازىرقى ئاساسىي قانۇن تۈركىيەنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇنى بولۇپ، 1982-يىلدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولغان. ئاساسىي قانۇندا: تۈركىيە مىللىي، دېموكراتىك، دىن بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن، قانۇن - تۈزۈم يولغا قويۇلغان دۆلەت دەپ بەلگىلەندى.

3) مائارىپ ئىسلاھاتى

مائارىپ بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي مەسىلە، ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە مائارىپ دىنىي جەمئىيەتنىڭ قولىدا ئىدى. گەرچە قىسمەن زامانىۋى مەكتەپلەر بولغان بولسىمۇ، بىراق دىنىي مەكتەپلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. دىنىي فوندى ئىشلىرى تەشكىلاتلىرى ئىسلام دىنىدىكى مەكتەپلەرنى باشقۇراتتى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1924- يىلى بۈيۈك مىللەت مەجلىسى يىغىنى مائارىپنى دىندىن خالىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، مەكتەپلەر چوقۇم دۆلەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ، مەكتەپلەر تەربىيەلەنگۈچىلەرنى دىندىن خالىي بولغان زامانىۋى تەربىيە بىلەن تەمىن ئېتىشى، غەربنىڭ پەن-تېخنىكىسى، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يەتكۈزۈپ، تۈركىيەنىڭ مىللىي ئاڭ تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى كېرەك دەپ بەلگىلىدى.

يۇقىرىدىكى ئەمىر-پەرمانلارغا ئاساسەن، مۇستاپا كامال ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلىرىدىكى ئىسلاھاتنى دادىل ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى دىنىي دەرسلىكنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كونا شەكىلدىكى مۇستەقىل دىنىي مەكتەپلەرنى تاقاپ، مەكتەپلەرنى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەمدە بىر تۈركۈم يېڭى شەكىلدىكى باشلانغۇچ

www.uyghurkitap.com



مەكتەپ بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، دۆلەتنىڭ ھازىرقى زامان ئىسلاھاتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد دۆلەت خادىملىرىنى تەربىيەلىدى. غەربنىڭ ئەندىزىسى بويىچە بار بولغان مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتتى. مائارىپ ئىسلاتى جەريانىدا باشلانغۇچ مەكتەپ بەش يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىللىق، تېخنىكوم ۋە ئالىي تېخنىكوم ئۈچ يىللىق، ئالىي مەكتەپ تۆت يىللىق قىلىپ بېكىتىلدى. ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

1924 ـ يىلى تۈركىيە ھۆكۈمىتى «مائارىپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا تۈركىيەدىكى بارلىق مەكتەپلەر (دىنىي مەكتەپ بىلەن خۇسۇسىي مەكتەپلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دۆلەت مائارىپ ـ مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. «مائارىپنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قانۇنى» دا: ئوخشىمىغان گۇرۇھتىكى مائارىپ ئىدىيەسى ۋە مەكتەپ ئىسمى بىرلىككە كېلىشى ھەمدە دۆلەتنىڭ مائارىپ سىياستى ۋە جەمئىيەتنى دىنىدىن خالىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى. 1997 ـ يىلى تۈركىيە پارلامېنتى مەجبۇرىيەت مائارىپنى بەش يىلدىن سەككىز يىلغا ئۇزارتىش قانۇنىنى ماقۇللىدى ھەمدە پەقەت سەككىز يىللىق مائارىپ تەربىيەسىنى تاماملىغان ياش-ئۆسمۈرلەرلا دىنىي جەھەتتە تەربىيە ئالسا بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، تۈركىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. ھازىر ھەر خىل مەكتەپلەر 60 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەر 139 غا يەتكەن، ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە بىر قەدەر داڭلىق مەكتەپلەردىن ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوتتۇرا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاناتولى ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتى، بوسفور ئۇنىۋېرسىتېتى، سالجۇق ئۇنىۋېرسىتېتى، مەرمەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بار.

مائارىپ تەربىيەسى جەھەتتە، ئەڭ چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغىنى تۈركىيەنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىشى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركىيەدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى ۋە بەشىنچى كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىپ، دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈدىكەن. كۆپلىگەن مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ تۈركىيە مۇزېيى، باغچا، دۆلەت ئاتىسى قەبرىسى قاتارلىق تارىخىي ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىسى نامايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىكەن.

### 4) يېزىق ئىسلاھاتى

يېزىق ئىسلاھاتى مەدەنىيەت، مائارىپ ئىسلاھاتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ ھەم تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. 10 ـ ئەسىردە تۈركىيەلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيەنىڭ يېزىقى ئەرەب ھەرپى بولۇپ قوشۇپ يېزىلاتتى. لاتىن يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىش تەكلىپى ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يولغا قويۇلمىغان ئىدى. تۈرك تىلىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلغار مەملىكەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە، تۈركىيەدە مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە 1928 ـ يىلى تۈركىيە تىل-يېزىق كومىتېتى قۇرۇلۇپ بىر مەيدان يېزىق ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلدى، يەنى ئەرەب يېزىقىدىن لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىققا كۆچۈش باشلاندى، ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى كۆپ كىشىلەر بۇ ئىسلاھاتنى قوللىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي قالمىدى. ئەمما مۇستاپا كامال ھۆكۈمىتى تۈرك يېزىقىنى لاتىنچىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. 1928 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە مۇستاپا كامال كىچىك دوسكىنى ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە

سەپەر قىلىپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا كىشىلەرنىڭ يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىشىگە ئىلھام بەردى. قىسقىسى مۇستاپا كامال شەخسەن ئۆزى يېزىق ئىسلاھاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ كەلدى ۋە تۈركىيە خەلقى تەرىپىدىن «باش ئۇستاز»دېگەن نامغا ئىگە بولدى. شۇ يىلى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى «تۈرك يېزىقىنى قوللىنىش ۋە يولغا قويۇش» قانۇنىنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇندا تۈرك يېزىقىنى باسقۇچقا بۆلۈپ قوللىنىش ئارقىلىق كونا ئەرەب يېزىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش بەلگىلەندى. ھازىرغىچە تۈرك تىلىنى لاتىنچىلاشتۇرۇش 80 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، تۈركىيەنىڭ يېڭى يېزىقى خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان يېزىقنىڭ سولدىن ئوڭغا يېزىلىش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، يازما تەرتىپ بىلەن رەقەم بىردەك بولغانلىقتىن خەلقئارا ئالاقىگە پايدىلىق بولۇپ كەلدى. بۇ تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا بۇرۇنراق زامانىۋى دۆلەتكە ئايلىنىشىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشتى.

**5) ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىسلاھاتى**

مۇستاپا كامال ھۆكۈمىتى زامانىۋى يېڭى ئۇسلۇب بويىچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن دىندىن خالىيلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنى كالېندارىنى بىكار قىلىپ، غەربتە كەڭ تارقالغان مىلادىيە كالېندارىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى دەم ئېلىش كۈنى قىلىنغان جۈمە كۈنىنى يەكشەنبە كۈنىگە ئۆزگەرتتى. كىيىم ـ كېچەك جەھەتتە، ھۆكۈمەت بىر قاتار قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ بارلىق ئەرلەرنىڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىشى لازىملىقى، ئاياللارنىڭ چۈمبەلنى ئېلىۋېتىشى بەلگىلەندى. بۇرۇنقىدەك ئۇزۇن چاپان، ئۇزۇن مالخاي كىيىشنى چەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن 1925 ـ يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتە غەربچە كىيىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، تۈركىيە جەمئىيىتىمۇ بىر خىل يېڭىلىققا ۋە جانلىقلىققا ئىگە قىلىندى.

كىيىم-كېچەك ئىسلاھاتى توغرىسىدا «ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى تارىخى» (تۈركىيە قىسمى)دا خاتىرىلىنىشىچە، مۇستاپا كامالنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى خاتىرىلەنگەن: «بەزى جايلاردا خوتۇن-قىزلارنىڭ بىر تال ياغلىق ياكى لۆڭگىنى بېشىغا ئارتىۋالغانلىقىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن باش-كۆزىنى ئورىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەرلەرگە يولۇققاندا دۈمبىسىنى قىلىۋالىدىغانلىقىنى ياكى شۇ جايدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى يوشۇرۇۋالىدىغانلىقىنى كۆردۈم، بۇ نېمە مەنىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ قانداق قائىدە؟ «ئەپەندىلەر، بىر مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ ئانا ياكى قىزلار نېمە ئۈچۈن بۇ خىل غەلىتە ۋە ياۋايى قىلىقنى قىلىدۇ؟ بۇنداق ئەھۋاللارنى دەرھال تۈزىتىش كېرەك».

1934 ـ يىلى مىللەت مەجلىسى ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىش قارارىنى ماقۇللاپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسمى بار فامىلىسى يوق بولۇشتەك ئادەتنى ئۆزگەرتتى. مۇستاپا كامال باشلامچى بولۇپ، بۇرۇنقى ئەمەلدىن ۋاز كېچىپ، مىللەت مەجلىسى ئۇنىڭغا بەرگەن ئاتا تۈرك (تۈركلەرنىڭ ئاتىسى دېگەن مەنىدە) فامىلىسىنى قوبۇل قىلدى .

## پايدىلانمىلار


1. ياڭ تاۋجۇن: «تۈركىيە ھازىرقى زامان تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. شىنجاڭ گېزىتى (ئۇيغۇرچە) نىڭ 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 024 ـ 02(2013) 5878 ـ 1005

# «تارانچى دىيالېكتى» دىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىزدىنىش*

## نىجات سوپى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى، ئۈرۈمچى. 830046)
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە رۇس ئالىمى رادلوف تەرىپىدىن تۈپلىنىپ، 1886- يىلى نەشر قىلىنغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر تەھلىل قىلىنىپ، چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش مەزگىلىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ.

**摘要：** 本文重点分析俄罗斯学者拉德洛夫在 1886 年出版的《塔兰奇方言》一书所包括的作品语言的各种语音变化。从而，指出从察合台语发展到现代维吾尔语中间的过渡时期维吾尔语的基本语音特点。探索现代维吾尔语部分语音现象的出现过程与规律。

**Abstract:** This paper focuses on some phonetic changes of Taranchi dialect, in the book published by Russian scholar Radloff in 1886. It indicates the basic phonetic features of the transition period of Uyghur language from the Chagatay language development to Modern Uyghur. It explores appearing process and rules of some phonetic phenomenon in the Modern Uyghur.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش جەريانىدا، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. ۋ. ۋ. رادلوف، ن. ن. پانتۇسوف قاتارلىق رۇس ئالىملىرى شۇ دەۋردە خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلەپ، توپلاپ نەشر قىلغان بىر قاتار «تارانچى تېكىستلىرى» بىلەن شىۋىت مىسسىيونېرلىرى بېسىپ تارقاتقان «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» مانا بۇ ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب ئىككى قانىتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

ۋاسىلىي ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف (1837-1918)نىڭ «شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تىلى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابى ئەينى دەۋردىكى ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بولغان «خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر»دە ھەر قايسى تۈركىي قوۋملارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىنچىكە ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە ئەينى دەۋر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى. جۈملىدىن بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە يېزىلغان «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق 6 ـ قىسمى تىلىمىزنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىلىشتە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. بۇ كىتاب 1886 ـ يىلى سانكت پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان.

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پەنلىرى پوستدوكتورلار پەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسى تىل مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نامىدىكى پوستدوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئادەمىيات ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ««تارانچى تېكىستلىرى»نىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» (12YJA740058) ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.
ئاپتور: نىجات سوپى (1968 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمىنىڭ ھەجمى 211 بەت كېلىدۇ. كىتابقا غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىن 1862-يىلىدىن باشلاپ خاتىرىلەنگەن خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ۋە بىر قىسىم يازما ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. مەزمۇن جەھەتتىن ماقال-تەمسىللەر، پەندى-نەسىھەتلەر، ئىلىغا ئائىت خەۋەرلەر، مەسەللەر، خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، بېيىتلار قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ.

رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق بۇ كىتابى ھەجمىنىڭ بىر قەدەر چوڭلۇقى، كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، سىستېمىلىق ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى بىلەن چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولالايدۇ. ئەسەر تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا سېلىشتۇرساق، ئەسەر خاتىرىلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 150 يىلغا يېقىن جەرياندا تىلىمىزدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇ نۇقتىدىن، بىز بۇ ماقالىمىزدە «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق بۇ ئەسەردىكى تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرىدىن بىرى بولغان تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

### 1) ئاسسىمىلياتسىيە

«تارانچى دىيالېكتى»دىكى ئەسەرلەر ئېغىز تىلىدىن ئېلىنغان، شۇنداقلا بىر قەدەر ئىنچىكە فونېتىكىلىق بەلگىلەر ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ئەينى دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى خېلى زور دەرىجىدە توغرا ئىپادىلىنگەن. جۈملىدىن نۇتۇق ئېقىمىدا سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ياكى سۆز بىلەن سۆز ئۇلىنىپ تېز ئېيتىلغاندا ئالدىنقى بۆلەكنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇك تاۋۇشى بىلەن كېيىنكى بۆلەكنىڭ باشلامچى ئۇزۇك تاۋۇشى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسىنىڭ كۆپرەك يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاخىرى دىماغ تاۋۇشى «ن» بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەرگە قوۋۇز تاۋۇشى «ل» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن «ل» تاۋۇشى تەرىپىدىن تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار، -لەر»، سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لىق، -لىك، -لىغ، -لۇق، -لۈك»، پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «-لا» قاتارلىقلار ئۇلانغان چاغدا بۇ ھادىسە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، «-لار، -لەر» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا: «ئاخۇللار (ئاخۇنلار)، باققاللار (باققانلار)، بارماغاللار (بارماغانلار)، بولغاللار (بولغانلار)، پۇشماللار (پۇشمانلار) تۇرغاللار (تۇرغانلار)، چاپاللار (چاپانلار)، ساخلىغاللار (ساقلىغانلار)، ساماللار (سامانلار)؛ دەگەللەر (دېگەنلەر)، كەلمەگەللەر (كەلمىگەنلەر)، تۈشكەللەر (چۈشكەنلەر)، كۆتەرگەللەر (كۆتەرگەنلەر)، كىرمەگەللەر (كىرمەگەنلەر)، تەرىگەللەر (تېرىغانلار)، كەلگەللەر (كەلگەنلەر)». «-لار، -لەر» قوشۇمچىسى بىلەن «-ى» قوشۇمچىسى تەڭ ئۇلانغاندا: «ياماللىرى (يامانلىرى)، قالغاللىرى (قالغانلىرى)، خوتۇللىرى (خوتۇنلىرى)، زىنداللىرى (زىندانلىرى)، بەرەدىغاللىرى (بېرىدىغانلىرى)، تۇققاللىرى (تۇغقانلىرى)، تارتقاللىرى (تارتقانلىرى)». «-لىق، -لىك، -لىغ، -لۇق، -لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا: «ئانجاللىق (ئەنجانلىق)، قوقاللىق (قوقانلىق)، ئەسەللىك (ئېسەنلىك)، تاشكەللىك (تاشكەنتلىك)، كۈللىگى (كۈنلۈكى)، ئەرەللىگى (ئەرەنلىكى)، ئوبداللىغ (ئوبدانلىق)، كۈللۈك (كۈنلۈك)، توللۇق (تونلۇق)، گورۇستاللىق (گۆرۈستانلىق)». «-لا» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، «تارانچىنى خاتلاپ، زىيادا ئۆسكەنىنى تېپىللاپ داڭزا قىلىپ، داڭزىسىنى ئېلىپ كەلىپ، ھەكىم، شاغىنغا ئېلىپ كەلىپ بەردى.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «تېپىللاپ» سۆزىنىڭ

ئەسلىي شەكلى «تەيىنلەپ» (تەييارلاپ، ھازىرلاپ) بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ يەردە «تەيىن» سۆزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ن» قوشۇمچىنىڭ باش تاۋۇشى «ل» تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان.

(2) تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى «ن» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوش لەۋ تاۋۇشى «م» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «م» تاۋۇشى «ن» تاۋۇشىنى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاق بوز ئېتىم ئوبدامموٴ؟
قارا بوز ئېتىم ئوبدامموٴ؟
سادىر ئۆزى يامامموٴ؟
پۇل تېپىپ بەرسە ئوبدامموٴ؟»

يۇقىرىقى پارچىدا «ئوبدان، يامان» سۆزلىرىدىكى «ن» تاۋۇشى «ـموٴ» قوشۇمچىسىنىڭ باشلانما تاۋۇشى «م» تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان.

(3) سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز تىل ئالدى ئۇزۇك تاۋۇشى «ش»، سىيرىلاڭغۇ جاراڭلىق تىل ئۇچى ئالدى ئۇزۇك تاۋۇشى «ز»، پارتلىغۇچى جاراڭسىز، تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى «ت»، پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز، تىل ئالدى ئۇزۇك تاۋۇش «چ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سىيرىلاڭغۇ جاراڭسىز، تىل ئۇچى ئالدى ئۇزۇك تاۋۇشى «س» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا سۆز ئاخىرىدىكى «ش، ز، ت، چ» تاۋۇشلىرى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن «س» تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، پېئىللارنىڭ شەرت رايى «ـسا، ـسە» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا: «پىسسا (پىشسا)، توشقاسسا (توشقۇزسا)، كۆركۆسسە (كۆرگۈزسە، كۆرسەتسە)، ئاسسا (ئاتسا؛ ئاچسا)، ياسسا (ياتسا)، ساسسا (ساتسا)، قاسسا (قاتسا)، تۇسسا (تۇتسا)، ئايسسا (ئېيتسا)، يوقاسسا (يوقاتسا)، كەسسە (كەتسە)، يەسسە (يەتسە)، ئەۋسسە (ئەۋەتسە)، تۆگەسسە (تۆگەتسە)، ئىسسە (ئىچسە)». پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى 3 ـ شەخس «ـسۇن، ـسۈن» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا: «كۆرسۆسسۈن (كۆرسەتسۈن)، ئەۋسسۇن (ئەۋەتسۇن)، تۇسسۇن (تۇتسۇن)، كەسسۇن (كەتسۇن)». سۈپەتلەرنىڭ بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ـسىز» ئۇلانغاندىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

«بىر تاز كەپتۇ، ئوغۇلسۇزغا ئوغۇل بولۇمەن دەپ، قىسسىزغا قىز بولۇمەن، دەپ.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «قىسسىز (قىزسىز)» سۆزىدە «قىز» سۆزىگە بولۇشسىز قوشۇمچىسى «ـسىز» ئۇلانغاندا «قىز» سۆزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى «ز» ئۆزىدىن كېيىن ئۇلىنىپ كەلگەن «س» تاۋۇشى تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان.

(4) يۇقىرىقىلاردىن باشقا «تارانچى دىيالېكتى»دا يەنە بىر قىسىم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدە بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى-كېيىن كەلگەن تاۋۇشلار تەرىپىدىن تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى ئۇسۇلى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان ئەھۋاللار بار. مەسىلەن، «ياڭمۇر (ياغمۇر، يامغۇر)» سۆزىدە «غ» تاۋۇشى «م» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ڭ» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «مەڭسىپدار (مەنسەپدار)، ئاڭدىڭ كىن (ئاندىن كېيىن)» قاتارلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە «ن» تاۋۇشى «س، ك» تاۋۇشلىرى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ڭ» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئامام بارمۇ (ئامان بارمۇ)» سۆز بىرىكمىسىدە «ن» تاۋۇشى «ب» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «م» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «شۇمچا» (شۇنچە) سۆزىدە «ن» تاۋۇشى «چ» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «م» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئاتتانماس (ئاتالماس)» سۆزىدە «ل» تاۋۇشى «م» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ن» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «كۆڭنى» (كۆڭلى) سۆزىدە «ل» تاۋۇشى ئۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ڭ» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «ن» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئۇس قىل» (ئۇز قىل) بىرىكمىسىدە «ز» تاۋۇشى «ق» تاۋۇشى تەرىپىدىن يېرىم ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ «س» تاۋۇشىغا ئايلانغان. «ئۇس ساڭ» (ئۇچ ساڭ) بىرىكمىسىدە «چ» تاۋۇشى «س» تاۋۇشى تەرىپىدىن تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان، ۋەھاكازالار.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا، «تارانچى دىيالېكتى»دىمۇ بىر قىسىم

سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولغان.

### 2) تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى. «تارانچى دىيالېكتى»دا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىكى ئەڭ تىپىك مەسىلە — تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ئەڭ تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش «ئا» بىلەن سەل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش «ئە»نىڭ بىر قىسىم سۆزلەردە سەل يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئې» ياكى ئەڭ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئى»غا نۆۋەتلىشىشى ھېسابلىنىدۇ.

«تارانچى دىيالېكتى»نىڭ تىلىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى بۇ دەۋردە رەسمىي كۆرۈلۈشكە باشلىغان، لېكىن بۇ ھادىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشكەن بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى»دا تېخى نۆۋەتلەشمىگەن ھالەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاتا تىل سۆزلىرىدىمۇ، ئەرەبچە، پارسچە كىرمە سۆزلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. تۈپ سۆزلەردىمۇ، ياسالما سۆزلەردىمۇ، شۇنىڭدەك سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تۈپ سۆزلەردە، «چەرىك (چېرىك)، ئەشىك (ئىشىك)، ئەشەك (ئېشەك)، ئەگەر (ئېگەر)، يەڭى (يېڭى)، ئەتىز (ئېتىز)، ئەگىز (ئېگىز)، تەچ (تىنچ)، ھەلى (ھېلى)، بەدە (بېدە)، نەمە (نېمە)، تەرە (تېرە)، ئايتماق (ئېيتماق)، كەيمەك (كىيمەك)». ئەرەبچە كىرمە سۆزلەردە، «ھەكىم (ھېكىم)، يەتىم (يېتىم)، نەمەت (نېمەت)، مەكرى (مىكىر)، غەرىپ (غېرىب)». پارسچە كىرمە سۆزلەردە، «كەمە (كېمە)، تەزەك (تېزەك)، مەھەر (مېھر)، بەھەش (بېھىش)، ئەسەن (ئېسەن، ئامان-ئېسەن)، ھەش (ھېچ)». ياسالما سۆزلەردە، «كەلىن (كېلىن)، كەچە (كېچە)، بەكىتمەك (بېكىتمەك)، ئەگەچە (ئىگىچە، ئاچا)، تەبىلغۇ (تېۋىلغا)، زەرىكمەك (زېرىكمەك)». سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدە، «كەلۇر (كېلۇر)، كەتىپ (كېتىپ)، كەسىپ (كېسىپ)، ساناغان (سانىغان)، ئەرى (ئېرى)، مەنى (مېنى)، سەنىڭ (سېنىڭ)، نەرسەنى (نەرسىنى)، ئاپەتى (ئاپىتى)، تەرىپ (تېرىپ)، بەرىپ (بېرىپ)، يەسە (يېسە)، دەسە (دېسە)، ئىشكەلى (ئىچكىلى)، بەگى (بېگى)، يۈرەگى (يۈرىكى)، پەللەنى (پەللىنى)، ھەمەسى (ھەممىسى)، نەمەتلەرى (نېمەتلىرى)، بەندەسى (بەندىسى)، مىنگەلى (مىنگىلى)، بەرگەنى (بەرگىنى)، ئىشلەتكەلى (ئىشلەتكىلى)، يۆرگەشىپ (يۆگىشىپ)، غۇلجادا (غۇلجىدا)».

ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن، تۈپ سۆزلەردە:

| قەدىمكى شەكلى | «تارانچى دىيالېكتى»دىكى شەكلى | ھازىرقى شەكلى |
| --- | --- | --- |
| قارى | قېرى | قېرى |
| ياغى | يېغى | يېغى |

سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلىدە: «تېشى، قېشى، بېشى، ئېتى، مېڭىشى، سېلىپ، يېنىپ، بېرىپ، ئېلىپ، قېچىپ، يېيىپ، تىكىنى».

ئۈچىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سۆزنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بوغۇمىدىكى (ئاخىرقى بوغۇم ئەمەس) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى سەل يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئې» غا نۆۋەتلىشىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئى»غا نۆۋەتلىشىدۇ. بۇنىڭدىن تىل ئورنى ئەڭ تۆۋەن تاۋۇش «ئا» بىلەن سەل يۇقىرى تاۋۇش «ئە»نىڭ بىر قىسىم سۆزلەردە ۋاقىت تەرتىپى جەھەتتىن ئاۋۋال تىل ئورنى سەل يۇقىرى بولغان «ئې» تاۋۇشىغا، ئاندىن تىل ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

| قەدىمكى شەكلى | «تارانچى دىيالېكتى»دىكى شەكلى | ھازىرقى شەكلى |
| --- | --- | --- |
| يامان+ى | يامېنى | يامىنى |
| ئالا+سى | ئالېسى | ئالىسى |
| توغقان+ى | تۇققېنى | تۇغقىنى |
| ئاتا+سى | ئاتېسى | ئاتىسى |
| ئاڭلات+ىپ | ئاڭلېتىپ | ئاڭلىتىپ |
| غۇلجا+داكى | غۇلجادېكى | غۇلجىدىكى |

«ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئى» تاۋۇشىغا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

بەلكى «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلى شېۋىسىدە ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئەمما، ئىلى شېۋىسىدە بۇ ئورۇندا كېلىدىغان «ئې» سوزۇق تاۋۇشى ئەدەبىي تىلدىكى «ئې» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا يەنىمۇ يۇقىرى، «ئى» سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا سەل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە، كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلار، ـلەر» بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ـى» سۆزلەرگە تەڭ قوشۇلغاندا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «لىرى» شەكلىدە، «تارانچى دىيالېكتى»دا «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «ـلېرى» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «ياماللېرى (يامانلىرى)، قالغاللېرى (قالغانلىرى)، خوتۇللېرى (خوتۇنلىرى)، زىنداللېرى (زىندانلىرى)» دېگەندەك. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىغا تەۋە بولغان سانجى ئوبلاستى دائىرىسىدىكى ماناس، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل شېۋىسىدە ھېلىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساقلانماقتا.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارانچى دىيالېكتى» دا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلار، ـلەر»دىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، بەزىدە «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشسە، بەزىدە باشقا تاۋۇشلارغا نۆۋەتلەشمەستىن، ئەسلىي شەكلىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

«مۇنىڭ قانچان قىسما ئىشلەري بولسا، ئېنى سوراپ ئاندىن كىن ئۆلتۇرسە بولۇدۇ.»

«بۇ خوجېنى كىشلەري بىلەن جىجۇ دەگەن شەھەرگە پارلاڭلار.»

يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا «ئىش، كىشى» سۆزلىرىگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ـلەر» بىلەن تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ـى» ئۇلانغاندا «ـلەر» قوشۇمچىسىدىكى «ئە» سوزۇق تاۋۇشى «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمەستىن، ئەسلىي شەكلىنى ساقلاپ «ئىشلەري، كىشلەري» شەكلىدە كەلگەن. ئەسەردە يەنە «بەگلەري، يەرلەري» دېگەندەك سۆزلەردىمۇ بەزىدە نۆۋەتلەشمىگەن.

تۆتىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشمىگەن يەنە بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى»دا نۆۋەتلەشكەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«يارنىڭ كۆڭنى لېچىندۇ، مەن ئۆزەمنى قاز[1]ئەتەي.»

«چاچلېرى ئۆسۈپ قېشىغا تۈشۈپتۇ، چىرايى سارغېرىپتۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «لاچىن» سۆزىدە بىرىنچى بوغۇمدىكى ۋە «چىراي» سۆزىدە ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن.

دېمەك، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت بولغان، ھەمدە خېلى كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشقان. لېكىن بۇ ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە قارىغاندا يەنىلا تۆۋەن بولغان. شۇڭدەك بەزى سۆزلەرنىڭ نۆۋەتلەشكەن شەكلىمۇ، نۆۋەتلەشمىگەن شەكلىمۇ تەڭ كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ ئەينى دەۋردە يەنىلا ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىشىدىن باشقا يەنە بەزى ئەھۋاللارمۇ بار. يەنى، شەخس ئالماش «ئۇ»غا تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا تىل ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان «ئۇ» تاۋۇشى بەزىدە تىل ئورنى سەل يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئې»غا، بەزىدە تىل ئورنى ئەڭ تۆۋەن تاۋۇش «ئا»غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

«ئېنى ساندۇققا سېلىپ ئەتكەن.»

«ئېنىڭدىن پاتىشا بىر مۇنچا سۆز سورېدى.»

«مۇنى ئاڭا خۇدا ئۆزى بەرگەن.»

«خوتۇن ئالارنى كۆردى.»

«ئاندىن ئۆزگە ئىشلەرنى دالويا ئۆزى تۈگەتەدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئۇ» تاۋۇشى تۇرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلانغاندا «ئې» ياكى «ئا» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «ئېنى، (ئۇنى)، ئېنىڭ (ئۇنىڭ)، ئاڭا (ئۇنىڭغا)، ئالار (ئۇلار)، ئاندىن (ئۇنىڭدىن)» شەكىللىرىدە كەلگەن.

(2) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى. «تارانچى

دىيالېكتى» دىكى ئەسەرلەرنىڭ تىرانسكرىپسىيەسىدىن قارىغاندا، بەزى سۆزلەر ئىككى خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلى، يەنە بىرى سۆز تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى شەكلىدۇر. بۇ ئىككى شەكىلنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى نۇتۇق ئىقتىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشى ياكى ئاخىرىدىكى پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «چ» سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش «ش»غا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«ئۇ يەردە ئۇش كۆن تۇرۇپ، ئۇش كۈندىن كىن ياندى.»

«بىر ئۆي ئاغرىدى، ئوت بەرسە يەمەيدۇ، سۇ ئىشمەيدۇ.»

«مۇنۇڭ ئارىسىدا ئىش شىقسا، خانئامبالنى جانجۇن قىشقىرتىدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئۈچ، ئىچمەك، چىقماق» سۆزلىرىدىكى «چ» تاۋۇشى «ش» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «ئۇش، ئىشمەك، شىقماق» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئىككىنچى، بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ز» بەزىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «س»غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

«سەنجىر پاتتى قولۇمغا.»

«مەن قىلارمەن ئۇتۇس، خۇدا قىلار توقۇس.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «زەنجىر، ئوتتۇز، توققۇز» سۆزلىرىدىكى «ز» تاۋۇشى «س» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «سەنجىر، ئوتۇس، توقۇس» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئۈچىنچى، بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم بېشىدا كەلگەن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «د» بەزىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «ت»غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ تولا ياخشى پاتشا ئىكەن.»

«ئەرىمنى بىر توشمەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «پادىشاھ، دۈشمەن» سۆزلىرىدىكى بوغۇم بېشى بولغان «د» تاۋۇشى «ت» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆزلەر «پاتشا، توشمەن» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

تۆتىنچى، دەرىجە سانىنى ئىپادىلەيدىغان «-جى» قوشۇمچىسىنىڭ بوغۇم بېشىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ج» بەزىدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش «چ»غا نۆۋەتلىشىپ، بۇ قوشۇمچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «-چى» شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «بىرىنچى، ئىكىنچى، ئۇچىنچى، تۆرتىنچى».

بەشىنچى، بىر قىسىم ئەرەبچە كىرمە سۆزلەردە بوغۇم بېشىدىكى «ۋ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: «بى گوپا بوگون بارار، تاڭنا ئونۇتار يارىنى.»

يۇقىرىقى مىسالدا ئەرەبچە كىرمە سۆز «ۋەفا»دىكى «ۋ» تاۋۇشى «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «گوپا» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

ئالتىنچى، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «خ، غ» تاۋۇشلىرىنىڭ «ق» تاۋۇشىغا، بەزىدە بۇنىڭ ئەكسىچە «ق» تاۋۇشىنىڭ «خ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن ئەھۋالىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئول ۋاختا ئابدىشىرىپ ئاقۇن خونوخايدا ساۋدا قىلىپ يۈرۈت ئىكەن.»

«ئاخسۇدا ئۇش يىل تۇردۇم، ئاخسۇدا مەنى بىلىدىغان كىشىلەر بار.»

«ئاتقا مىنسەڭ ئاتاڭغا باخما.»

«ئاسماندىن بىر پاچا بولۇت كەلىپ، ئول قانىنىڭ تۆپەسىدە ياگمۇر ياقىدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ۋاقتا، ئاقسۇ، باقما» سۆزلىرىدىكى «ق» تاۋۇشى «خ» تاۋۇشىغا، «ياغىدۇ» سۆزىدىكى «غ» تاۋۇشى بىلەن «ئاخۇن» سۆزىدىكى «خ» تاۋۇشى «ق» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، «ۋاختا، ئاخسۇ، باخما، ياقىدۇ، ئاقۇن» شەكىللىرىدە كەلگەن.

**3) تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

(1) ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«پاتىشا ئۆيىگە ئايتىپ بېرىپ، يەتتى كەچە-كۈندۈز مىمان قىلدى.»

«مەكىسپدارلار بۇ خانىنىڭ جەمەتى دەپ تولا ئەتىيات قىلىت ئىكەن.»

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يۇقىرىقى مىساللاردىكى «پادىشاھ، مېھمان، ئېھتىيات» سۆزلىرىدە «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «پاتشا، مىمان، ئەتىيات» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

(2) بىر قىسىم سۆزلەردە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«بىر قوقساڭ ھەخلى بار كىشىدىن قوق، بىر قوقساڭ ھەخلى يوق كىشىدىن قوق».

بۇ مىسالدا «قورق» سۆزىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ «قوق» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە يەنە «بى (بىر)، تو (تور)، دەيى (دەريا)، يۇت (يۇرت)، ئاقىسى (ئارقىسى)، تابا (تاۋار)، پاچا (پارچە)، ساغايغان (سارغايغان)، ساغاتۇ (سارغايتۇر)، قاز (قەرز)، قاتا (قاتار)» دېگەن سۆزلەردىمۇ «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

(3) بىر قىسىم سۆزلەردە «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«تاڭنېكى قۇرۇقتۇن بۇگۇنكى ئۆپكۇ ياخشى.»

«چەرىكنىڭ يېيدىغان، ئىچىدىغان، كىدىغان كىملەرىنى توشدى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «قۇيرۇق، كەيدىغان، كەيىم» سۆزلىرىدە «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، «قۇرۇق، كىدىغان، كىم» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

(4) بىر قىسىم سۆزلەردە «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«بىر كۆنى ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئو ئولاپ يۈرمتتى.»

«ئاندىن كىن ئۇچىلار ئول يەردىن كەتتى.»

«ئۇلىيالار قولدىسۇن.»

«خىيالىمغا كەلگەندە، قالماق بولۇپ مەن تولۇدۇم.»

«يېگى يار كىشى تۇسسا، سودايى ئاغرىق بولغۇدەك.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئوۋ، ئوۋچى، ئوۋلىماق، توۋلۇماق، ئەۋلىيا، سەۋدايى» دېگەن سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ۋ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «ئو، ئوچى، ئولىماق، ئولىيا، تولۇدۇم، سودايى» شەكىللىرىدە ئىپادىلەنگەن.

(5) بىر قىسىم سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۇزۇك تاۋۇشلار بەزى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇلۇپ، بوغۇم بويىچە چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«سىلەر جانجۇن دەپ ۋاقىراڭلار. جانجۇن سىلەرنىڭ تۈشۈڭلارنى ئىشتىپ، ئىلىپ كەلىپ سۇرايدۇ.»

«دۇمباقنىڭ توشىنى جانجۇن ئاڭلاپ، بىر داتخور كەلىپتۇ، ئىلىپ كىرىڭلەر، دەپتۇ.»

«بۇ كىككە ئوق چىقارماڭلار، تىرىك تۇتۇڭلار.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «تاۋۇش، كەيىك» سۆزلىرىدە بىردىن بوغۇم چۈشۈپ قېلىپ «تۇش\توش، كىك» شەكىللىرىدە ئىپادىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا ئەسەردە يەنە «كىن (كەيىن)، سوق (سوغۇق)، جەنگىر (جەھانگىر)، مەلە (مەھەللە)، يوسۇل (ياساۋۇل)، ئەپ كەل (ئالىپ كەل)» دېگەن سۆزلەردىمۇ تاۋۇشلار بوغۇملار بويىچە چۈشۈپ قالغان.

### 4) تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

«تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم ئەرەبچە كىرمە سۆزلەرنىڭ ئالدىغا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان. مەسىلەن:

«ئول قىز تولا چىرايلىق، ھېقىللىق، دانىشمەن ئىكەن.»

«مەنىڭكى ئىكى يارىم بار، كۆرمەككە ھەجەپ چاققان.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «ئەقىل، ئەجەب» سۆزلىرىنىڭ ئالدىغا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالغان.

## 2. تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

«تارانچى دىيالېكتى» بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئەسەر خاتىرىلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 150 يىلغا يېقىن تارىخىي جەرياندا تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلاردا نۆۋەتلىشىش، چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش قاتارلىق بەزى تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1) تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

(1) سوزۇق تاۋۇشلاردىكى نۆۋەتلىشىش. بىرىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئۇ» تاۋۇشىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئو» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

«دالۋىيىنىڭ ئالدىغا نەچچە قىسما سۇراق كەلىدۇ.»

«ئاندىن دالويا سۆز سۇرايدۇ.»

يۇقىرىقى مىساللاردا «سۇراق، سۇرايدۇ» سۆزلىرىدىكى تىل ئورنى ئەڭ يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش «ئۇ» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئورنى سەل يۇقىرى بولغان «ئو» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ «سوراق، سورايدۇ» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئۆ» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«جانجۇن ئۆزى تۆگەتكىدەك ئىش بولسا ئۆزى تۆگەتۈدۇ.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «تۆگەتمەك» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تۈگەتمەك» شەكلىدە كۆرۈلگەن.

لېكىن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە «ئۆ» تاۋۇشى بەزىدە يۇقىرىقىدەك شەكىلدە كەلسە، بەزىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش «ئۈ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«سىلەر مۇنى ياخشى سوراپ تۈگەتىپ، ماڭا ئاڭلاتىڭلار »

يۇقىرىقى مىسالدا «تۈگەتمەك» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە كەلگەن. بۇنىڭدىن ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان تىل ھالىتىنى كۆرۈش مۇمكىن.

ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى نۆۋەتلىشىش. بىرىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ت» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«شىرىن دەگەن بىر پاتىشانىڭ قىزىنى تۈشىدە كۆردى.»

«ئۇ يىگىتكە كۆڭنى تۈشتى.»

«تۆرت كەپتەر كەلىپ ئالدىغا تۈشۈپتۇ.»

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «تۈش، تۈشمەك» سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چۈش (ئىسىم)، چۈشمەك (پېئىل)» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«نەپسەڭ ساندۇق ئاچىلار، گۈل بېشىمغا ساچىلار.»

«ئۆينىڭ تۆرىدە ياتقان، ساشقاننى ماراپ ياتقان.»

يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى «ساچماق، ساشقان» سۆزلىرىدە بوغۇم بېشىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، «چاچماق، چاشقان» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا كۆرسىتىش ئالماش «بۇ» تۈرلىنىشچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەندە «مۇ» شەكلىدە كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۇنداق بولماستىن، بەلكى «بۇ» شەكلى بويىچە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«مۇنى ئۆزەم ئالدىم دەگەلى بولمايدۇ، مۇنى ئاڭا خۇدا ئۆزى بەرگەن.»

«مۇڭا سىلەر ئىخلاس قىلماڭلار، ئاخىرىغا ئۆزەڭلەرگە يامان بولۇدۇ.»

«مۇنۇڭ ئاغزى پۇچۇق، بۇ تولا يامان كىشى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلەنگەن «مۇنى، ئاڭا، مۇڭا، مۇنۇڭ» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىكى «م» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ب» تاۋۇشى بىلەن كېلىپ، بۇ سۆزلەر «بۇنى، ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا، بۇنىڭ» شەكلىدە كېلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تۈرلىنىشچى قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ، «مۇ» بوغۇمى بىلەن باشلىنىپ كېلىدىغان كۆرسىتىش ئالماشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسىدە ھېلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تۆتىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سۆز بېشىدىكى «ب» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«شەرىئەت بۈتمەگەنىگە تاش تاشلاپ ئۆلتۈرىدىغان گۇنا كەلىدۇ، دەدى»

«مۇڭا بىر-ئىكى يۈز تاشچى بولسا، ئىككى يىلدا بۈتەر دەپ ئاڭلاتتى.»

«بۇ قىلغان ئىشلەرنى بىر-بىر خاتقا بۈتۈپ خاتنغا بولاپتۇ.»

«يۈت ئىچىدە ئىككى كىشى سوقۇشۇپ، بىرى ئۆلسۈ، يا بىچاق سالغان بولسا، ئېنى كەلىپ داۋىيىغا ئاڭلاتىدۇ.»

يۇقىرىقى سۆزلەردىكى «بۈتمەگەن، بۈتەر، بۈتۈپ، بىچاق» سۆزلىرىنىڭ بوغۇم بېشىدىكى «ب»

www.uyghurkitap.com



تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «پ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر «پۇتمىگەن، پۇتەر، پۇتۇپ، پىچاق» شەكلىدە كېلىدۇ. ئەسەردە يەنە «بىشۇرماق\بۇشۇرماق (پىشۇرماق)، بالتا (پالتا)» سۆزلىرىمۇ مۇشۇ خىل شەكىلدە كەلگەن.

بەشىنچىدىن، «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ز» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن. مەسىلەن:

«ئۇ يىگىت قارچىغىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇ باققا كىردى، كىرىپ قارچىغىسىنى ئىستەپ تاپتى.»

«بۇ كوچاغا سۇ(نى) كىم قويۇپتۇ، ئىستەپ تېپىڭلار، دېيتۇ.»

بۇ مىساللاردىكى «ئىستەمەك» سۆزى تەركىبىدىكى «س» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ز» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ، بۇ سۆز «ئىزدىمەك» شەكلىدە كېلىدۇ.

ئالتىنچىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «دەۋە\تەۋە» (تۆگە) سۆزى «تارانچى دىيالېكتى»دا بەزىدە «دەۋە» شەكلىدە، بەزىدە «تۆگە» شەكلىدە قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن بۇ سۆزدىكى «ۋ» تاۋۇشىنىڭ «گ» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشىنىڭ ئەينى دەۋردە ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

«بىر دەۋەنى قوشۇپ ھەمراھى ئائىلىسىنىڭ شەھەرىگە بۇلبۇلى گويىغا ئەۋەتتى.»

«مىنگەلى ئات بەردى، ئىشلەتكەلى تۆگە بەردى.»

**2) تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى**

(1) «تارانچى دىيالېكتى»دا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمىغان بىر قىسىم سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇش چۈشۈپ قالغان ھالەتتە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«بۆلۈك كىشىنى ئەرگەشىپ كەتتى.»

«كەڭرۇ يەرگە خىرمان قىلىپ توشۇپ تەپتى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ئەرگەشىپ، خىرمان» سۆزلىرىدىكى «ر» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «ئەگىشىپ، خامان» شەكلىدە كېلىدۇ. ئەسەردە قوللىنىلغان «ئۆرت، بۆرك، پارلىماق، يۈرگەمەك، ئەرتە، يەركەن، دەرۋا، چۆرچەك، ئەۋەرتمەك» سۆزلىرىدىكى «ر» تاۋۇشىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «بۆك، پالىماق، يۆگىمەك، ئەتە، يەكەن، دەۋا، چۆچەك» شەكلىدە كېلىدۇ.

(2) «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەر تەركىبىدىكى «ن» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن:

«يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇنچا، ياخشىنىڭ يامىنى بول.»

«ئاش قالماغىنچا ئاشنىڭ قادىرىنى بىلمەس، يايلاق يۇرمەگىنچە ئاتنىڭ قادىرىنى بىلمەس.»

«نەچەن غەلبۇر بۇغدايىنى بەكار ئېلىپ كەتتى.»

«قانچان ئادەملەر قاشقارنىڭ يولىدا ئۇن توشۇپ مۇزلاپ ئۆلدى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «بولغۇنچا، قالماغىنچا، يۇرمەگىنچە، نەچەن، قانچان» سۆزلىرىدىكى «ن» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قېلىپ، بۇ سۆزلەر «بولغۇچە، قالمىغىچە، يۈرمىگىچە، نەچچە، قانچە (قانچىلىغان)» شەكلىدە كېلىدۇ.

**3) تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى**

(1) ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەر «تارانچى دىيالېكتى»دا سۆز بېشىغا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلمىغان شەكىلدە كەلسە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئاراقچىنىڭ[2] كۆڭلى باي.»

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئاراق» سۆزىنىڭ ئالدىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ھ» تاۋۇشى قوشۇلۇپ «ھاراق» شەكلىدە كېلىدۇ.

(2) «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەر ئىككى بوغۇم ئارىلىقىدا ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرىدىكى «ي» تاۋۇشى قوشۇلمىغان شەكىلدە كەلسە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ي» تاۋۇشى قوشۇلغان شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇل كىشىنى قىنىغا باستى، قىنىغاندىن كىن راستىنى ئايتتى.»

«سەن ئاغلىرىڭدىن[3] ئارىلمىغىن.»

«توسۇن ئاتقا يوگەن سالدىم، مىندىم، قارىلدىم.»

«ئاسمان تۆپۈنگە قالسا، بىر تورغاي ساراپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ.»

«ھەر قاسى ئايماقنىڭ خالخى بەگلەرىنىڭ شۇملىگىدىن يوقۇلۇپ كەتتى.»

«چاپىپىنىمى قورۇيدۇ، ئۆزەم ھەم ئوتۇنىنى سىنىپ ئىسسىمەن، دەدى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «قىنىماق، ئارىلماق، قارىلماق، ساراماق، ھەر قاسى، ئىسسىمەن» سۆزلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم ئارىلىقىغا بىردىن «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ، بۇ سۆزلەر «قىينىماق، ئايرىلماق، قايرىلماق، سايرىماق، ھەر قايسى، ئىسسىيمەن» شەكلىدە كېلىدۇ.

(3) «تارانچى دىيالېكتى»دا بىر قىسىم سۆزلەردە ئىككى بوغۇم ئارىسىدا كەلگەن بىر ئۇزۇك تاۋۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككىگە پارچىلىنىپ، بىرى ئالدىنقى بوغۇمنىڭ ئاخىرى، يەنە بىرى كېيىنكى بوغۇمنىڭ بېشى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ھەكىم، شاغا توقۇز قاتا(ر) سۆگۆدۆپ[4]، توقۇز قاتا(ر) باش قويدى.»

«يامغۇر ياغمىغان بولۇتتىن، ئاچىغى كەلگەندە كۆلگەن كىشىدىن ھەزەر قىل.»

«قوسۇغۇم ئاشتى دەگەنگە ئاش بەردى، ئۇسۇدۇم دەگەنگە سۇ بەردى.»

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «توقۇز، ئاچىغ، ئۇسۇماق» سۆزلىرىدە ئىككى بوغۇم ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئۇزۇك تاۋۇش بار بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئۇزۇك تاۋۇش ئىككىگە ئاجراپ، بۇ سۆزلەر «توققۇز، ئاچچىق، ئۇسسۇماق» شەكىللىرىدە كېلىدۇ. ئەسەردە يەنە بۇنداق سۆزلەردىن «ئوتۇز (ئوتتۇز)، ئىكى (ئىككى)، يەتى (يەتتە)، سەكىز (سەككىز)، ھەمە (ھەممە)، سادە (ساددا)، قىمات (قىممەت)» قاتارلىقلار بار.

دېمەك، رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق كىتابىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ نوتۇق ئېقىمىدا يۈز بېرىدىغان ئاسسىمىلياتسىيە، نۆۋەتلىشىش، چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش قاتارلىق فونېتىكىلىق ھادىسىلىرى بىر قەدەر روشەن ھالدا ئەكس ئەتكەن. شۇنىڭدەك بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، مۇقىملىق دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. بۇ دەۋر تىلى فونېتىكا جەھەتتىن چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، تەدرىجىي ھالدا خەلقنىڭ ئېغىز تىلىغا يېقىنلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس ياراتقان. شۇنىڭدەك، بىز ئۆتكۈنچى دەۋر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بىر قىسىم سۆزلەردە بەزى تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلەشكەنلىكى، چۈشۈپ قالغانلىقى، قوشۇلۇپ قالغانلىقىدەك تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. بۇلارنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش بىزنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى توغرا ئىگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] قاز- غاز.
[2] ئاراقچى- ھاراقكەش.
[3] ئاغا- ئاكا.
[4] سۆگۈتمەك- تىزىم قىلماق

## پايدىلانمىلار

1. ۋ. ۋ. رادلوف: «شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ تىلى، 1- بۆلۈم: خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر، 6- قىسىم: تارانچى دىيالېكتى»، سانكت پېتېربۇرگ، 1886- يىلى نەشرى.
2. ئارسلان ئابدۇللا، يارى ئەبەيدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010- يىلى 12- ئاي نەشرى.
3. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989- يىلى نەشرى.
4. ئەسەت سۇلايمان: «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى ۋە ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007- يىللىق 4- سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 09ـ034ـ1005ـ5878 (2013)02

# ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئامىللار ھەققىدە مۇلاھىزە*

ئاينۇر ئابدۇرېشىت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋە تەپەككۇر قورالى بولۇپ، تىل شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىدىيەسى، مەۋقەسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلدىكى جىنسىي پەرق ۋە جىنسىي كەمسىتىش ھادىسىسى ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا مەۋجۇت بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولۇپ، بۇ ھادىسە تىلشۇناسلارنىڭ قىزىق مۇھاكىمە تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ ھادىسە مەۋجۇت. بۇ ماقالىدە، تىلىمىزنىڭ سۆزلۈك سىستېمىسى، سۆز تەرتىپى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى قاتارلىق نۇقتىلاردىن، تىلىمىزدىكى جىنسىي كەمسىتىش ھادىسىسى ھەققىدە نىسبەتەن سىستېمىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ھادىسىسىنى ئازايتىپ ياكى تۈگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىناق تىل مۇھىتى بەرپا قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**摘要:** 语言是人类交际和思维的最重要的工具，它反映了语言使用者的思想、态度和文化。语言的性别差异和性别歧视现象一直是语言学家尤其是社会语言学家讨论的热点话题。因为语言的性别歧视是各民族语言都普遍存在的现象，故维吾尔语中也存在性别歧视现象。本文拟从维吾尔语词汇、词序与句子结构、民间谚语等角度，对维吾尔语中的性别歧视现象进行系统描写、分析，以期有助于深化对语言歧视现象的认识，提高避免使用歧视性语言的自觉性，促进语言和谐和社会和谐。

**Abstract:** As an important tool of human communication and human thought, the language represents speaker's thought, attitude and culture. As one of the hottest topics for linguists, especially for social linguists, the phenomenon of gender differences and sexual discriminations are common in all kinds of languages in the world, including Uyghur language. By studying sexual discrimination contents in Uyghur vocabulary, word order, sentence structure and proverbs, this thesis systematically analyzes sexual discrimination parts of Uyghur language and hopes the result will be helpful to minimize the influence of sexual discrimination in Uyghur language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئەر ـ ئاياللاردىكى جىنس پەرقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل كەمسىتىش ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىشى شەكلىدىمۇ، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى كەمسىتىشى شەكلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «جىنسىي كەمسىتىش» ئاتالغۇسىدىن ئالغاندا، بۇ ئاتالغۇ غەرب تىلشۇناسلىقىدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ يېقىنقى يىللاردىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەسىلەن، 1999ـ1991 ـ يىللىرىدا نەشر قىلىنغان ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە بۇ ئاتالغۇ

* بۇ ماقالە 2012 ـيىلى 9 ـ ئاينىڭ 10ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئاينۇر ئابدۇرېشىت (1967 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئىنگلىز تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇچرىمايدۇ (بۇ لۇغەتتىكى «جىنسىي» دېگەن سۆزلەم ئاستىغا 15 قوشۇمچە سۆزلەم بېرىلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە «جىنسىي كەمسىتىش» ئاتالغۇسى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئىزاھلىق لۇغەتلەردە بۇ ئاتالغۇنى ئۇچراتمىدىم). ئىنگلىزچە «رومانىنىڭ ئىنگلىز تىلى لۇغىتى» دە بۇ ئاتالغۇغا «جىنسنى ئاساس قىلغان بىر تۈرلۈك كەمسىتىش، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان بىرتەرەپلىمە قارىشى» دەپ، «ئامېرىكا ئەنئەنىۋى لۇغىتى»دە بولسا «بىر جىنستىكىلەرنىڭ يەنە بىر جىنستىكىلەرنى، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىشى» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. دېمەك، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئاساسەن ئاياللارنى كەمسىتىشكە قارىتىلىدۇ.

مەيلى ئەرلەرگە قارىتىلغان بولسۇن ياكى ئاياللارغا قارىتىلغان بولسۇن، جىنسىي كەمسىتىشنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىر تۈرلۈك ناتوغرا، بىنورمال ھادىسە بولۇپ، ھەرقايسى تىللاردىكى جىنسىي كەمسىتىشكە دائىر ئامىللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ جەھەتتىكى تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنى ئازايتىش، ھەتتا يوق قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا جىنسىي كەمسىتىش ھادىسىسى بار بولسىمۇ، ئەمما تېخى تۈزۈك تەتقىق قىلىنمىغان بىر ساھە. ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە دائىر ئامىللارنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە دائىر ئامىللار ئاساسلىقى تىلىمىزنىڭ سۆزلۈك سىستېمىسى، يەنى سۆز - ئاتالغۇلاردىكى يوشۇرۇن تۈس، ئادەت سۆزلىرى، سۆزلەردىكى ئىلگىرى - كېيىنلىك جەھەتتىن ماسلىشىش، جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە ماقال - تەمسىللەردىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت مەزمۇنلار نۇقتىلار بويىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىكى جىنسىي كەمسىتىش

### 1) يەككە سۆزلەردىكى جىنسىي كەمسىتىش

ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن سۆزلۈكتىن باشلاپ تەكشۈرۈش كېرەك. ھەرقانداق تىلنىڭ سۆزلۈك سىستېمىسىدا مۇتىدىل سۆزلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ھامان بىر بۆلۈك سەلبىي ياكى ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەر بولىدۇ. ئەنە شۇ سەلبىي ياكى ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەر ئىچىدە يەنە مەخسۇس جىنس ئايرىمىسى بويىچە قاراتمىلىق ئىشلىتىلىدىغانلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مەخسۇس ئاياللارنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم سەلبىي مەنىلىك سۆزلەر باركى، ئۇلار ئادەتتە ئەرلەرگە قارىتا ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ (ناۋادا ئىشلىتىلدى دېگەندىمۇ، شۇ سۆزلەر قارىتىلغان ئەرلەرنى تېخىمۇ كەمسىتىش مەنىسىنى بېرىدۇ). مەسىلەن:

كوت-كوت، ۋات - ۋات، ۋىت - ۋىت (تولا سۆزلەيدىغان ئايال)

قانجۇق، شەرمەندە، پاسكىنا، رەسۋا، بۇزۇق (نومۇسسىز، ھايا قىلمايدىغان ئايال)

مېكىجىن، تۈلكىجىن (بۇزۇقچىلىق قىلىپ سەتلىشىپ كەتكەن ئايال)

ئالۋاستى (قىلىقى سەت، ھاياسىز، جېدەلخور ئايال)

مىجىق (ئىشنى تولىمۇ ئاستا قىلىدىغان ئايال)

سەتەڭ (ياسانچۇق ھەم ئىشقىۋاز ئايال)

دەللە، دەللال (ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى ئۇچراشتۇرغۇچى)

شەقىقە (سارائىدەك تولا سۆزلەيدىغان كاس - كاس ئايال)

جومباق (سەت، قاملاشمىغان ئايال)

بۇنداق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك شېۋە - دىيالېكتلىرىدىمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن، كۇسۇك (بۇزۇق ئايال)، موللاقچى (پاھىشە)، قىردا يۇمىلانغان (خالىغان ئەرلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغان) دېگەندەك. بۇ سۆزلەرگە ئۇدۇل كېلىدىغان ئەرلەرنى كەمسىتىدىغان سۆزلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈك سىستېمىسىدىكى ئاياللارنى كەمسىتىشنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**2) سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇش ۋە كۆچمە مەنە بېرىشتە ئىپادىلەنگەن جىنسىي كەمستىش**

باشقا تىللاردا بولغىنىدەك ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تۇرلۇك مەنىلەرنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلار (ياكى ياردەمچى سۆزلەر) بولىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا جىنس كاتېگورىيەسى بولمىغاچقا، بۇنداق قوشۇمچىلار ئاساسەن جىنسقا قاراپ پەرقلەنمەيدۇ (پەقەت ئەرەب تىلىنى دوراپ، سۈنئىي ھالدا قىسمەن ئىشلىتىۋاتقان «مۇئەللىمە، شائىرە» دېگەندەكلەردىكى «ئە» قوشۇمچىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر تىلىدا ئاياللار ئىسمىنىڭ كەينىگە «ـ ەك»نى قوشۇپ، كەمستىشنى ئىپادىلەيدىغان ھادىسە مەۋجۇت. بولۇپمۇ بۇ جانلىق تىلدا خېلى كەڭ. مەسىلەن، «پاتىمە»نى «پاتىمەك» ياكى «پاتەك»، «توختىخان»نى «توختەك»، «مەريەم»نى «مەرەك»، «شازادىخان»نى «شازادەك» ياكى «شازەك»، «تۇرنىسا»نى «تۇنىسەك» ياكى «تۇسەك» دېگەندەك سەتلەشتۇرۇپ ئاتاش ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ (بۇلار ئاساسەن ئۆزئارا دۈشمەنلەشكەنلەر ياكى جېدەللىشىپ ئۇرۇشقانلار ئارىسىدا قاراتمىلىق ھالدا ئېيتىلىدۇ. نورمال ئەھۋالدا ئىشلىتىلمەيدۇ). بۇ قوشۇمچە گەرچە قىسمەن ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلسىمۇ، ئەمما ئومۇملىشىش دەرىجىسىدىن ئالغاندا، ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندەك كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

سۆزگە كۆچمە مەنە بېرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا سەلبىي مەنىدىكى سۆزلەرگە، كىشىلەر ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسە ۋە ھايۋانلارنىڭ ناملىرىغا ئاياللارنى كۆرسىتىدىغان مەنىلەرنى يۈكلەش ھادىسىسىنىڭ خېلى ئېغىرلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، تۈلكە كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھىيلىگەر، مەككار، شەخسىيەتچى ھايۋان بولسا، بۆرە جەسۇر، ئۆز تۈپىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىدىغان ھايۋان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار قىزلارنى تۈلكىگە، ئوغۇللارنى بۆرىگە ئوخشىتىپ، يېڭى پەرزەنتلىك بولغانلاردىن پەرزەنتىنىڭ جىنس ئايرىمىسىنى «بۆرىمۇ ياكى تۈلكە؟» دەپ سورايدۇ. پەرزەنت ئوغۇل بولسا «بۆرە» دەپ، قىز بولسا «تۈلكە» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. بىز دەسلەپتە تىلغا ئالغان ئاياللارنى كەمستىدىغان سۆزلەردىن «قانجۇق (چىشى ئىت)، مېكىجىن (چىشى توڭگۇز)، تۈلكىجىن (تۈلكە جىن)، ئالۋاستى (ئىنسانلارغا ئاپەت كەلتۈرگۈچى ئەپسانىۋى مەخلۇق)، دەللال (سودىدا كېلىشتۈرگۈچى)، شەقىقە (باشنىڭ بىر تەرىپى ئاغرىش كېسىلى)» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە ئاياللارنى بىلدۈرىدىغان ھېسسىي مەنىلەرنى يۈكلەش ئاساسىدا، ئاياللارنى ھاقارەتلەيدىغان كۆچمە مەنىلىك سۆزلەر قاتارىدا تۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا «كوت-كوت، ۋات ـ ۋات، ۋىت ـ ۋىت، شەرمەندە، پاسكىنا، رەسۋا، بۇزۇق، مىجىق، سەتەڭ، دەللە (دەللال)، جومباق» قاتارلىق سۆزلەر ئىپادىلىگەن سەلبىي ھادىسىلەر ئەمەلىيەتتە پەقەت ئاياللاردىلا كۆرۈلۈپ، ئەرلەردە كۆرۈلمەيدىغان ھادىسىلەر ئەمەس. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ سۆزلەر پەقەت ئاياللارنى ھاقارەتلىگەندىلا ئىشلىتىلىدىغان، ئەرلەرگە كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەر بولۇپ قالغان.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمستىش سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلاردا ھەم سۆزلەرگە يۈكلەنگەن كۆچمە مەنىلەردىمۇ خېلى روشەن كۆرۈلىدۇ.

**3) سۆزلەرنىڭ ئىچكى مەنە قاتلىمىدا ئىپادىلەنگەن جىنسىي كەمستىش**

ھەرقانداق تىلدىكى سۆزلەردە، بولۇپمۇ مەنە جەھەتتىن يېقىن ياكى قارىمۇقارشى بولغان تۈردىكى سۆزلەردە شۇ سۆزنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان يەنە بىر تۈس مەنىسى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەر ۋە ئايال جىنسلار ئۈچۈن خاس بولغان سۆزلەردە بۇ خىل ئىچكى تۈس مەنىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئومۇمەن ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردە بىر خىل ئىجابىي تۈس گەۋدىلەنسە، ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە بىر خىل كەمستىش ياكى تۆۋەن كۆرۈش تۈسى يوشۇرۇنغان. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئەر ۋە ئاياللارغا خاس بولغان ئاتاش سۆزلىرىگە قارايلى:

| قىز | ئوغۇل |
| --- | --- |

| | |
|---|---|
| ئەر | ئايال |
| ئەركەك | خوتۇن |
| بويتاق ئەر | تۇل خوتۇن |
| قېرى يىگىت | قېرى قىز |
| شاھزادە | مەلىكە |

بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇدۇل مەنىسى بىر ـ بىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە بولسىمۇ، ئەمما تىل ئەمەلىيىتىدە روشەن تۇس پەرقىگە ئىگە: بىر ئايالنى «ئەر كىشىدەك ئايال ئىكەنسىز» دېسە، چىن ماختاشنى بىلدۈرسە، بىر ئەرنى «خوتۇن كىشىدەك ئادەم ئىكەنسىز» دېسە، ئېنىق كەمسىتىشنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا «نازىنىن، ئەۋرىشىم، ئاي كۆرۈش (ھەيز كېلىش، ئاغرىپ قېلىش)، سىزىك بولۇش، قورساق كۆتۈرۈش» دېگەنلەرگە ئوخشاش مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ناۋادا ئەرلەرگە ئىشلىتىلسە، ئەسلىي مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ پۈتۈنلەي سەلبىي مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «سوقا ـ سەندەلدەك (كۈچلۈك)، باتۇر، قاۋۇل، قامەتلىك» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان سۆزلەر ئاياللارغا ئىشلىتىلسىمۇ ئوخشاشلا ئۆز مەنىسىنى يوقاتماي ئىجابىي مەنە بېرىۋېرىدۇ. يىگىت ـ قىزلارنىڭ توي قىلىشىنى بىلدۈرىدىغان «خوتۇن ئالماق»، «ئۆيلەنمەك» دېگەن سۆزلەر بىلەن «ئەرگە تەگمەك»، «ياتلىق بولماق» دېگەن سۆزلەردىمۇ روشەن ئېچكى مەنە تۇس پەرقى بار. يەنى، ئەرلەر «ئالىدۇ»، ئاياللار «تېگىدۇ»، ئەرلەر «ئۆيلۈك بولىدۇ»، ئاياللار «ئۆيدىن چىقىپ ياتلىق بولىدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىدە يەنە «ئىنەك، ساغلىق، مېكىيان» دېگەندەك چىشى ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئاياللارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇنداق چاغدا بۇناملار روشەن كەمسىتىش تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇ ناملار بىلەن ئەرلەرنى كۆرسەتسە كەمسىتىش تۈسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، «تورپاق، قوشقار، خوراز» دېگەندەك ناملار بىلەن ئەرلەرنى كۆرسەتكەندە بۇ ناملار بىر خىل ئىجابىي ماختاش تۈسىنى بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ناملار بىلەن ئاياللارنى كۆرسەتسە ماختاش تۈسى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «كىشى، بالا، پەرزەنت» دېگەندەك جىنسىي قاراتمىلىقى يوق مۆتىدىل سۆزلەرنىڭ ئېچكى قاتلىمىغىمۇ «ئايال ئەمەس، ئەر» دېگەن تۈس يوشۇرۇنغان. شۇڭا بۇ سۆزلەر ئاياللارغا قارىتىپ ئېيتىلغاندا، بۇلارنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە «قىز» ياكى «ئايال» سۆزىنى قوشۇپ ئېنىقلاش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتىدە يۇقىرىقى سۆزلەر ئايال جىنسلىقلارنى كۆرسەتكەندە «ئايال كىشى، قىز بالا، قىز پەرزەنت» دەپ ئاتايدۇكى، بىۋاسىتە «كىشى، بالا، پەرزەنت» دېمەيدۇ. ئەرلەرگە بولسا ئۇدۇل ئىشلىتىۋېرىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلەنگەن جىنسىي كەمستىش

### 1) ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سۆز تەرتىپىدە ئىپادىلەنگەن جىنسىي كەمستىش

باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بەلگىلىك تۇراقلىققا ئىگە سۆز تۈپى مەۋجۇت بولۇپ، ئادەتتە ئەر ـ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆز تۈپىدا ھامان ئەرلەرنى بىلدۈرگۈچى سۆز ئالدىدا، ئاياللارنى بىلدۈرگۈچى سۆز ئارقىدا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەر تىپىك مىسالدۇر. مەسىلەن، «ئەر ـ ئايال، ئەر ـ خوتۇن، ئاتا ـ ئانا، بوۋاي ـ موماي، ئوغۇل ـ قىز، يىگىت ـ قىز، شاھزادە ـ مەلىكە، ئىنى ـ سىڭىل، تاغا ـ ھامما، ئاكا ـ ئاچا، شائىر ـ شائىرە» قاتارلىق ئىككى جىنسنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەردە ئەر جىنسنى بىلدۈرگۈچى سۆز ھامان ئالدىدا كېلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈپلىرىنىڭ رەت تەرتىپىدە ئەر جىنسنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەرنىڭ ئاياللارنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىشى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ، يۇقىرىقى سۆزلەرنى جۈپ سۆز شەكلىدە ئەمەس، بەلكى تەڭداش بىرىكمە قاتارىدا تىزساقمۇ «ئەر ۋە ئايال، ئەر ۋە خوتۇن، ئاتا ۋە ئانا، بوۋاي ۋە موماي، شاھزادە ۋە مەلىكە، ئىنى ۋە سىڭىل، تاغا ۋە ھامما، ئاكا ۋە ئاچا، شائىر ۋە شائىرە» دېگەندەك شەكىلدىلا تىزىشقا بولىدۇكى، ئايالنى كۆرسەتكۈچى سۆزلەرنى ئەرلەرنى كۆرسەتكۈچى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا تىزىشقا بولمايدۇ. بۇ بىر خىل تىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادىتى سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىدۇر.

**2) ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن جىنسىي كەمسىتىش**

ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم بىر جىنس تۈرىگە قارىتىپ ئېيتىلغان جۈملىلەردە، جۈملە مەنىسى جىنسقا قاراپ پەرقلىق بولىدىغان ھادىسە مەۋجۇت. بۇ يۇقىرىقى بۆلەكلەردە دەپ ئۆتكەن سۆزلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى مەنە تۈسى، ئەر ـ ئاياللىق پەرقى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىدۇر. بۇنىڭدا ئاساسەن جۈملىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىغا قاراپ، جۈملىنىڭ مەنە تۈسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، جۈملىنىڭ ئىگىسى ئەر بولسا ئۇ جۈملە ئىجابىيلىققا مايىل بولىدۇ، ئايال بولسا سەلبىيلىككە مايىل بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇ يىگىت شوخراق ئىكەن» دېگەن جۈملە بىلەن «بۇ چوكان شوخراق ئىكەن» دېگەن جۈملىنى سېلىشتۇرساق، ئالدىنقى جۈملىدە ئىجابىي تۈس كۈچلۈك، سەلبىي تۈس سۇسراق بولسا، كېيىنكى جۈملىدە سەلبىي تۈس كۈچلۈك بولۇپ، ئىجابىي تۈس تولىمۇ سۇس ياكى يوق دېيەرلىكتۇر. يەنە ئۇيغۇرلاردا كېيىدىن يېڭى ئۆيلەنگەن ئەرلەرنى «خوتۇن كىشىمۇ سەن؟» دەپ ئەيىبلەيدىغان ئادەت بار. ئەگەر بىر ئەردىن «سەن ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟» دەپ سورىسىڭىز، بۇ شۇ ئەرنى ھاقارەتلىگەنلىك بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك «نېمىشقا لەۋزىڭدە تۇرمايسەن؟» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە ئاياللار لەۋزىدە تۇرمايدىغان ئىشەنچسىز كىشىلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق جۈملىلەر خېلىلا كۆپ بولۇپ، بۇلاردىنمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئۆز ئارا مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىدىغان سۆز ـ جۈملىلىرىدىمۇ مەلۇم پەرقلەر بار. بۇنىڭدا ئاياللار ئاساسەن ئەرلەرنى ھۆرمەتلەش تۈسىدە سىلىق جۈملىلەرنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلسا، ئەرلەر بۇ نۇقتىغا ئۇنچە ئەھمىيەت بەرمىسىمۇ ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. ئۆز ئارا ئەر ـ خوتۇن بولغانلارنى ئالساق، كۆپىنچە ھاللاردا ئەرلەرنىڭ ئايالىنى «سەن» لەپ سۆزلىشى نورمال، ئايالىنىڭ ئېرىنى «سەن»لەپ سۆزلىشى تەربىيە كۆرمىگەنلىك دەپ قارىلىدۇ. ئەكسىچە، ئەرنىڭ ئايالىنى «سەن» لەپ سۆزلىشىنى ھېچبىر ئۇيغۇر تەربىيە كۆرمىگەنلىك دەپ قارىمايدۇ.

## 4. ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن جىنسىي كەمسىتىش

ماقال ـ تەمسىللەردە مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، كىشىلىك قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھازىرغىچە يىغىپ رەتلەنگەن ئون مىڭغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل ئىچىدە جىنسنى كۆرسەتكۈچى سۆزلەر بىلەن كەلگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ خېلى كۆپلىرىدە ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى تۆۋەن كۆرۈشتەك جىنسىي كەمسىتىش تۈسى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: «ئەل بار يەردە ئەر بار» (خەلقلا ئامان بولسا، قەيسەر، باتۇرلار چىقىدۇ) دېگەن ماقالدىكى «ئەر» سۆزى «باتۇر، يۇرت سەركىسى» مەنىسىدە بولسا، «ئەل جېنى بىلەن، ھەشىقىز ئېرى بىلەن» (ئەلگە ئاپەت كەلگەندە، شەخسىيەتچى كىشىلەر ئۆز غېمىدە يۈرۈيدۇ) دېگەن ماقالدىكى «ھەشىقىز» سۆزى « ئەل ـ ۋەتەن ئىشى بىلەن كارى بولمايدىغان شەخسىيەتچى» دېگەن مەنىدە كەلگەن. تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرگە قاراڭ:

ئاشنى سىڭگەندە ماختا، خوتۇننى ئۆلگەندە (ھايات ۋاقتىدا ماختاشقا بولمامدۇ؟).

ئۆيۈمدە زاغرام يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى (ياسىنىشنىلا بىلىدۇ).

ئالدىرىغاندا ئېرى خوتۇنىغا تازىم قىلىپتۇ (خوتۇنىنىڭ ئەرگە تازىم قىلىشى ئورۇنلۇقىيۇ، ئەرنىڭ خوتۇنغا تازىم قىلىشى قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ سالغانلىق؟!).

مېنىڭ ئېتىم بېگىلى، ئەرگە تەگدىم يېگىلى (ئاياللار قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئەرگە تېگىدۇ؟!).

ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى، قىزىم يەپ قىرغا (كەتتى).

بېگىمنىڭ خوتۇنى خېنىم بولار (ئايال ئېرىنىڭ ئابرۇيى بىلەن ئابرۇيلۇق).

خوتۇن ئالدىڭ ـ ئۇچاقىڭغا ئوتۇن ئالدىڭ.

خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا.
خوتۇن كىشىنىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.
خوتۇن كىشى ـ تۆت تامنىڭ قۇلى.
ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.
تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر، تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر.
قىز بالا ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى.
ئەر ـ ئات، خوتۇن ـ هارۋا (ئايالالار ئەرنىڭ كېيىندىكى ئەگەشكۈچى).
تاز دېمەي تېگىۋال، ماز دېمەي كىيىۋال (ئەر بولسىلا، تاللىماي ياتلىق بول).

مانا بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىدە ئەرلەرنى ئەزىز كۆرۈش، ئايالالارنى كەمسىتىش مەنىسى بار. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىمۇ جىنسىي كەمسىتىش ئىپادىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 5. تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئاملالارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش مەسلىسى

### 1) تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئاملالارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

يۇقىرىدىكى تەھلىللەردىن تىلىمىزدا جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۇق. ئۇنداقتا، تىلدىكى بۇنداق ئامىللار قانداق پەيدا بولغان؟ بۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينامدۇ ياكى پاسسىپ رول ئوينامدۇ؟ ئەگەر پاسسىپ رول ئوينىسا، بۇنداق ئامىللارنى تىلدىن تازىلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولامدۇ ـ يوق؟ بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشمۇ بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان بىر خىل تىل ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مۇئەييەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ. تارىخقا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگىلىكىنى بايقايمىز. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، تارىخىي ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر، ئەپسانىلەر قاتارلىقلاردىن بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمىز. شۇڭا، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلغاندا، مەدەنىيەت نۇقتىسىنەزەرى بىلەن تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

مېنىڭچە، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تەھلىل قىلساق، تېخىمۇ كونكرېت جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

بىرىنچى، فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى پەرق. ئادەممۇ بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك جانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش تەبىئىي يارالمىشتىنلا ئۆزىگە خاس فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىن بەزى جانلىقلار كۈچلۈك، بەزىلىرى ئاجىز كېلىدۇ. ئەر ـ ئاياللارغا نىسبەتەن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاياللار ئەرلەردىن جىسمانىي كۈچ ۋە تەن قۇۋۋىتى جەھەتتە ئاجىز بولۇپ، ئەرلەر قىلغان بىرقىسىم جىسمانىي ئەمگەكلەرنى ئاياللار ئەرلەردەك ئىشلەپ كېتەلمەيدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، كۆپىنچە ئەرلەر ئاياللاردىن جىسمانىي كۈچ جەھەتتە كۈچلۈك بولىدۇكى، ئەرلەر جىسمانىي كۈچىگە تايىنىپ ئاياللارنى بوزەك قىلالايدۇ. ئەكسىچە، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى جىسمانىي كۈچىگە تايىنىپ بوزەك قىلغانلىقىنى ئۇچراتماق قىيىن. مانا بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىشىگە جىسمانىي كۈچ جەھەتتىن ئاساس سېلىپ بەرگەن. ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ شەرھلەش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى پەرق. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى فىزىيولوگىيەلىك كۈچ جەھەتتىكى پەرق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ پەرقلىق بولۇشىنى، ئىش تەقسىماتىدىكى پەرق ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ پەرقلىق بولۇشىنى، يەنى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئەرلەردىن تۆۋەن بولۇشىنى

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىكى بۇ خىل تەڭسىزلىك تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنى پەيدا قىلغان.

دېمەك، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە بۇ تەقسىمات سەۋەبلىك شەكىللەنگەن ئەر ـ ئاياللىق تەبىقە قاتلىمى ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل تەڭسىزلىك تىلدا ئىپادىلىنىپ، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە ئائىت ئامىللارنى پەيدا قىلغان.

ئۈچىنچى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋەبلەر. تىل تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاياللارنىڭ تۈرلۈك ئىش - پائالىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان جەمئىيەتتە، ئاياللارغا بولغان ئېتىبارسىز قاراش خاھىشى تىلدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن پۈتكۈل ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ئاساسىي ئورۇندا، ئاياللارنىڭ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇشىدەك بىر تەرەپلىمە قاراش ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشى تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە دائىر ئامىللارنىڭمۇ كۆپىيىشى ۋە كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاياللارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بىزنىڭ دىنىي ئەپسانىلىرىمىزدە ئاياللارنى كەمسىتىشكە دائىر مەزمۇنلار مەۋجۇت.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي پسىخىكا جەھەتتىكى سەۋەبلەر. تىلدىكى ئاياللارغا قارىتا جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي پسىخىكىنىڭ رولىمۇ بار. يەنى، فىزىيولوگىيەلىك پەرق، ئىش تەقسىماتىدىكى پەرق ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى تەسىرىدىن ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي پسىخىكىسىدىمۇ ئەر ـ ئاياللارغا نىسبەتەن ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى تۆۋەن كۆرۈشتەك بىر خىل يامان پسىخىكا سىڭگەن بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە ئاياللار جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلىسە بولمايدىغاندەك، ئەرلەر ھامان ئاياللارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەكتەك، ئاياللار ھامان ئەرلەرنىڭ ياردەمچىسىلا بولۇشى دۇرۇستەك پسىخىكىلىق تۇيغۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئېڭىنى قامال قىلىپ تۇرىدۇ.

ئاياللارنىڭ پسىخىكىسىدىن ئالغاندىمۇ، ئومۇمىي ئىجتىمائىي پسىخىكا تەسىرىدىن كۆپلىگەن ئاياللار تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئەرلەرنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇلا ئەمەس، بەلكى شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنى جەمئىيەت مىزانلىرىنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئاكتىپلىق بىلەن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ، ئاساسلىق رول ئېلىشنى گويا ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات ئىش دەپ قاراپ، ھەممە ئىشتا ئەرلەرگە بېقىنىپ، ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈشنى خالايدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي پسىخىكىمۇ جەمئىيەتتىكى ئاياللارنى تۆۋەن كۆرۈش خاھىشىنى كۈچەيتىپ، تىلدا جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئىجتىمائىي ئومۇمىي پسىخىكىمۇ رول ئوينايدۇ.

### 2) تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش مەسىلىسى

ئەر ـ ئاياللار دۇنيادا ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ، پەرزەنت قالدۇرۇش، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئۇلار ئورتاق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق كەمسىتىش ھادىسىسىنى تۈگىتىش، جۈملىدىن تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشكە دائىر ئامىللارنى تۈگىتىش ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ خىل كەمسىتىش ھادىسىسى چوڭقۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە، ھەتتا ئىجتىمائىي پسىخىكا ئاساسىغا ئىگە بولغان بولغاچقا، ئۇنى ئاسانلا يوقاتقىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت ھازىرغىچە بولغان جەرياندىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى

تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، خەلق قوبۇل قىلغۇدەك ئۇسۇل بىلەن تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتىش ئارقىلىقلا ياخشىلاش مۇمكىن. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

(1) تىلدىكى جىنسىي كەمستىش ئامىللىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى. تىل جەمئىيەتنىڭ ئەينىكى، مەدەنىيەتنىڭ توشۇغۇچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى. تىل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىدىيەۋى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دەۋر ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، جەمئىيەت قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تىل ئامىللىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماقتا. بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مۇشۇ نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاياللار تەربىيەلىنىش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى تولۇق پائالىيەتلەرگە قاتنىشالايدىغان بولدى. ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى بارغانسېرى تېخىمۇ كەڭ تۈردە كاپالەتكە ئىگە بولۇشقا يۈزلەندى. بۇنىڭ بىلەن تىلدىكى جىنسىي كەمستىشكە دائىر ئامىللارمۇ ئازىيىشقا باشلىدى ياكى ئىشلىتىلىش قېتىم سانى كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىيلار ئارىسىدا ئەر - ئاياللار ئورتاق قاتناشقان يىغىلىشلاردا ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ئاۋۋال ئاياللارنى تىلغا ئالىدىغان، يەنى «خانىملار، ئەپەندىملەر...» دەپ سۆز باشلايدىغانلارمۇ كۆپىيىمەكتە. تولۇق پائالىيەتلەردە ئاۋۋال ئاياللارغا يول بېرىش ياكى ئاياللارنى ئالدى بىلەن باشلاشمۇ بىر خىل مەدەنىي ھەرىكەت سۈپىتىدە ئومۇملاشماقتا. بولۇپمۇ تىلىمىزدىكى ئاياللارنى كەمستىش تۈسىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئىشلىتىلىشى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. ھەتتا زىيالىيلار ئارىسىدا بۇنداق گەپ - سۆزلەر ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. ئاياللارنى ئاتاش جەھەتتىمۇ كەمستىپ ئاتاش خاھىشلىرى ئاساسەن تۈگىدى. بىز بۈگۈنكى كۈندە «پاتەك، مەرەك...» دېگەندەك ئاياللارنى كەمستىش تەرەزىدە ئاتالغان كىشى ئىسىملىرىنى ئاساسەن ئۇچرىتالمايمىز. دېمەك، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىلدىكى جىنسىي كەمستىش ئامىللىرى ئۈزلۈكسىز سۇسلاپ ياكى ئاجىزلاپ بارماقتا.

(2) تىلدىكى جىنسىي كەمستىش ئامىللىرىنى تۈگىتىش. تىلدىكى جىنسىي كەمستىش ئامىللىرى جەمئىيەت ۋە تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى سۇسلاپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ زورىيىشى بىلەن تىلدىمۇ شۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، جىنسىي كەمستىش ئاياللارنىڭ ئاكتىپلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان يامان ھادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم ئىمكان بار تېز سۈرئەتتە تۈگىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە، بىرقانچە تەرەپتىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، تىلدىكى جىنسىي ئايرىمچىلىققا ئىگە سۆزلەرنى ئىمكان بار ئىشلەتمەسلىك، بولۇپمۇ بۇنداق سۆزلەرنى يېڭىدىن ياسىماسلىق كېرەك. ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلىدا جىنس تۈسى بولمىغاچقا، مۇتلەق كۆپ سۆزلەر ھەر ئىككى جىنسقا ئورتاق ئىدى. ئەمما، يېقىندىن بۇيان چەت تىللارنى دوراپ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «مۇئەللىمە، شائىرە، مەرھۇمە...» دېگەندەك مەخسۇس ئاياللارغا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر پەيدا بولماقتا. ئەسلىدە خەلق تىلىمىزدىن ئالغاندا «مۇئەللىم، شائىر، مەرھۇم...» سۆزلىرى كۆپلىگەن جايلاردا ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق ئىدى. مېنىڭچە، جىنسنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق سۈنئىي سۆزلەرنى ياساشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. يېڭى سۆزلەرنى ياساش زۆرۈرىيىتى بولغاندىمۇ، ئىمكان بار يېڭى سۆزلەردە جىنس پەرقىنى ئايرىماسلىق كېرەك.

ئىككىنچى، تىلدىكى جىنسىي كەمستىش تۈسىگە ئىگە سۆزلەردىن ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىرىنى مەنە جەھەتتىن ئارا تۈسلۈك سۆزگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تولۇق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاياللارنى ئاتىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ كەسپىنىڭ ئالدى - كەينىگە «ئايال» دېگەن ئېنىقلىغۇچى تەركىبنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. مەسىلەن، «ئايال ساقچى، ئايال

www.uyghurkitap.com



باشلىق، دوختۇر ئايال، ئايال كادىر...» دېگەنلەردىكى «ئايال» سۆزى ئەمەلىيەتتە ئارتۇقچە بولۇپ، ئىچكى تۇس قاتلىمى جەھەتتىن ئالغاندا، ئاياللارنى كەمسىتىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىي ئۇلارنى «ساقچى، باشلىق، دوختۇر، كادىر...» دەپ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئاتاۋەرسەكمۇ ھېچقانداق نورمالسىزلىق بولمايدۇ. بۇ پەقەت بىر تىل ئەزالىرىنىڭ كۆنۈشىگىلا باغلىق، خالاس. شۇڭا، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش مەنىسىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك بىلەن تەڭ، يەنە يېڭى سۆزلەردە جىنس پەرقىنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىق، سۆزلەردىكى جىنس پەرقى ئۇقۇمىنى ئىمكان بار سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئارا تۇسلۇك سۆزلەرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش تۈسىگە ئىگە سۆزلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئەمەلىي تىل ئالاقىسىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. يەنى، جىنسىي كەمسىتىش تۈسىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا شۇنىڭغا مەنىداش بولغان ئارا سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە تىرىشىپ، جىنسىي كەمسىتىش تۈسىنى بېرىدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمىسەك، زۆرۈر بولغان جايلاردا ئابستراكت، مەجھۇل مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ ئۆتۈپ كەتسەك بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ ئاياللار ئاڭلىق ھالدا تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ ھەقتىكى تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە جىنسىي كەمسىتىشنى يامان كۆرىدىغان ئىجتىمائىي پىسخىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئاياللار تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئەرلەرگە ئوخشاشلا رول ئويناپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشماقتا. شۇڭا، بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەرقانداق كىشى ئاياللارنى كەمسىتىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بىز تەربىيە ئارقىلىق بۇ خىل قاراشنى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرسەكلا، ئۈزاق بولمىغان كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ قارىشىدىكى ئاياللارنى تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەر ـ ئاياللار ھەممىدە باراۋەر دېيىدىغان توغرا قاراش ئىگىلەيدۇ ـ دە، تىلدىكى جىنسىي كەمسىتىش ئامىللىرىمۇ تەبىئىيلا يوقىلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] Anne, Pauwels. *Women changing language.* New York: Addison Wesley Longman, 1998.

[2] Berger, C. R. et al. *Language and knowledge.* London: Edward Arnold, 1982. Cameron, Deborah. *Feminism and Linguistic Theory.* Basingstoke, Hampshire: The Macmillan Press Ltd, 1991.

[3] Cheris, Krammarae. *Women and Men Speaking.* Massachusetts: Newbury House Publishers, Inc, 1991.

[4] Coates, Jennifer. *Women, man and language.* London: Longman, 1986.

[5] Dundas,Alexandra, Fisher, Sue. *Gender and Discourse: the Power of Talk.* Ablex Publishing Corporation, 1988.

[6] Goddard, A.&Patterson, L. M. *Language and Gender*[M]. London: Rutledge Press, 2000: 15_16_75.

[7] Milroy, Lesley. *New perspectives in the analysis of sex differentiation in language. Sociolinguistics Today,* Routledge, 1992.

[8] Pauwels, A. *Women Changing Language*[M]. London: Longman, 1998.

[9] Shirley, Moraham. *Woman's place.* State University of New York Press.

[10] Simpson, P. *Language, ideology and point of view*[M]. London: Routiedge, 2000:160_161.

[11] 艾尔肯.哈的尔，“试论现代维吾尔语中的性别歧视”[J]，《语言与翻译》(汉文)，2008.

[12] 戴伟栋，“语言性别差异分析综述”[J]，《外国语》，1983 (6):28.

[13] 古丽比亚·居麦，“英语、汉语和维语中的性别歧视”[J]，《喀什师范学院》，2004.

[14] 李经伟，“语言性别差异及其原因解释”[J]《山东外语教学》，1998 (3),12.

[15] 穆凤良、李秀萍，“英语中的性别歧视中性化”[J]，《外语与外语教学》，1998 (5) :107.

[16] 杨永林，“性别歧视在谚语中的表现”[J]，《外语与外语教学》，1987 (2) :70.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 07_043_02(2013) 1005_5878

# ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئىلھام ياسىن[1]، دىلبەر مەخمۇتجان[2]

(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدىيە سىياسى نەزەرىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830052)
(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي مائارىپنىڭ «سەرخىل مائارىپتىن ئومۇمىي مائارىپ» قا ئۆزگىرىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قېيىن بولۇش مەسىلىسى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلەنمەكتە. بولۇپمۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قېيىن بولۇش، قىزلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قېيىن بولۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قېيىن بولۇشتەك «ئۈچ قېيىن بولۇش» ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بازىرىدا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسىنىڭ بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇشى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ماقالىدە، مۇ شۇ مەسىلە چىقىش قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：** 近年来，随着高等教育由“精英教育”向“大众教育”转变步伐的加快，大学生就业难的问题日益突出，随之在女性就业难，少数民族就业难，大学生就业难的压力下，作为新疆少数民族女大学生的就业状况就三难合一，难上加难，在就业市场上处于弱势地位的问题也日益凸显出来。并且已经引起社会各界的广泛关注。本文主要研究关注新疆少数民族女大学生就业弱势问题的重要性并分析其就业弱势问题的原因及对策。

**Abstract:** In recent years, along with popularization of high-school educating, the employment pressure for university students is increasing. As a result, the female minority students have to take a triple pressure which is mixed by three factors, such as, their gender difference, their national difference and their different social status. This phenomenon revealed vulnerability of female minority students sufficiently and already got some focuses from society. This paper mainly argues the seriousness of the problem and also provides several suggestions to solve the problem.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C913    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى، خەلقنى بېيىتىشنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي گۈللىنىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنىڭ

---

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە 2008ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستۇدېنتلار ئىدىيە سىياسى تەربىيەسى پەن تەتقىقات لايىھەسى تۈرى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قېيىن بولۇش مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات» (نومۇرى: 08SZJY038 ) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتورلار:** ئىلھام ياسىن( 1960 ـيىلى 6ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئىدىيە سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
دىلبەر مەخمۇتجان(1958 ـ يىلى 12ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، خىمىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشىگە، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى ئىشقا ئورۇنلىشىشتا بارغانسېرى چەتكە ئىتتىرىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاجىز توپقا ئايلاندى، بۇ مەسىلە جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك ئەلۋەتتە. نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خەلق تۇرمۇشىنى ھەل قىلىشتا قوللىنىدىغان ئالاھىدە مۇھىم تەدبىر بولۇپ، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆپ مىقداردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلدى. بىز بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق ئېلىمىزدىكى قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش ھادىسىسى ھەرگىزمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن تۈگىمەيدىغانلىقى، بەلكى يەنە نۇرغۇن خىرىسقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. نۆۋەتتە، دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقاتچىلار قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى چىقىش قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەننەرخى، مەكتەپ، كەسىپ ۋە ئوقۇش تارىخى پەرقى، جىنسىي كەمستىش، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تەلىپى، دۆلەتنىڭ ئەمگەك كاپالەت تەدبىرلىرى، قانۇن ـ تۈزۈملىرى بىلەن بازاردىكى ئادەم ئىشلىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى ئارىسىدىكى ئېغىش، ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ زىددىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن قانداق قىلغاندا ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى جىنسىي كەمستىشنى تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ دېگەنلەر بىر تۈرلۈك سىياسىي تەكلىپ سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلىش بىلەنلا توختاپ قالدى. ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي، تارىخىي، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ يۇقىرى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بىلەن تۆۋەن كەسىپ تاللاش، ئىگىلىك يارىتىش ئېڭى، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بولغان ئارزۇسى بىلەن قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئورنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئالىي مائارىپ مېخانىزمى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش مېخانىزمىنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات ۋە بۇ توغرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر، ئىجادىي ۋە ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەكلىپلەر يېتەرلىك بولمىدى. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

چەت ياقا، نامرات رايونلاردىن كەلگەن قىز ئىستۇدېنتلار بالىلىقتىن ئۆسمۈرلۈككىچە كۆپرەك تەبىئىي مۇھىتتا تۇرۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار تەربىيەلەنگەن ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش-تەربىيەلەش مۇھىتى ناچار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى، ئوقۇتۇش سۈپىتى نىسبەتەن تۆۋەن بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇلار شۇ جاينىڭ ئېتنوگرافىيە، جۇغراپىيە، سىياسىي، ئىقتىساد، دىن ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئاساسى، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ئاساسى ئاجىز، بۇلار ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈشتە بوش بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرى بازىرىدا ھەممە يەردە تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچراپ، ئاز سانلىق مىللەت

ئوغۇل ئىستۇدېنتلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنى دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى «تەمىنلەش-تەلەپ، يۈز كۆرۈشۈش، ئۆزئارا قوش تاللاش» قا ئۆزگەردى. بۇ خىل بازار رىقابىتى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ «باراۋەرسىز مۇئامىلىگە» ئۇچراش ھادىسىلىرىنى كۈنسېرى كۆپەيتىپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ كەيپىياتى، ئۆگىنىشى، تۇرمۇشى ۋە تەرەققىيات يۆلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا، ئاز سانلىق مىللەت ئايال ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىگە، پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا، مىللىي رايونلاردىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ھەمدە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسى سەۋەبلەر

نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى قىز ئىستۇدېنتلار ئىشقا ئورۇنلىشىشتا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ھەم ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بار.

**1) ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ تەكشىسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان رايونلار قۇرۇلمىسىنىڭ زىددىيىتى**

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش مۇھىتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، نۆۋەتتە ئىختىساسلىقلار بازىرىدا ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى ئايلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. شىنجاڭ نۆۋەتتە سانائەتلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى يېزا ئەمگەك كۈچلىرى شەھەرلەرگە يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى كېڭەيتىشىگە ئەگىشىپ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ سانى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر يىلى تەمىنلەيدىغان ئىش ئورنى تەڭ قەدەمدە ئاشمىغانلىقتىن، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش دولقۇنى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش يۇقىرى دولقۇنى بىرلىشىپ (قوشۇلۇپ)، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىدىكى بېسىمنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيىتىنى شەكىللەندۈردى ھەم بۇ زىددىيەت بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئىش ئورنىنى تالىشىش رىقابىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى. بۇ خىل ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش رىقابىتىگە قاتنىشىشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنى ئۇلار بېرىشنى ئارزۇ قىلغان رايون ۋە ئورۇنلار ئادەم ئالمىدى. ھالبۇكى، ئىختىساس ئىگىلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق رايون ۋە ئورۇنلارغا ئۇلار بېرىشنى ئانچە خالىمىدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى

جايلىرى بولۇپمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت بىر ئوبلاست ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىز ئىستودېنتلارنى ئاز قوبۇل قىلدى. ھالبۇكى، بۇ رايونلاردىن ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپلەرگە كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ جايلارغا قايتىشنى خالىماي، چوڭ شەھەرلەرگە قىستىلاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرگەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە خىزمەت قىلىشنى ئويلاشقان. پەقەت ئاز ساندىكى ئىستۇدېنتلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ خىزمەت قىلىشنى ئويلاشقان. بۇخىل ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەب، بىر تەرەپتىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ئەسلىدىلا ئاز بولغاننىڭ ئۈستىگە ئىش ئورنىنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسى ناچار بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى تەمىنلەيدىغان ئىش ئورنى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ مەسىلىلەر ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغا بېرىشىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويغان.

**2) ئەنئەنىۋى ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنىڭ ئۆزگىرىشى**

پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار بولۇپ، ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئاساسىي يول بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە ھەر قېتىملىق ئاپپاراتلارنىڭ تەڭشىلىشى جەريانىدا ئايرىلىپ چىققان خادىملار ئاساسىي جەھەتتىن كەسپىي ئورۇنلاردىن چىقىش يولى ئىزدىدى. ۋاھالەنكى، كەسپىي ئورۇنلار مەبلەغ كەمچىل بولۇش، ئېلېكترونلىشىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئىشتات قىسقارتىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى رايونلار ئارقا-ئارقىدىن كەسپىي ئورۇنلار ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئىشتات قىسقارتىش بىلەن بىرگە، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشتات سانىنى چەكلىدى. ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، ئەمگەكچىلەرنى سىڭدۈرۈش كۈچى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، كۆپ مىقداردىكى ئىستۇدېنتلارنى داۋاملىق قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستۇدېنتلاردا ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەنگەن دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىشنى ئارزۇ قىلىش پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلەت مەمۇرلىقىغا ئىمتىھان بېرىش رىقابىتى كەسكىنلەشتى. بۇ خىل ئەھۋال ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى رىقابىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا بەلگىلەپ، كەسىپ تاللاش يۆنىلىشىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىشى كېرەك.

**3) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۈزۈلمە ۋە سىياسەت جەھەتتە بىر يۈرۈش بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. مەسىلەن: ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ «غەربىي رايونغا مۇلازىمەت قىلىش پىدائىيلار پىلانى، ئۈچنى قوللاش، بىرگە يار-يۆلەك بولۇش پىلانى»، «يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى ئالاھىدە خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىش پىلانى»، «يېزا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى

تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئالاھىدە پىلانى» قاتارلىق دۆلەت ۋە يەرلىكتە ئالاقىدار تۈرلەرنى پائال تەشكىللەپ يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا ۋە جاپالىق رايونلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا كەسپىي ئورۇنلارغا ئادەم ئالغاندا ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرنى يېتىشتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا تىزىملىتىش تۈرىدىكى ۋە باشقۇرۇش تۈرىدىكى تۈرلۈك مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىق خىراجەتلەرنى كەچۈرۈم قىلىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلغان ۋاقىتتا خىزمەت ئورنى ئەمەلىيلەشمىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى نوپۇسى ۋە ئارخىپىنى مەكتەپتە قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بەلگىلىمە بويىچە مەكتەپتە قالدۇرۇپ ساقلاپ بېرىش ۋە باشقىلار. بۇ سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن يەرلىك بېكىنمىچىلىك سەۋەبىدىن نوپۇس تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى قاتماللىق، بولۇپمۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ كەسىپ تاللىشىنىڭ بازارلىشىش ئېھتىياجى بىلەن بازارنىڭ پىششىق يېتىلمەسلىكى، ھەر قايسى رايونلار ۋە شەھەرلەر ئارا ئەركىن يۆتكىلىشنى چەكلىشى، مۇناسىپ سىياسەت، قانۇن- قائىدىلەرنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر قىز ئىستۇدېنتلار بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ قوش تاللىشىغا، تەمىنلەش-تەلەپتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

**4) ئۆچۈر مىقدارى يېتەرلىك بولماسلىق، كەسىپ تاللاش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش**

ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنىڭ ئاساسى. بۇ ئاساسىي خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىسە، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى ئىگىلىگەن ئادەم ئىشلىتىش ئۇچۇرىنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت مەكتەپ ئارقىلىق كېلىدۇ. ھالبۇكى مەكتەپنىڭ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۇچۇرىغا ئېرىشىشى مەلۇم چەكلىمىگە ئىگە بولغانلىقتىن، بۇ ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ خىزمەت ئىزدەش ۋە ئىش ئورنىنى تاللاشتىكى قارىغۇلۇق ۋە تەۋەككۈلچىلىكىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بۇمۇ ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**5) ئالىي مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مائارىپنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە تەربىيەلەش ئەندىزىسى مۇۋاپىق ئەمەس، بەزى يۇقىرى يىللىق تېخنىكا كەسىپلىرىدە تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالماسلىق ھالىتى مەۋجۇت. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ئەندىزىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە يېتىشىپ ماسلىشالمىغانلىقتىن، نۇرغۇن كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋەزىيەت يۈزلىنىشىگە ماس كەلمەيدۇ. ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر بازارنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلاشماي، ئەسلىدە بار بولغان پەن ۋە قىزىق كەسىپلەرنى ئاساس قىلىپ، قارىغۇلارچە كېڭەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، تەمىنلەشنى تەلەپتىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. دەرس مەزمۇنى، ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى، تەربىيەلەش ئەندىزىسى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى مائارىپ تۈزۈلمىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ساپا مائارىپىغا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىغانلىقتىن، يېتىشتۈرۈپ چىقىلغان ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز، ماسلىشىش ئىقتىدارى تۆۋەن، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلىمى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات تەجرىبىسى كەمچىل بولۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. شۇ سەۋەبتىن، خېلى

www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئەمەلىي قابىلىيىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى كەمچىل دەپ قاراپ ۋە ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ، «خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇش» نى ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى بىر ئۆتكەلگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىنلىق دەرىجىسىنى سۈنئىي ھالدا ئاشۇرۇۋەتتى.

6) ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن ئۆز قابىلىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونىيالماسلىق.

ئېلىمىز ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى 20 نەچچە يىل ئىسلاھ قىلىنىش جەريانىدا ئالىي مائارىپنىڭ ئاممىۋىلاشتۇرۇلۇش دەۋرى يېتىپ كېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ بىرتۇتاش تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى(ئائىلە باشلىقلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىدىيە قارشى يەنىلا ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك ۋە سەرخىللاشقان مائارىپ دەۋرىدە توختاپ قالغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تەلەپ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تونىيالماي، پەقەت ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشسا ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشقان بولىدۇ دەپ قاراشنى يېتەكچى قىلغان، مەكتەپ ۋە ئائىلىگە ھەددىدىن زىيادە بېقىنىۋالىدىغان پاسسىپ كۈتۈپ تۇرۇش قارىشى، بىرقېتىملىق ئىشقا ئورۇنلىشىش بىلەن تەقدىرىنى بەلگىلەش قارىشى، تار دائىرىدىكى «كەسىپ ئۇدۇل كېلىش» قارىشى، خىزمەتنى قارىغۇلارچە تاللاش قارىشى، قارىغۇلارچە يۇقىرىغا ئىنتىلىش، باي بولۇش، خىزمەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى قوغلىشىشتەك ساغلام بولمىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى شەكىللەندى. ھالبۇكى، بۇخىل ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تەلىپىنىلا تەكىتلەپ، ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان خىزمەت تېپىشقا سەل قاراش خاھىشى شەك ـ شۈبھىسىزكى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، كۆز ئالدىنىلا كۆرىدىغان قاراشتۇر. ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى بۇخىل خاتا خىزمەت تاللاش قارىشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ «ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش» مەسىلىسى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ.

### 3. مەسىلىنى ھەل قىلىش يوللىرى

ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ «ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئاجىز ئورۇندا تۇرۇش» مەسىلىسى گەۋدىلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەت، ھۆكۈمەت، مەكتەپ ھەممە ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۆزلىرى پائال ماسلىشىپ، ھەممە تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئورتاق ھەل قىلىش زۆرۈر.

1) ھۆكۈمەت تارماقلىرى ماكرولۇق تەڭشەپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، مۇناسىپ سىياسەت، قانۇن، قائىدىلەرنى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىغا ئادىل، باراۋەر رىقابەتلىشىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداقلا تەمىنلىگۈچى بىلەن تەلەپ قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىشى، تارماقلارنىڭ بېكىنمىچىلىك چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جانلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنى غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارغا، چەت ـ يىراق رايونلارغا ۋە جاپالىق رايونلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

2) ئالىي مەكتەپلەر كەسىپ تەسىس قىلىشنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى لازىم. ئالىي مەكتەپلەر بازارنى يېتەكچى قىلىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجى ۋە قىز ئىستۇدېنتلارنىڭ

ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كەسپلەرنى تەسىس قىلىپ، بىرىكمە تىپتىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزگەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسى، مەكتەپ باشقۇرۇش كۆلىمى، بازارنىڭ تەلىپى قاتارلىق ئامىللارنى تولۇق ئويلىشىپ، كەسپلەرنى مۇۋاپىق تەسىس قىلىپ، نەزەرىيە جەھەتتە يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنى ئەمەلىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدىغان تەربىيەلەش ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتىپ، قىزىق كەسپلەرنىڭ ئوخشىمىغان مەكتەپلەردە تەكرار تەسىس قىلىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

3) ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرىنى پسىخىك جەھەتتە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلارنى ئۆزىنى توغرا تونۇپ، ئۆزىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ ئىشلەشتەك پسىخىك تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەش، ئۇڭۇشسىزلىققا تاقابىل تۇرۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئاكتىپ ساغلام بولغان خىزمەت ئىزدەش روھىي ھالىتىنى يېتىلدۈرۈش، توغرا بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە ئىشىنىش، رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت قىلىشتەك ساغلام روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئىدراكىي قاراپ، چوڭ شەھەرلەردە قېلىشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك، ئۈنۈمى ياخشى بولغان ئورۇن ياكى خىزمەت ئورنى تېپىشنى ئۈمىد قىلىش ھەممىدە يۇقىرى مائاش، يۇقىرى تەمىناتى بولغان ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىشنى ئارزۇ قىلىش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، نەزەرنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىشقا يېتەكلەش كېرەك.

4) ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى ئۇچۇرلارنى يىغىش ۋە بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۇچۇرىنى يىغىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئورۇن ياكى ئەمەسلىكى، ئۆزىدە ئۇ خىزمەتنى ئىشلەپ كېتەلەيدىغان قابىلىيەت ۋە ئىشەنچىنىڭ بار - يوقلىقىنى چۈشىنىشى؛ ئىككىنچىدىن، بەزى ماھارەتلەرنى مەسىلەن، يۈزتۇرانە ئىمتىھاندا ئۆزىگە ئىشىنىش، سورالغان سوئالغا تېز ۋە توغرا، سەمىمىي ھەم ئاكتىپ جاۋاب بېرىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يۈزتۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

5) توغرا بولغان قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت قىز ئىستۇدېنتلىرى ئىشقا ئورۇنلىشىش تەلىپىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ، ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تەلەپ بىلەن سۇبيېكتىپ شەخسىي ئېھتىياجنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي جەھەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ھالىتىگە توغرا ھۆكۈم قىلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىدىكى رايونلىشىش، تارماقلىشىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممە يەردە ئىشقا ئورۇنلىششقا ئىرادە باغلاش، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر-بازارلارغا، يېزىلارغا، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەرەققىي قىلىش بوشلۇقى ئىزدەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش روھىي ھالىتىنى تەڭشەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىگىلىك تىكلەشكە ئۆزگەرتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەكتەپلەر ئۆزىنىڭ ماركىسىنى يارىتالايدۇ. ئاندىن كەسكىن رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ.

## پايدىلانملار


1. 罗俊.《新疆少数民族大学生就业问题的社会学解读》[J]兵团教育学院学报 2011(1).
2. 王长青.《女大学生就业问题的探索与对策思考》[J],中国大学生就业,2006(15).
3. 薛丹.《新时期女大学生就业难的归因与对策》[J],河南工业大学学报(社会科学版) ,2005(4).
4. 郭斌.《女大学生就业难的问题探析》[J],中国大学生就业,2007(16).
5. 屈振辉.《从人力资源的性别视角看女大学生就业问题》[J], 中华女子学院学报,2011(2).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com

第 34 卷第 2 期 | شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 34 ـ يىللىق 2 ـ سان
2013 年 6 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 08ـ050ـ1005ـ5878 (2013)02

# جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى مېخانىزمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش قېتىنچىلىقى ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ئىلياس جالالىدىن، ئارسلان ئەھمەد زىيائى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** جامائەت بىخەتەرلىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جامائەت بىخەتەرلىكى جەمئىيەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشكەن ھەمدە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلەش تەلىپىگە دېگەندەك يېتىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ماقالىدە، نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش مېخانىزمىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ ھەمدە جامائەت بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ـ چارىلەر تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:** 公共安全是事关社会经济生活正常运行的重要问题之一。改革开放以后，虽然公共安全得到全社会的关注，并成为政府工作的重点，但是仍不能适应社会经济的发展。本文分析了目前政府在公共安全监督和公共安全管理机制中所面临的问题，进而提出了以风险社会化为特征的对策建议。

**Abstract:** The public safety is one of the key issues in a normal society. Since the "Reform and Open" policy has been enabled, the public safety has been a focus for decades. However, there are several problems still remain. In this paper, those problems are pointed out and several suggestions toward socializing the public safety are provided.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F121　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىما مېخانىزمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ باش قېتىنچىلىقى

جامائەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش ــ ھۆكۈمەتنىڭ بىر قاتار كونترول قىلىش چارىلىرى ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىلگىرىلىشىگە تەھدىت سېلىۋاتقان تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش پائالىيىتى بولۇپ، ھازىر ھۆكۈمەت ئۇنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، جامائەت بىخەتەرلىكى روشەن جامائەت بۇيۇملىرى خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنى بازار مېخانىزمى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىش تەس بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقلارنى تەقسىملەشتىكى يېتەكچىلىك رولىغا تايىنىپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشقا، ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش چارىلىرىنى قوللىنىپ ماكرولۇق تېزگىنلەشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يۈز بەرگەندىن كېيىن تېز بىر تەرەپ قىلىشتا ھۆكۈمەت

*بۇ ماقالە 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتورلار:** ئىلياس جالالىدىن (1968 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ماركېتىڭ ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئارسلان ئەھمەد زىيائى (1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، غەرب ئىقتىساد ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جەزمەن تەشكىللىگۈچى، باشقۇرغۇچى ۋە ماسلاشتۇرغۇچى رولىنى ئوينىشى كېرەك. جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرى يۈز بەرگەندىن كېيىن تۆلەم بېرىشتە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قاتنىشىشى ناھايىتى مۇھىم. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۈچ قۇدرىتى ئارقىلىق ھادىسە يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جامائەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە، جامائەت بىخەتەرلىك ھادىسىلىرى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش- يارىلىنىش ۋە مال مۈلۈكلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ نورماللىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زىيانغا ئۇچرىغان مال- مۈلۈكلەرنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قازا قىلغان، يارىلانغانلارغا تۆلەم بېرىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ تولۇقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشى جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولۇشىنىڭ ھالقىسى بولۇپ ، ھازىر جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرىگە تولۇقلىما بېرىش مېخانىزمىدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر ھادىسە زىيىنىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار دەپ قارىلىدۇ.

1) ھادىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى. نۇرغۇن ھادىسىلەر ئىشلەپچىقارغۇچى ياكى تىجارەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن كېلىپ چىققىدىغان بولغاچقا تۆلەم تۆلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن زىيان تارتقۇچىغا ئاز تولا تۆلەم بېرىپلا بولدى قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن 2004- يىلى2- ئاينىڭ 15-كۈنى جىلىندىكى جوڭبەي سودا سارىيىغا ئوت كېتىپ 54 ئادەم قازا قىلىپ، 70 نەچچە ئادەم يارىلانغان. بۇ ھادىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى جوڭبەي سودا سارىيى ھەربىر قازا قىلغۇچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە 80 مىڭ يۈەن بېرىپلا قۇتۇلغان. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇنلىغان ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەتچىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىك ياكى يەككە ئىگىلىك خاراكتېرىدە بولغانلىقتىن، ھادىسىدىن كېيىن تۆلەم بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ياكى تۆلەشكە قۇدرىتى يەتمەيدۇ. شۇڭا زىيانغا ئۇچرىغان جامائەتنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايۋاتىدۇ.

2) سۇغۇرتا شىركەتلىرى. ھادىسىنىڭ زىيىنىنى تۆلەش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش سۇغۇرتىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەسى، شۇنداقلا چەت ئەللەردىكى بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىگە تولۇقلىما بېرىشتىكى مۇھىم يول. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدە ئامېرىكا سۇغۇرتا شىركەتلىرى 22 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم بەرگەن بولۇپ، سۇغۇرتا تۆلىمى ئومۇمىي زىياننىڭ 51% تىنى ئىگىلىگەن[1]. ئەمما دۆلىتىمىزدە سۇغۇرتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىر ئاز قىسقا، جامائەتنىڭ سۇغۇرتا ئېڭى ئاجىز بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئاخىرقى زىياننى ئۈستىگە ئېلىشتەك ھالەت تېخى شەكىللەنمىدى. مەسىلەن، 2008- يىلى دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا قار ئاپىتى يۈز بەرگەندە بېرىلگەن سۇغۇرتا تۆلىمى پۈتۈن زىياننىڭ ئاران 2.2% تىنى ئىگىلىگەن. 2008- يىلى ۋېن چۈەندە يەر تەۋرىگەندە بېرىلگەن سۇغۇرتا تۆلىمى پۈتۈن زىياننىڭ 5% تىگىمۇ يەتمىگەن. روشەنكى، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ رولى كۆڭۈلدىكىدەك جارى بولمايۋاتىدۇ.

3) ھۆكۈمەت. ھازىر دۆلىتىمىزدە ئېغىر ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھۆكۈمەتكىلا يۆلىنىپ قېلىپ، بازارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت مۇرەسسە قىلىش ۋە تۆلەم بېرىشتىن ئىبارەت قوش بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكتىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى چەكلىك بولغانلىقى ياكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زور ھادىسىلەر يۈز بەرگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش يەرلىك ھۆكۈمەتكە يۆلىنىپ قالماقتا. 2007- يىلى 3- ئاينىڭ 28- كۈنى شەنشى لىن فېن شەھىرىدىكى يۇ جالىڭ كۆمۈر كېنىدا

uyghurkitap.com



گاز پارتلاپ 26 ئادەم قازا قىلغان. ھەر بىر كىشىگە 200 مىڭ يۈەنلىك ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە تۆلەم بەرگەندىمۇ ئاز دېگەندە 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىدىكەن. ئەمما كان خوجايىنىنىڭ ھېساباتىدا 300 مىڭ يۈەنلا بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيەسى ئاجىز بولغانلىقتىن نورمال مېڭىۋاتقان باشقا كانلارغا سېلىق سېلىشقا مەجبۇر بولغان. 2005 ـ يىلى چوڭچىڭنىڭ فىڭ جيې ناھىيەسىدىكى سۇ لۇڭسى كۆمۈر كېنىدا گاز پارتلاپ 19 ئادەم قازا قىلغان. ۋەقەدىن كېيىن كان خوجايىنى قېچىپ كېتىپ بۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمىغانلىقتىن زىياننى ھۆكۈمەت تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. 2006 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جىلىن نېفىت خىمىيە زاۋۇتىدا پارتلاش يۈز بېرىپ سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ئېغىر بۇلغانغان، بۇلغانغان دەريانى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كېتىدىغان غايەت زور چىقىممۇ ھۆكۈمەتكە ئارتىلىپ قالغان. ھازىر جامائەت بىخەتەرلىك ھادىسىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئېغىر باش ئاغرىقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن، ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پروتوكول جەريانىغا باشتىن ـ ئاخىر ئارىلىشىشقا توغرا كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن زىياننى تۆلەشكە مەجبۇر بولماقتا.

4) زىيانغا ئۈچرىغۇچى. زىيانغا ئۈچرىغۇچى گەرچە ۋەقەگە مەسئۇل بولغۇچى، سۇغۇرتا شىركىتى ۋە ھۆكۈمەتتىن مەلۇم مىقداردا تۆلەم ئېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مەسىلىسىنى ئاز تولا ھەل قىلىۋالسىمۇ، لېكىن تولۇق تۆلەم ئالالمىغانلىقتىن قايتىدىن نامراتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، ئۇششاق ـ چۈششەك كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىكى ئىشلەمچىلەر يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار بولۇپ بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن، كاننىڭ بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى قالاق، ئۈزۈملىرى بوش بولغانلىقتىن ھادىسىدىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولمايۋاتىدۇ. دۆلەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا 2001 ـ يىلدىن 2011 ـ يىلغىچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆمۈر كانلاردا ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسىدىن 5812 قېتىم يۈز بېرىپ، جەمئىي 48553 ئادەم قازا قىلغان. ئوتتۇرىچە ھەر يىلى 528 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، ھەر يىلى 4413 ئادەم قازا قىلغان[2]. بۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ياكى بىردىنبىر ئىقتىسادىي يۆلەنچۈكى بولغانلىقتىن بىخەتەرلىك ھادىسىسىدە قازا قىلسا ياكى مېيىپ بولۇپ قالسا، شۇ ئائىلە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ ھەتتا ۋەيران بولىدۇ.

ۋەقەدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىنىڭ تۆلەم بېرىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولۇشى، سۇغۇرتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھۆكۈمەت غايەت زور جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسلىق تۆلەم بەرگۈچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پروتوكول جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كۆپلىگەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر قانداق بەدەلگە قارىماي زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا تۆلەم بېرىش ئارقىلىق زىددىيەتنى پەسەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتىدۇ. ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچىل، ئىقتىدارلىق، ئىشەنچلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەت بولۇشتەك ئوبرازىنى تىكلەشكە تىرىشىۋاتىدۇ. خەۋپ-خەتەر ۋە تۈرلۈك جامائەت بىخەتەرلىك ھادىسىلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەت ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىۋالماسلىقى كېرەك.

## 2. خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى مېخانىزمىدىكى رولى

چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جامائەت بىخەتەرلىكىگە تولۇقلىما بېرىشنى پروتوكول جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى ئاپەت ۋە ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش

ۋە فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ قالدى. خەۋپ - خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى پۇتكۇل جەمئىيەت ئۇستىگە ئېلىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) مالىيە كاپىتالى تۈزۈمى. ئۇ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، سۇغۇرتا شىركەتلىرى ۋە ھالىلىق كارخانا قاتارلىقلار مالىيە جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىپ، تولۇقلىما بېرىش فوندى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، ھادىسە يۈز بەرگەن ھامان دەرھال تۆلەم بېرىشتەك ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. مالىيە كاپالىتىنىڭ شەكىللىرى مەخسۇس ھېساباتتا پۇل ساقلاش، سۇغۇرتا زايومى، كىرىدىت كاپالىتى، كاپالەتنامە قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەن ھامان يۇقىرىقى مالىيە كاپالىتى شەكىللىرى ئۆزىنىڭ رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرىدۇ.

2) فوند. ئۇ مەلۇم كەسىپكە تۇتۇش قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا غەملەپ قويۇلىدىغان مەبلەغ ياكى مەخسۇس خىراجەت بولۇپ، ئۇ جەزمەن شۇنىڭغا ئىشلىتىلىشى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىنىشى لازىم. فوند ئادەتتە ھۆكۈمەتكە تايىنىپ مەجبۇرىي يىغىلىدۇ، باشقۇرۇلىدۇ، نازارەت قىلىنىدۇ ھەم ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى زىياننى بىر تەرەپكە ئارتىپ قويۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى زىياننى پۇتكۇل جەمئىيەت ئۇستىگە ئېلىشتەك يېڭىچە ئۇنۇملۇك ئۇسۇلغا ئۆزگەرتىدۇ. نەتىجىدە خەۋپ-خەتەرگە تولۇقلىما بېرىش تېخىمۇ ئىجتىمائىيلىشىپ، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى جامائەت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشقا ئىشلىتىشكە تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرىگە تولۇقلىما بېرىشتەك ئۇنۇملۇك ئۇسۇلنى شەكىللەندۈرىدۇ.

3) سۇغۇرتا. سۇغۇرتا كەسىپى 19-ئەسىردىن بۇيان خېلىلا پىشىپ يېتىلىپ، جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى مېخانىزمىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپلىگەن خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇچرايدىغان يەككىلەرنى بىرلەشتۇرۇپ، ئورتاق گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ يەككىلەر تاپشۇرغان مەبلەغنى ۋاستە قىلىپ، شۇ ئورتاق گەۋدىدىكى ئەزالارنىڭ ۋەقەدىن كېلىپ چىققان زىيىنىنى چېچىپ، زىيانغا ئۇچرىغان جامائەتنىڭ زىيىنىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەۋپ-خەتەرنىڭ زىيىنىنى پۇتكۇل جەمئىيەت تەڭ ئۇستىگە ئېلىشنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، جامائەت مەنپەئەتىنىڭ تۈرلۈك ھادىسە ۋە ئاپەت سەۋەبىدىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سۇغۇرتىنىڭ بۇنداق ئۇنۇملۇك فۇنكسىيەسى بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى ھەم سۇغۇرتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، زىياننى شەخسلەر ئۇستىگە ئېلىشنى پۇتكۇل جەمئىيەت ئورتاق ئۇستىگە ئېلىشقا ئۆزگەرتىش نۇۋەتتىكى جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى بىر خىل يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ئۇ ئەنئەنىۋى تولۇقلىما بېرىش ئۇسۇلىدىكى چەكلىمىلىكنى تۈگىتىپ، زىياننى پۇتكۇل جەمئىيەت ئورتاق ئۇستىگە ئېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا ۋاقتىدا تولۇق تۆلەم بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلايدۇ، سۇغۇرتا مالىيە كاپالىتى ياكى فوندى قاتارلىقلار ئارقىلىق تۆلەم بەرگەندە زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ مەنپەئەتىگە ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلىپ، ھۆكۈمەتنى باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى نورمال ئىزىغا چۈشۈرىدۇ. ئىككىنچىدىن، زىيان مەسئۇلىيىتىنى ئۇستىگە ئالغۇچىنى زور تۆلەم بېرىش سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇشتىن ساقلايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن سىستېمىسىنىڭ قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىشى ۋە جامائەتنىڭ تۆلەمگە ئائىت ئېڭىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقارغان تۆلەم مىقدارى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. بەزى ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئايرىم كارخانىلارنىڭ تىجارىتى ئاقساپ قالدى، ھەتتا پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى (سەنلۇ سۈت پاراشوكى ۋەقەسىگە ئوخشاش). گەرچە ئۇلار بەلگىلىك تۆلەش ئىقتىدارىغا ئىگە

www.uyghurkitap.com



بولسىمۇ، نەق پۇل ئارقىلىق زىياننى تۆلەشتە بەلگىلىك قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچىنىڭ تىجارەتتىكى خەۋپ-خەتىرىنى ئازايتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مالىيە يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ھازىر ھۆكۈمەت جامائەت مۇلازىمىتى ۋە جەمئىيەت باشقۇرۇش فۇنكسىيەسىنى زىممىسىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بايلىق سەرپىياتى ۋە تۆلەش ئىقتىدارى يەنىلا چەكلىك بولۇپ، ئېغىر بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىگە دۇچ كەلگەندە، كۆپىنچە ھاللاردا تېزدىن كۆپلەپ مەبلەغ تولۇپلاپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەش، قانۇن ئارقىلىق مەجبۇرلاش چارىلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلغاندا، ھۆكۈمەتنى ھادىسە ـ ۋەقەلەرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشتىكى باش قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ھادىسە، ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

## 3. جامائەت بىخەتەرلىكى تولۇقلىمىسى خەۋپ-خەتىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

يېقىندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرى ۋە ۋەقەلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەگىشىپ، بەزى رايون ۋە ساھەلەر ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى زىياننى ئالاقىدار تەرەپلەر مۇناسىپ ئۈستىگە ئېلىش، يەنى خەۋپ-خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش يولى ئارقىلىق تارقاقلاشتۇرۇش چارىسىنى سىناق قىلىشقا كىرىشتى (پەقەت جامائەت سورۇنلىرىدىكى ئوت ئاپىتى مەسىلىسىدە). 2006ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى بىرلىشىپ «ئوت ئاپىتى جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەۋپ-خەتەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى چىقاردى. ئارقىدىنلا «گوۋۇيۈەننىڭ سۇغۇرتا كەسپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» دە ئوت ئاپىتىدىكى جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى نۇقتىلىق كېڭەيتىلىدىغان سۇغۇرتا تۈرى قىلىپ بېكىتىلدى. ھازىر خېبېي، شەنشى، خېيلۇڭجياڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ھۆججەت چىقىرىپ ، نۇقتىلىق ساھە ۋە كارخانىلاردىكى ئوت ئاپىتىگە جامائەت مەسئۇل بولۇش سۇغۇرتىسى خىزمىتىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 2005ـ يىلى مالىيە مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى«كۆمۈر كان كارخانىلىرىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خەۋپ-خەتىرى بويىچە رەنە ئېلىش(قويۇش) ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئېلان قىلىپ، كۆمۈر كان كارخانىلىرىدىن كان ئېچىش لايىھەسى ۋە قېزىش ئىجازەتنامىسىدە بېكىتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە مەشغۇلات قىلىش، مەلۇم ساندا خەۋپ-خەتەر رەنىسى قويۇپ، ئۇنى ھادىسە ياكى ۋەقە يۈز بەرگەندە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 2009ـ يىلى دۆلەت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى «خەۋپ-خەتەر كۆپ يۈز بېرىدىغان ساھەلەردە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» نى ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەت ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن بازارغا يۈزلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق سۇغۇرتا ئورگانلىرى، كان-كارخانا ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەر مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمان بولىدىغان ۋە خەۋپ-خەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىشنى

تەلەپ قىلدى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئاكتىپ چارە ۋە ئۇسۇللار توساتتىن يۈز بەرگەن ھادىسە ۋە ۋەقەلەردە جىددىي قۇتقۇزۇش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە رازى قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە يۈكىنى يەڭگىللىتىش قاتارلىقلاردا مۇئەييەن ئۈنۈم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سىناق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم مەسىلە ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالىي بولغىلى بولمىدى. بۇنىڭ روشەن ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) خەۋپ-خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش ئۇسۇلىغا تايىنىۋېلىش نىسبەتەن ئېغىر. ھازىر بەزى رايون، ساھە، كەسىپ ۋە كارخانىلار جامائەت بىخەتەرلىكى خەۋپ-خەتىرىنى جەمئىيەتكە تارقاقلاشتۇرۇپ، خەۋپ-خەتەر مەسئۇلىيىتىگە چېتىشلىق ھەر قايسى تەرەپلەر مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان ۋە ئۇنىڭدا بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خەۋپ-خەتەر سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت بىر خىل ئۇسۇلغىلا تايىنىۋېلىش خاھىشى گەۋدىلىك بولۇپ مالىيە كاپالىتى، خەۋپ-خەتەر فوندى قاتارلىق ئۇسۇل — چارىلەرنىڭ رولىدىن پايدىلىنىشقا سەل قارالماقتا. دەرۋەقە، خەۋپ-خەتەر سۇغۇرتىسى ھازىرچە جامائەت بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىش ئۇسۇلى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزدىكى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ قىسقىلىقى (1980-يىلى دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا تىجارىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن) ، جەمئىيەتنىڭ سۇغۇرتا كەسپىگە بولغان ئېڭى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى، سۇغۇرتا تۈرلىرىنىڭ ئازلىقى، سۇغۇرتا كەسپى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى ئاجىزلىق ۋە چەكلىمىلىكلەردىن خالىي بولۇش تەس، شۇڭا جامائەت بىخەتەرلىك ھادىسىلىرى ۋە خەۋپ-خەتەر سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت يەككە تۈر ۋە ھەل قىلىش چارىسىگىلا تايىنىۋالغاندا كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

2 ) خەۋپ-خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش ئۇسۇل- چارىلىرى مۇكەممەل ئەمەس. خەۋپ - خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش شەكلىدە قايسى ئۇسۇل — چارىنى قوللىنىش ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشقا، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. باشقىسىنى قويۇپ جامائەت سورۇنلىرىدىكى ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەۋپ-خەتەر مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش مەسىلىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھازىرغا قەدەر بەزى جايلاردا قانۇن بەلگىلىمىلەر ۋە ئالاقىدار قائىدە - تۈزۈملەر ئارقىلىق كىشلەر توپلىشىدىغان سورۇنلار ۋە ئاسان ئوت ئاپىتى ۋە پارتلاش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار سورۇنلارنى سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش چارىلىرىنىڭ ئورنىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، سەپەرۋەر قىلىش، ئىلھاملاندۇرۇش چارىلىرى قوللىنىلىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇل - چارىلەرگە نىسبەتەن جەمئىيەتنىڭ قارىشى ۋە باھاسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئاساسى بار. بەزىلەر خەۋپ - خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش مەجبۇرلاش ئۇسۇلى، قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ۋە مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنىڭ زورلاش كۈچى ئارقىلىق يولغا قويۇلسا مەسئۇلىيەت سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇستەقىل تەدبىر كۆرۈش ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلىش بازار قانۇنىيىتىگىمۇ خىلاپ بولۇپ، نارازەت قىلىش ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئارىلىشىشنىڭ ئۈنۈمى دېگەندەك بولمايۋاتقان شارائىتتا، گاڭگىراش ھەتتا داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۆۋەتتە سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاش ۋە مۇلازىمەتنى ياخشىلاش ئىقتىدارى يەنىلا چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك فۇنكسىيە تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدۇ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر، سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلى گەرچە پۇقرالارنىڭ ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى تۆۋەن، پۇقرالارنىڭ تونۇش ۋە ئاڭلىقلىقىنى تېز ئۆستۈرۈش تەس، ئۈنۈم

www.uyghurkitap.com



گەۋدىلىك بولمىغانلىقتىن ئوخشاشلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ.

## 4. خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش شەكىللىرىنى تاللاش ۋە يولغا قويۇش چارىلىرى

يۇقىرىقى قاراشلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئوخشىمىغان رايون ۋە كەسپلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان چارە-ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىنى تاللاپ يولغا قويۇش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئوخشىمىغان رايون ۋە كەسپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارغا ماس كېلىدىغان شەكىللەرنى يولغا قويۇش كېرەك. سۇغۇرتا، فوندى، مالىيە كاپالىتى قاتارلىقلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكى، رولى ۋە ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە فوند قانۇن ياكى مەمۇرىي قائىدە ـ تۈزۈملەر ئاساسىدا بەرپا قىلىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ كۆمۈركان، ئاسان پارتلايدىغان، كۆيۈدىغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا قاتارلىق يوشۇرۇن خەۋپ ساقلىنىدىغان كەسپلەرگە قوللىنىشقا ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى خېلىلا كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن تېز قۇتقۇزۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە روشەن ئۈنۈم بېرىدۇ. سۇغۇرتىغا كەلسەك، ئۇ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ توپلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان بولغاچقا ھادىسە، ۋەقە يۈز بەرگەندە خەۋپ-خەتەر مەسئۇلىيىتى ۋە يۈكىنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ-دە، زىيان ۋە تۆلىنىدىغان بەدەلنىڭ بېسىمى كۆرۈنەرلىك يېنىكلەيدۇ، سۇغۇرتا شەكلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى سۇغۇرتا كەسپى نىسبەتەن راۋاجلانغان، جامائەتنىڭ سۇغۇرتا ئېڭى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان رايون ۋە ساھەلەردە قوللىنىشقا ماس كېلىدۇ. مالىيە كاپالىتى ئۇسۇلىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى ھەر قاچان يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا مەبلەغ غەملەپ قويىدۇ. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ئىقتىسادىي كۈچى زور، تۆلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان كەسىپ ۋە كارخانىلاردا قوللىنىشقا ماس كېلىدۇ. ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا يۇقىرىقى ئۇسۇل- چارىلەر ئەھۋالغا قاراپ بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلسا، ھەر قايسىسىنىڭ رولى ۋە ئۈنۈمى ئوخشىمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، جامائەت سورۇنلىرىدىكى بىخەتەرلىك خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا خەۋپ-خەتەر سۇغۇرتىسى بىلەن مالىيە كاپالىتى ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈش مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەم مەجبۇرلاش ھەم ئىختىيارلىق خاراكتېرى بولغانلىقتىن جامائەت سورۇنلىرىدىكى خوجايىن ۋە تىجارەتچىلەرنى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ناۋادا، ھادىسە ياكى ۋەقە يۈز بەرسە مەسئۇلىيەتنى تارقاقلاشتۇرۇش يەنى ھەممىسىگە مۇناسىپ ئارتىش ئارقىلىق زىياننى تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پارتلاش، ئوت كېتىش، مۇھىتنى بۇلغاش خەۋپ-خەتىرى بولغان ساھە ۋە كەسپلەردە خەۋپ-خەتەر سۇغۇرتىسى، مالىيە كاپالىتى، فوند ھازىرلاش ۋە دۆلەت تۆلەم بېرىشتەك كۆپ قاتلاملىق كاپالەت تۈزۈمى بىرلىكتە يولغا قويۇلۇپ، ئوت ئاپىتى، مۇھىت بۇلغاش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەندە ئالدى بىلەن سۇغۇرتا شىركەتلىرى، مالىيە كاپالىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالسا، قالغىنى فوند ئارقىلىق ھەل قىلىنسا، ئاخىرىدا دۆلەت مۇناسىپ ھالدا تۆلەم بەرسە ئۇنىڭغا چېتىلغۇچى تەرەپلەر رازى بولىدۇ، مەسىلىنىمۇ ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇسۇل ـ چارىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەندە يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. خەۋپ-خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش شەكلى ۋە ئۇسۇل ـ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە مۇھىمى ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك.

مەسىلەن، فوند ھازىرلاشنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى خېلىلا زور بولسىمۇ، ئەمما خەۋپ-خەتەر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشنىڭ ئىختىيارلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. جامائەت بىخەتەرلىكى خەۋپ-خەتىرى مەسىلىسىدە كۆپىنچە سۇغۇرتا ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ كۆپرەك تەكىتلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا پۈتۈن جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق مەبلەغ جۇغلاپ ھادىسە، ۋەقە، ئاپەتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش مەقسەت قىلىنىسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش چۈشەنچىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئاجىز بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن سۇغۇرتىغا ئومۇميۈزلۈك قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. مەجبۇرىي يولغا قويۇش بەكرەك تەكىتلەنسە دەرۋەقە سۇغۇرتا دائىرىسىنى كېڭەيتىپ مەبلەغنى كۆپرەك جۇغلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما جامائەتنىڭ ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا مەلۇم دەرىجىدە دەخلى - تەرۇز قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، جامائەت بىخەتەرلىكى خەۋپ-خەتىرى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغان بەزى ساھە ۋە كەسىپلەر(مەسىلەن، كۆمۈركان، نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى، يادرو يېقىلغۇسى قاتارلىق)دە مەجبۇرىي سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن سىرت، باشقا ساھەلەردە تەشۋىق - تەربىيە ئارقىلىق سەپەرۋەر قىلىش، ھۆكۈمەت يېتەكلەش چارىلىرىنى ئاكتىپ يولغا قويۇش كېرەك.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، خەۋپ-خەتەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، تارقاقلاشتۇرۇش ئۇسۇل-چارىلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش يانداشما چارىلەرنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەندە، مەسىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت قىلىش فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش، سۇغۇرتا تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، تەشۋىق -تەربىيەنى كۈچەيتىش چارىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ يولغا قويغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## ئىزاھلار

[1] hhtp//finance. sina. 20041110/01131143272. shtml.

[2] http://www. chinasafety. gov. cn/newpage/.

## پايدىلانمىلار

1. 张礼斌.《浅谈新时期我国公共安全及其管理问题》[J]，企业家天地（理论版），2011 年 07 期第 105 页.

2. 马永清,曲凯音.《风险社会背景下的公共安全与应急机制构建》[J]，理论与现代化，2008 年 04 期第 104 页.

3. 楼晓英.《公共安全补偿机制中政府的困境及风险社会化选择》[J]. 中国财政，2011 年第 07 期第 55 页.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 04_058_02(2013) 1005_5878

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» دىكى «ئىنسادى سۇترا» دىن پارچە ئۈستىدە تەتقىقات*

دىلارا ئىسراپىل

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئالتە سۇلالە دەۋرىدە 8 دەرۋىشنىڭ خوتەندە ۋەز ئاڭلىغاندا قالدۇرغان قوليازما ــ خەنزۇچە «ئاقىللىق ۋە دانالىق ھەققىدىكى سۇترا» نىڭ 1 ـ جىلدىنىڭ بىر بۆلىكىنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان، جەمئىي 25 بەت، 243 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. بۇ ماقالىدە، بېيجىڭدىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» غا قوشۇمچە قىلىنغان « ئىنسادى سۇترا » پارچىسى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要:** 属于“素文珍藏”的“畏吾儿写经残卷”出土于高昌古城，写于六朝时河西沙门八人在于阗听讲时所撰集的手卷＿汉文《贤愚经》第 1 卷之一段的背面。“畏兀儿写经残卷”共 25 叶，该残卷共存有 243 行回鹘文，其中中 11 行的内容属于《因萨底经》。本文将对这 11 行进行原文换写、拉丁字母转写、现代维吾尔语翻译和注释，结合前辈的有关研究，对相关问题进行探讨。

**Abstract:** As a part of the “Plain Text Collection”, the twenty-five-page “Uyghur-Scripted Buddhist Sutra” had been written in the age of Six Dynasties and was found in Idu-qut Ancient City. According to the meaning, the Sutra can be divided into three sections, including: “Iduq-qut ode”, “Insadi Sutra” and “The Vow of Praise”. The Sutra contains 243 lines of Uyghur script and eleven of them come from “Insadi Sutra”. This thesis explains these eleven sentences, translates them into Latin-Scripted Uyghur Language, notes them in Modern Uyghur Language and studies on several related questions according to the former studies.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

بېيجىڭدىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا «يېڭى 1570» نومۇردا ساقلىنىۋاتقان «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى» (畏兀儿写经残卷)[1] مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەتىننىڭ باش قىسمى ‹ئىدىقۇت خان قەسىدىسى›[2]، ئىككىنچى قىسمى ‹ئىنسادى سۇترا›[3] دىن پارچە، ئۈچىنچى قىسمى ‹ماھاپرانىدانا›(广大发愿颂)[4]. ئەسلىي مەتىن جەمئىي 25 بەت، 244 قۇر. 58-قۇردىن 69-قۇرغىچە «ئىنسادى سۇترا» دىن پارچە بولۇپ، ئەسەر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان.

ھازىر بېرلىن ئاكادېمىيەسى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا (Ch/U7570)IIIT M228 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان «ئىنسادى سۇترا» 1906 - يىلى مۇرتۇقتىن تېپىلغان بۇددىزمغا ئائىت مەتىن. بۇ مەتىن تۈركولوگ سەمىھ تېزجان تەرىپىدىن رەتلەنگەن ۋە تەتقىق قىلىنىپ، 1974 - يىلى ئېلان قىلىنغان [5]. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ مەتىن جەمئىي 1121 قۇر بولۇپ، «ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسى»غا قوشۇمچە قىلىنغان قىسمى «ئىنسادى سۇترا»نىڭ 1089~1115 قۇرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. «ئىنسادى سۇترا» بىر بۇددا نومى بولماستىن، بەلكى چىسىم-تۇ تەرىپىدىن توپلانغان بىر قانچە (ياكى تېخىمۇ كۆپ) بۇددا نوملىرىدىن تاللانمىلاردۇر[6].

تۆۋەندىكىسى ئۇيغۇرچە بۇددا نوم پارچىسىغا

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: دىلارا ئىسراپىل( 1980 -يىلى تۇغۇلغان)، دوكتور، قەدىمكى تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قوشۇمچە قىلىنغان پارچىنىڭ لاتىنچە ترانسلېتراتسىيە، ترانسكرىپسىيە، ئىزاھ ۋە تەرجىمىسى.

ماقالىدە ئىشلىتىلگەن بەزى بەلگىلەر:

( ) مەتىندە يېزىلمىغان سوزۇق تاۋۇش.

[ ] مەتىننىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن قىسمى.

{ } مەتىندە ئارتۇق يېزىلغان ھەرپ.

(( )) كېيىن قوشۇپ يېزىلغان سۆز.

‹ › مەتىندە كەم يېزىلغان ئۇزۇك تاۋۇش.

ترانسكرىپسىيەدە ، قاپىيەنى كۆرسىتىدىغان ھەرپ تىوم يېزىلغان.

ترانسكرىپسىيەدە يانتۇ يېزىلغان ھەرپ، مەتىندە ئېنىق كۆرگىلى بولمىغان ھەرپ.

## 1. ترانسلېتراتسىيە

58. [ ]l'r nynk m'nkkl y yrlyq̈'nčwčβy kwnkwl lwyk p''k'r y y'r'q̈ syz 'rs'r ym'

59. [ ]q qy'myz ṅy y'βysl'm'dyṅ ''lw yrlyq'nk .. 'wlws 'wlwq̈ y q'ṅkymz nynk

60. [ ]lyq̈yn s'q̈y□yp 'wdwṅt'čy t'pyṅd'čy pyz q̈wlwd l'ryq̈ 'wmwq̈swz q̈ylw yrlyq̈'m'ṅk :: :[:]

61. [ ]/ynk kwyswšwmwz ṅy kwnkwlwmwz č'pwydwrw yrlyq̈'ṅk kwnkwlwmwz bwlz wn 'yṅčkwlwk

62. [ ]//z wn''d' syz 'wyswmwz y'šymyz twyk'yw 'wylwm k' 'wylwnk k' pwldwq̈ t' 'wykwmwz

63. [ ]ydry 'wykswmwz t' p'lkwrw yrlyq̈'ṅk :·: :·:

64. [ ]č' t' 'wyswmwz t' 'wykwmwz q'ṅkymyz 'wqwl 'ylyk

65. [ ] ''lyp qwlwd l'ryq̈ 'yč 'wrdwnkwz t' 'wrwnkwz t' 'wrṅ'dyṅk .. kwyrw yšydw q̈'ṅynčsyz

66. [ ]wz ṅwmwnkwz ny kwyr'lym yšyd'lym twrq̈'rw kwyrkwswz ''yyq̈ qylynč l'rymz t'ryq̈swn ::

67. [ ] ''ryq̈ nwmlwq yṅ t'pynlym sysynk' q̈wp kwnkwl yṅ t'py□myš pwy'ṅymz nynk twysyṅd'

68. [ ]z ṅy ((tyn)) βykrydyq̈ pwldwq̈ t' syz pwrq□q̈wdy□pwrw□q̈y qwβr'q̈ ynkyz t' twdwlw

69. [ ]/wq̈ 'lq̈yš yq̈ pwrq̈'n lyq̈ kwyn tnkry twrqrw q'n :: s'dw pwlz wn twyk'dy

## 2. ترانسكرىپسىيە

58[7]. [**ya**lnguqlarnïng tängri] lär-ning mangg(a)l-ï[8]

**y(a)**rlïqančuč{v}ï köngül-lüg bägär-i

**ya**rağ-sïz ärsär ymä

59. [bizning bu tapï]ğ-q(ï)y-a-mïz-nï

**ya**vïẓlamadïn alu y(a)rlïqang ..

**u**luš uluğ-ï qangïm(ï)z-nïng

60. [**u**runčaqlïğ yar]lïğïn saqïnïp

**u**duntačï tapïndačï biz quluṭ-larïğ

**u**muğsuz qïlu y(a)rlïqamang :: ::

61. [bu bi]z*n*ing[9] küsüšümüz-ni

**kö**ngülümüz-čä büṭürü y(a)rlïqang

**kö**ngülümüz bolṣ-un enčgülüg

62. [**kö**rkümüz] *ä*rz-ün ada-sïz

**ö**ẓümüz yašïmïz tükäyü

**ö**lüm-kä ölüng-kä bulduq-ta

**ö**gümüz

63. [qangïmïz ma]yṭri

**ü**ksümüz-tä bälgürü y(a)rlïqang :·: :·:

64. [**e**ltinsär an]ča-ta öẓümüz-tä ögümüz

qangïmïz[10]oğul elig

65. [edäläyü] alïp quluṭ-larïğ[11]

**i**č ordunguz-ta or<n>unguz-ta ornaṭïng [12]..

**kö**rü ešidü qanïnčsïz

66. [**kö**rküng]üz nomunguz-ni[13]

**kö**rälim ešidälim turqaru

**kö**rgüsüz ayïğ qïlïnč-larïm(ï)z tarïqẓun ::

67. [**ta**rïqmïš] arïğ nomluğ-ïn

**ta**pïn(a)lïm siẓingä qop köngül-in

**ta**pïnmïš buyanïm(ï)z-nïng tüšindä

68. [**ta**palïm si]z-ni-((tin)) [14]vy(a)kriṭïğ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



bulduq-ta siz burh(a)n quṭïn

burunqï quvrağ-ïngïz-ta tuṭulu

69. [bolalïm ï]*d*uq alqïš-<l>ïq

burhan-lïq kün t(ä)ngri turq(a)ru han :: ::

sadu bolz-un tükädi

## 3. ئىزاھ

58) Toch.A maṅkal/ Toch.B > :mangg(a)l[15] Skt. maṅgala > mangāl، « بەخت، تەلەي، ياخشى بېشارەت » دېگەن مەنىلەردە.

:bägär-i > bäg ( بەگ ) + är ( ئەر ). ( قاراڭ: BT III، 75-بەت).

:yarağ-sïz > yara- (يارىماق) + ğ (تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە) + sïz (سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە).

59) tapïğ: بۇددا دىنى ئاتالغۇسى. سانسكرىتچە pūjanā، خەنزۇچە «供施、供给». بۇ سۆز «باقماق، خەۋەر ئالماق» مەنىسىدە بولۇپ، يۇقىرىغا نىسبەتەن ھۆرمەت قىلىش، خىزمىتىنى قىلىش، تۆۋەنگە نىسبەتەن ھېسداشلىق قىلىش، كۆيۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ. qya+ (« ئاز، كىچىك » مەنىسىدىكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە).

yarlïqa-: بۇ سۆز ئەسلىي «ھېسداشلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش» مەنىسىدە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، ياردەمچى سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

60) qul+ ut > :quluṭ . ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى تۈرلەيدىغان ياكى تۈردەش ئىسىم ياسايدىغان قوشۇمچە (X)t+ دىن تۈزۈلگەن qulut سۆزى ئادەتتە بىرىنچى شەخسنى كۆرسەتكەندە، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدۇ ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى « بەندە »، « پېقىر » سۆزلىرىگە توغرا كېلىدۇ ( قاراڭ: OTWF[16] 78~79 بەت).

62) öl-üng –(X)ng> :ölüng. ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈرغۇن سۆز ياسايدىغان ئۆتۈمسىز قوشۇمچە بولۇپ، بۇ قوشۇمچىدىن ياسالغان سۆزلەر ئاساسەن، مەتنىلەردە پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلگەن. بۇ قوشۇمچىدىن ياسالغان سۆزلەر ھەممىسى قوش بوغۇملۇق سۆزلەردۇر (قاراڭ: OTWF، 337~338 بەت).

63) üsk > :üksümüz-tä، بۇ سۆزدە تاۋۇش ئالمىشىش يۈز بەرگەن.

64) oğul elig : تەخت ۋارىسى. بۇ سۆز كەلگۈسىدە كېلىدىغان بۇددا مايتىرىنى كۆرسىتىدۇ. oğul سۆزى «ئوغۇل» مەنىسىدىن باشقا يەنە بەزىدە «شاھزادە؛ خىزمەتچى» مەنىلىرىدىمۇ كېلىدۇ ( قاراڭ: II TMEN[17]، 498-ۋە 502 سۆزلۈك).

65) öz eltin- .elt-in > :eltin- قەدىمكى ئۇيغۇرچە خېلى كۆپ مەتنىلەردە كۆرۈلگەن بولۇپ، «ھاياتنى داۋاملاشتۇرماق» مەنىسىدە (قاراڭ: OTWF، 599 ـ بەت).

edilä-: بۇ سۆز IIIBT تە بار بولۇپ، تېزجان سوئال بەلگىسى قويۇپ، «قوغدىماق» دەپ تەرجىمە قىلغان ۋە ئىندېكستە «ئىگە بولماق (ئوقۇلۇشى ئېنىقسىز)» دەپ يازغان. edilä-: > lä+ (ئىگە) edi ، «ئىگە بولماق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، . دۆرفېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، edi سۆزى، موڭغۇلچە (ئىگە) eǰi* سۆزىدىن كەلگەن. igälä-: > lä+ (ئىگە) igä « قوغدىماق» دېگەن مەنىدە. edi ۋە igä ئايرىم-ئايرىم ئىككى سۆز بولۇپ، edilä- سۆزى igälä- سۆزى بىلەن مەنىداش سۆز بولمايدۇ (قاراڭ: OTWF، 436~437 ـ بەت) دىن كەلگەن.

67) puṇya > :buyan Skt. بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، «ساۋاب» مەنىسىدە.

Buyan tüši: «ساۋابنىڭ مېۋىسى». بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشتىن ئېرىشىدىغان نەتىجە، خەنزۇچە « 福果 » .

68) siz-ni-tin: كىشىلىك ئالماشنىڭ ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىش شەكلى قىسمەن ئەھۋاللاردا شەكىل جەھەتتىن ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىغا ئوخشايدىغان ياردەمچى ni+ ئاساسىدا ياسىلىدۇ ( قاراڭ: GOT[18]، 196-بەت).

Toch.A/B vyākarit Skt. vyākṛta> :vy(a)kriṭ <. بۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە « 受记、授记 »، «بۇددا بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى» دېگەن مەنىدە.

Burhan qutï: > «بۇددا بولماق» مەنىسىدە، خەنزۇچە « 佛果 ».

69) sadu: < Skt. Sādhu، «خەيرلىك، ساۋابلىق» دېگەن مەنىدە.

## 4. تەرجىمىسى

(58~60) [ئىنسانلارنىڭ، تەڭرى]لەرنىڭ بەختى بولغان، مېھر-شەپقەتلىك بېگى (سىز) ئەرزىمەس بولسىمۇ، [بىزنىڭ بۇ] كىچىككىنە خىزمىتىمىزنى يامان كۆرمەي ئىلتىپات قىلىپ قوبۇل قىلغايسىز. ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغى خانىمىزنىڭ تاپىلىغان گېپىنى ئەستە تۇتۇپ، (سىزگە) خىزمەت قىلىدىغان بىز قۇللىرىڭىزنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىغايسىز.

(61~63) بىزنىڭ بۇ ئۈمىدىمىزنى كۆڭلىمىزدىكىدەك ئەمەلگە ئاشۇرغايسىز. كۆڭلىمىز تېنىچ، تېنىمىز ئامان بولسۇن. ھاياتىمىز، يېشىمىز ئاخىرلىشىپ، ئۆلۈمگە يەتكىنىمىزدە، ئانىمىز، ئاتىمىز (مايترى) ئالدىمىزدا پەيدا بولغايسىز.

(64~66) ھاياتىمىز تېنىمىزدە داۋاملاشسا، ئۇ چاغدا، ئاتا-ئانىمىز تەخت ۋارىسى (مايترى) (تېنىمىزغا) ئىگە بولۇپ ئېلىپ، (بىز) قۇللىرىڭىزنى خاس ئوردىڭىزغا قويغايسىز. كۆرۈپ، ئاڭلاپ قانمايدىغان چىرايىڭىز (ۋە) نومىڭىزنى كۆرىيلى، ئاڭلايلى. مەڭگۈ قارىغۇسىز يامان قىلمىشلىرىمىز يوقالسۇن.

(67~69) (يامان قىلمىشلاردىن ) يىراقلاشقان پاك دىنىي ئەقىدىمىز بىلەن سىزگە پۈتۈن كۆڭلىمىزدىن تېۋىنايلى. تېۋىنغانىنىڭ ساۋابىغا، سىزدىن بۇددا بولىدىغان ئالامەتلەرنى تاپايلى. (بۇددالىق ئالامەتلىرىنى) تاپقىنىمىزدا، سىز ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، مۇقەددەس، كۈندەك ئەبەدىي خانىمىز (مايترى) بۇددالىق مەرتىۋىسى بىلەن (بىزنى) ئەڭ يۈكسەك جامائىتىڭىزگە مەنسۇپ قىلغايسىز. خەيرلىك بولسۇن، تۈگىدى.

## ئىزاھلار

[1] بالىق畏兀 سۆزى «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] بۇ بۆلەك كولوفون (跋文) بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ قىسىمغا ئائىت تەتقىقات ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالىگە قاراڭ:
迪拉娜・伊斯拉非尔.国家图书馆藏“畏兀儿写经残卷”跋文研究，民族语文，2011年第三期.

[3] ئىنسادى: بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تا ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

[4] «ئۇلۇغ خەزىنە نوملىرى» 32-قىسىم 1676-نومۇر ( 《广大发愿颂》 大正新修大藏经第 32 册 No. 1676 )

[5] Semih Tezcan, *Das uigurische Insadi-Sūtra,* Akademie-Verlag. Berlin, 1974
( بۇ ئەسەر تۆۋەندە قىسقارتىپ IIIBT دەپ ئېلىنىدى.)

[6]بۇ ھەققىتكى تەتقىقات ئۈچۈن قاراڭ:
Peter Zieme, *On Some Quotations in the Uighur Insadi- Sū*tra, (Presented in Honour of Prof. Daisyun UEYAMA and Prof. Meiji YAMADA on their retirement from Ryukoku University). http://ci.nii.ac.jp/els/110006609600.pdf?idART0008579589&type=pdf&lang=jp&host=cinii&order_no=&ppv_type=0&lang_sw=&no=1340680068&cp=PeterZieme,*Einalttürkisches Avalokiteśvarastava*, Altorientalische Forschungen 14, 1987.

[7] بۇ نومۇر ئەسلىي مەتىندىكى قۇر نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

[8] IIIBT تە yalngoqli tängrili manggalï يېزىلغان.

[9] IIIBT تە küsämiš küsüšümüzni يېزىلغان.

[10] IIIBT تە edimiz egämiz يېزىلغان.

[11] IIIBT تە biz qulutlarïğ يېزىلغان.

[12] IIIBT تە (!) ič ordunguzta örding دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان ۋە «خاس ئوردىڭىزغا ئۆرلىتىڭ» دەپ تەرجىمە قىلغان.

[13] IIIBT تە ikigüni سۆزى بار.

[14] tyn دىسلەپتە يېزىلمىغان، كېيىن ṅy بىلەن βykrydyq̈ ئارىسىدىكى بوشلۇققا « + » قويۇلۇپ، سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلغان.

[15] بۇ نومۇر مەتىندىكى قۇر نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

[16] Marcel Erdal, *Old Turkic Word Formation*, Otto Harrassowitz. Wiesbaden, 1991.

[17] Gerhard Doerfer, *Türkische und mongolische Elemente im Neupersischen*, II, Wiesbaden, 1965.

[18] Marcel Erdal, *A Grammar of Old Turkic*, Leiden .Brill, 2004.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

第 34 卷第 2 期
2013 年 6 月

شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

34 ـ يىللىق 2 ـ سان
2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 05ـ062ـ1005ـ5878 (2013)02

# تەرجىمىدىكى ئالتە خىل مەنە توغرىسىدا*

رەشىدە غوپۇر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئاتاقلىق تەرجىمە تەتقىقاتچىسى ليۇ مىچىڭ ئەپەندىنىڭ «يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۈگۈنكى دەۋر تەرجىمە نەزەرىيەسى» (新编当代翻译理论) ناملىق كىتابى جۇڭگو تاشقى تەرجىمە نەشرىياتى شىركىتى تەرىپىدىن 2005- يىلى نەشر قىلىنغانىدى. 2009- يىلى قايتا نەشر قىلىندى. كىتاب مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە خاسلىققا ئىگە. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرجىمىچىلىك ئىشلىرىغا تەتبىق قىلىنىدىغان نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرى بار. ماقالىدە شۇ كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان چۈشەنچە ئاساسىدا تەرجىمىدىكى مەنە ۋە چۈشىنىش نەزەرىيەسى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ. تەرجىمىدە مەنە مەسىلىسى يادرولۇق مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئۇقۇم مەنىسى، كونتېكىست مەنىسى، ئۇسلۇب مەنىسى، ئوبراز مەنىسى ۋە مەدەنىيەت مەنىسىدىن ئىبارەت ئالتە مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرجىمىدە مەنىنىڭ بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا ئالماشتۇرۇلۇش جەريانى تۈپتۈز، تاق يۆنىلىشلىك بولماستىن، بەلكى كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك بولىدۇ.

**摘要：**翻译是一种语际传播行为， 翻译的实质性特征是双语在交流中的意义对应转换。这里所说的“在交流中的意义”内容特别丰富。 本文根据刘宓庆先生的论著《新编当代翻译理论》内容， 结合新疆民汉语文翻译实践，对翻译中的意义，包括概念意义，语境意义，形式意义，风格意义，形象意义和文化意义进行简述。从以上的六种意义可见，意义转换是多层次，多方位的而不是平面的，单向的。翻译的任务就是在许多层面和方面上，还用双语转换基本作用机制所决定的所有可供选择的方法。为达到意义转换的目的所进行的语际传播活动。

**Abstract:** According to the book “New Translation Theories” written by Liu Miqing, and combining with translation practices of Xinjiang, this paper explains six meanings of translation, such as: conceptual meaning, contextual meaning, formal meaning, style meaning, figurative meaning and cultural meaning. From the explanation of these six meanings, one can see that the translation work is not a process of sole-dimensional transforming, but a process includes multi-dimensional transforming of meanings.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H059**　　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

## مۇقەددىمە

تەرجىمە تىللار ئارىسىدىكى مەنە ئالماشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈش پائالىيىتى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەنە ئالماشتۇرۇش مۇرەككەپ بىر قاتلام بولۇپ، ئۇقۇم مەنىسى، كونتېكىست مەنىسى، فورمال(شەكىل) مەنىسى، ئۇسلۇب مەنىسى، ئوبراز مەنىسى ۋە مەدەنىيەت مەنىسىدىن ئىبارەت ئالتە مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەنە ئالماشتۇرۇش جەريانى تۈپتۈز، تاق يۆنىلىشلىك بولماستىن، بەلكى كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك بولىدۇ.

تىللار ئارىسىدا ئالماشتۇرۇش كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. مەسىلەن، تاۋۇش قاتلىمىدىكى ئالماشتۇرۇش، يەنى تەرجىمىدە ئاھاڭ بويىچە ئىپادىلەش. يېزىق شەكلى بىلەن بىۋاستە ئىپادىلەش. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى سۆزنى ئۇيغۇر تىلىدا بىۋاستە كۆچۈرۈپ

*بۇ ماقالە 2012 -يىلى 12- ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: رەشىدە غوپۇر (1986ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى تىل- ئەدەبىياتى كەسپى 2011- يىللىق ماگىستىرانتى.

ئىپادىلەش ياكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزنى خەنزۇ تىلىدا بىۋاستە كۆچۈرۈپ ئىپادىلەش. مەيلى فونېتىكا قاتلىمىدىكىسى بولسۇن، مەيلى يېزىق شەكلىنى بىۋاستە يۆتكەپ ئىپادىلەش بولسۇن، ھەر ئىككىسى تىللار ئارىسىدىكى تاشقى ئالماشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەرجىمىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان مۇھىم نۇقتا تاشقى ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى مەنە قاتلىمىدىكى پاراللېل ئالماشتۇرۇشتۇر. ھالبۇكى، مەنە قاتلىمىدىكى ئالماشتۇرۇش تىللار ئارىسىدىكى كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنىلىك ئالماشتۇرۇشتۇر. قىسقىسى، مەنە ئالماشتۇرۇش تەرجىمىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ۋە جېنىدۇر.

## 1. ئۇقۇم مەنىسى

ئۇقۇم مەنىسى سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۈملە ۋە ئابزاستىن ئىبارەت تۆت قاتلام سېمانتىكىلىق ئىنفورماتسىيە ياكى سېمانتىكىلىق مەزمۇننى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇقۇم مەنىسى تىل ئىنفورماتسىيەسىنىڭ يادروسى ۋە ئاساسى. لېكسىكولوگىيەدە سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى سۆز مەنىسىنىڭ يادروسى دەپ قارىلىدۇ. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى (لۇغەت مەنىسى، ياكى شەيئىنى ئىپادىلەشتىكى مەنىسى) سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇقۇم شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ، سۆز بولسا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملە قاتلىمىدا سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى جۈملىنىڭ ئىگە قىسمى بىلەن خەۋەر قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىش (بايان قىلىنىش بىلەن بايان قىلىش) سېمانتىكىلىق مەزمۇننى كۆرسىتىدۇ. سېمانتىكا ۋە پاراگمىتىكىدا، سېمانتىكىلىق مەنە ئىككى قاتلام مەنىگە ئىگە: بىرى، نېمىنى ئىپادىلىدى؟ يەنە بىرى، نېمىنى قانداق ئىپادىلىدى؟ بۇ ئىككى ھۆكۈم تىللار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتىدا مەركىزىي تېما ھېسابلىنىدۇ. «نېمىنى ئىپادىلىدى؟» مۇھىمى سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئۇقۇم ھەجمى، سۆز مەنىسىنىڭ تەھلىلى، جۈملە مەزمۇنى ۋە ئابزاسلاردىن پۈتۈن تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا چېتىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە تەرجىمىدىكى چۈشىنىش باسقۇچىغا تەۋە مەسىلىدۇر. «نېمىنى قانداق ئىپادىلىدى؟» مۇھىمى ئىپادىلەش شەكلى باسقۇچىغا تەۋە بولۇپ، فورمال مەنىسى ۋە ئۇسلۇب مەنىسى بىلەن ئالاقىداردۇر. لوگىكىلىق تەرجىمە تەرتىپى ۋە مېتودولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىپادىلەش كاتېگورىيەسىگە تەۋە. ھالبۇكى، چۈشىنىش بىلەن ئىپادىلەش تەرجىمە جەريانىدىكى ھەل قىلغۇچ ئىككى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ئۇقۇم مەنىسى بەلگەشۇناسلىق، تىللار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ رول مېخانىزمى، تەرجىمىدىكى مۇمكىنچىلىك مەسىلىسى، مېتودولوگىيە قاتارلىق بىر يۈرۈش زور مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇقۇم مەنىسى تەتقىقاتى تەرجىمىچىلىك تەتقىقاتىدا مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

## 2. كونتېكىست مەنىسى

كونتېكىست مەنىسى ئىككى تەرەپتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، سۆزنىڭ ئالاھىدە تىل مۇھىتىدىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئالاھىدە تىل مۇھىتى سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تەكشەپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەنىسى ياكى باغلىنىشلىق مەنىسىنى بېكىتىدۇ. كونتېكىستشۇناسلىقتا بۇ «كونتېكىستنىڭ بېكىتىش فۇنكسىيەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىتقىمۇ ئىگە. شۇڭا كونتېكىست مەنىسى يەنە ئالاقىلىشىش مەقسىتى، ئالاقىلىشىش سورۇنى ۋە قوبۇل قىلغۇچىلار ئامىلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان تۆت قاتلاملىق سېمانتىكىلىق ئۇچۇردا كۆرۈلىدىغان ھېسسىي تۈس، ھالەت تۈسى ۋە يوشۇرۇن مەنە قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدۇ. بۇلار كونتېكىستشۇناسلىقتا «ئىجتىمائىي مەنە» ياكى «فۇنكسىيەلىك مەنە» دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى بىلەن بىرىكىش مەنىسى سۆزنىڭ كونكرېت مەنىسى دائىرىسىگە تەۋە. گىراماتىكىلىق مەنە ئىچىدە گىراماتىكىلىق باغلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنىسمۇ مەۋجۇت بولىدۇ.

روشەنكى، ھەرقانداق سۆز، جۈملە ۋە ئابزاس ئالاھىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتى ياكى كونتېكىست ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە تىل كونتېكىستىدىن باشقا، تېخىمۇ كەڭ كونتېكىستنىڭ تىزگىنىدە بولىدۇ. شۇڭا كونتېكىست مەنە ۋە مەزمۇننى بېكىتىشنىڭ ئاساسىي قاتناشقۇچىسىدۇر. يەككە-يېگانە سۆز مەنىسى تۇراقسىز بولىدۇ. «ئات» سۆزىنىڭ كونكرېت مەنىسى «مەن ئات مىندىم»، «دادام ماڭا تاشنى ئات دېدى»، «ساڭا قانداقسىگە ئەزىمەت دەپ ئات قويغان بولغىيتتى؟» دېگەندەك كونكرېت جۈملىلەردە ئېنىقلىققا ئىگە بولىدۇ. كونتېكىستنىڭ مەنىنى تەگشەشتىكى مېخانىزمى تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) سۆزنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتىكى مەنە ۋارىيانتى؛ (2) سۆزنىڭ ھېسسىي تۇس مەنىسى؛ (3) سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى؛ (4) جۈملە ياكى جۈملە تۈپىنىڭ ئالاھىدە فورمال-شەكىلدىكى مەنىسى؛ (5) تېكىستنىڭ ئاساسىي مەركىزىي ئىدىيەسى. شۇڭا، ھەرقانداق شارائىتتا كونتېكىستنىڭ تەرجىمىدىكى رولى ۋە فۇنكسىيەسىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. كونتېكىستنىڭ يەنە ئىجتىمائىي رولىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار نەزەرىمىز بىلەن قارىشىمىز كېرەك. كونتېكىستنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تىللار ئارا ئالاقىلىشىشنىڭ جىمى تەرىپىگە تۇتىشىدۇ. بۇ خىل فۇنكسىيەلىك ئامىل نۇتۇقنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى، نۇتۇقنىڭ ئوبيېكتى، نۇتۇقنىڭ ماكان ۋە زامانى، ئالاقىلەشكۈچىلەرنىڭ سالاھىيىتى ۋە ساپاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى، كونتېكىست مەنىسى تىل كونتېكىستى مەنىسى، ئىجتىمائىي كونتېكىست مەنىسى ۋە مەدەنىيەت كونتېكىست مەنىسى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 3. فورمال مەنىسى

فومال ياكى شەكىل مەنىسى-تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى ياكى باب، پاراگراف ۋە تېملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر، شېئىر، مەسنەۋى قاتارلىق ئالاھىدە شەكىللەرنىڭ ھەممىسىدە فورمال مەنە بولىدۇ. فورمال مەنە يەنە تىل قۇرۇلما شەكلىنىڭ ئالماشتۇرۇلىدىغان چېغىدىكى يوشۇرۇن مەنە (شەكىلنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىجابىيلىق-سەلبىيلىك، ئېغىر-يېنىكلىك جەھەتتىكى پەرقلەر)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، ئاكتىپ جۈملە بىلەن پاسسىپ جۈملىلەر، ئېنىقسىز جۈملىلەر بىلەن ئىسىمداشلار ئارىسىدىكى سېمانتىكىلىق مىكرو پەرقلەر. بۇ چاغدا فورمال شەكىللەر ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەنە كۆرۈنەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەنە جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش پۈتۈن مەنىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ مىكرو مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فورمال-شەكلەن مەنىسى تىل بەلگىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇڭا ھەرقانداق ئۇقۇم مەنىسى مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئاندىن ئۇ سېزىشكە بولىدىغان گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا فورمال ياكى شەكىلنىمۇ «ئالاھىدە ئۇقۇم» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى مەنە شەكىلدىن ئايرىلالمايدۇ، شەكىل مەنىدىن ئايرىلمايدۇ. قانداق فورمال-شەكلىنى قوللىنىپ، مۇئەييەن مەنە-مەزمۇننى ئىپادىلەش تەرجىمىدىكى ئەڭ نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئۇسلۇب مەنىسى

ئۇسلۇب مەنىسى ئەسلىي تىل تېكىستنىڭ ئۇسلۇبىي ئىپادىلىگەن تۈرلۈك مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىي تېكىستنىڭ ژانىرى، يازغۇچىنىڭ تىلى ۋە ئىستىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇسلۇب مەنىسى ئۇسلۇب ئىنفورماتسىيەسى ئىچىدە كۆرۈلىدۇ. تەرجىمەشۇناسلىق ئۇسلۇب ئۇچۇر-مەلۇماتلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشى، ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك.

كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇسلۇب مەنىسى ئالىي قاتلامدىكى مەنىلەردىن شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ

تۇپەيلى، ئۇسلۇب مەنىسى تەتقىقاتى تەرجىمە نەزەرىيەسىدىكى ئالىي قاتلاملىق تەتقىقاتقا كىردى. شۇڭا، ئۇ تەرجىمە ئۇسلۇب نەزەرىيەسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇسلۇب مەنىسى تەتقىقاتىدا، ئۇسلۇب ۋاستىلىرىنىلا تەتقىق قىلىشتىن باشقا، يەنە ئۇسلۇبنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى، تەرجىمە ئۇسلۇبنىڭ سىنخرونىكى ۋە دىياخرونىكى، شەخس (تەرجىمان)نىڭ ئۇسلۇبى ۋە تەرجىمە تەمى ۋە پۇرىقىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرغا قەدەر تەرجىمىدە «ئۇسلۇب» تىلغا ئېلىنغان بىلەن كونكرېت تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ سەۋەب بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇسلۇب مەنىسى ۋە ئۇسلۇب تەتقىقاتى تەرجىمىدە ئەڭ قىيىن بولغان بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. قىيىن ئىشتىن كۆپ كىشىلەر ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. 1975-يىلى چاۋشيەن رەئىسى كىم ئىرسىن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە، بېيجىڭدا دوختۇرخانىغا بېرىپ، جوۋ ئېنلەي زۇڭلىنى يوقلىغان. كىم ئىرسىن جوۋ ئېنلەيگە: «ياخشى داۋالىنىڭ، چوقۇم ساقىيىسىز» دېگەندە، جوۋ ئېنلەي: «我已经收到了马克思的 请帖» دېگەن. بۇنى بەزىلەر: «مەن ساقايمايدىغان ئوخشايمەن» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ خىل تەرجىمە قارىماققا توغرىدەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ئۇسلۇبتىن بەك يىراق. چۈنكى بۇ تەرجىمىدە زۇڭلىنىڭ ماركسىزملىق ئەقىدىسى، باقىي دۇنياغا بارغاندىمۇ ماركسنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىق ئىدىيەسى، مەۋقەسى ۋە ھېسسىياتى ئىپادىلەنمىگەن. شۇڭا ئۇنى خاتا تەرجىمە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بىز تەرجىمىدە مەزمۇنغا سادىق بولۇش، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇش، ئۇسلۇبنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەمگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. تەرجىمە ئالاھىدىلىكى، ئالىي تەرجىمە دېگەندە، ئۇ بەكرەك تەرجىمە ئۇسلۇبىغا قارىتىلغان.

## 5. ئوبراز مەنىسى

ئوبراز مەنىسى سۆزنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئوخشىتىش-تەقلىد قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق ئوخشىتىش مەنىسى سۆزنىڭ خەت مەنىسى (ئاشكارا مەنىسى)دىن ئوخشىتىش مەنىسىگە تەرەققىي قىلغانلىقى ياكى كۆچكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئوبرازلىق ئوخشىتىش سېمانتىكىدىكى بىر خىل ئەپچىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ھالبۇكى، بۇ مەنە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىستىلىستىكىلىق مەنە.

«ئوبرازلاشتۇرۇش» تىلنىڭ تاشقى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئىپادىلەشتىكى بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى. ئۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئابستراكتلاشقان چۈشەنچە بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېسسىي ئوبراز بىلەن شەيئىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئىپادىلەيدۇ. ئوبراز ئارقىلىق كىشىلەر شەيئىنىڭ شەكلى، رەڭگى، ئاۋازى، ئەكسى (سۈرەت) ۋە پۇرىقىنى بىلگەندەك قىلىدۇ. ئوبراز مەنىسى تەرجىمىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئوبراز مەنىسى ئادەتتە يوشۇرۇن مەنە، ئاشكارا مەنە ۋە ئالماشقان مەنە دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئوبراز شەيئىلەرنىڭ ھالەت-شەكلىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن بارلىققا كەلگەن. «ئۇ بىر سويما تۇرسا» دېگەن جۈملىدە «ئۇ» پىشمىغان، خام، تەجرىبىسى يوق مەنىسىدە «سويما»غا ئوخشىتىلغان. مانا بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇردۇر. ئۇنى خەنزۇ تىلىدا «毛孩子» دەپ تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوبرازلار ئالماشتى، ئەمما ئوبراز مەنىسى ئالماشمىدى. ئوبراز مەنىسى تەرجىمىدە مۇھىم ھەم قىيىن نۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز كېرەك.

## 6. مەدەنىيەت مەنىسى

«مەدەنىيەت مەنىسى» ــ تىلدا ئىپادىلەنگەن مىللىي مەدەنىيەت ۋە پسىخىك ساپانى كۆرسىتىدۇ. تىلدىكى مەدەنىيەت مەنىسى بىلەن كارى بولمايدىغان، تىلدا ئىپادىلەنگەن مول ۋە رەڭدار مىللىي مەدەنىيەتكە سەل قارايدىغان تەرجىمان ساپاسىز تەرجىمان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت مەنە تىلنىڭ

ئالاقىلىشىش فۇنكسىيەسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئالاھىدە تىل ــ ئالاھىدە مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى. تىل-يېزىق مىللىي جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلاتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تىل-يېزىق يەنە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيەسىنىڭ توشۇغۇچىسى. مۇشۇ مەنىدە تىل-يېزىقنى مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيەسىنىڭ بىر خىل بەلگىلەر سىستېمىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. مىللىي جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت بەلگىلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتە ئەكس ئېتىلىدۇ. شۇڭىمۇ تىللار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتا تىل بەلگىلىرىدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت ئىنفورماتسىيەسىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، تەرجىمىدە تىللار ئارا مەنە ئالماشتۇرۇش مۇكەممەل بولماي كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تىللار ئارىسىدىكى تەرجىمە جەريانى شەكىلدىن مەزمۇنغا، تاۋۇشتىن مەنىگە، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە، تىلدىن مەدەنىيەتكە ئۆتۈشتىكى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش جەريانىدۇر. تەرجىمە شۇكى، ئالدى بىلەن ئۇ بىر پەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پەنلىك قانۇنىيىتى، ھەرىكەت مودېل-ئەندىزىسى، فۇنكسىيە مېخانىزمى، خىزمەت ئۆلچىمى ۋە ئىجرا قىلىش تەرتىپى بار. شۇڭىمۇ تەرجىمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئابستراكت تەپەككۇر قىلىشقىمۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشقىمۇ ماھىر بولۇشى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆزىنى مۇشۇنداق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، تەرجىمە يەنە بىر خىل سەنئەت ياكى ھۈنەردۇر. بۇ دېگەنلىك، تەرجىمىنىڭ ئۆزىدە سەنئەت قانۇنىيىتى ۋە پرىنسىپى، ئېستېتىك ئالاھىدىلىك، گۈزەللىك ئېڭى سىستېمىسى ۋە ئەمەلىيەت سىناق جەريانى بار دېگەنلىك. تەرجىمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەرجىمىنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى ۋە ئۆلچىمىگە رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق تەپەككۇرىنى نامايان قىلىشى، ئۆزىنىڭ تەرجىمە نەتىجىلىرىنى ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە قىلىشى، ئۆزىنىڭ خاس ئۇسلۇبىنى يارىتىشى لازىم. تەرجىمىچىلىك بىر خىل چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال جاپالىق ئەقلىي ئەمگەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر خىل كىشىنى تەلپۈندۈرىدىغان سەنئەتلىك ئىجادىيەت جەريانى. ئۇ تەرجىمانلاردىن ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي-قۇۋۋىتىنى، ھۈنەر-ماھارىتىنى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى تەرجىمە ئىشلىرىغا بېغىشلاش ۋە تەقدىم قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشنى، تەرجىمە ئىشلىرىدا ئۈلگە ۋە ئۆرنەك يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئالتە خىل مەنە ئالماشتۇرۇش ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. تەرجىمىنىڭ ماھىيىتى مەنە ئالماشتۇرۇشتۇر. شۇڭا، ماقالىمىز مۇشۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ رول ئوينىسا، مەقسىتىمىزگە يەتكەن بولاتتۇق.

## پايدىلانمىلار


1. 刘密庆著.《新编当代翻译理论》[M]，中国对外翻译出版公司，2009年版.
2. 龚学众编著.《英汉翻译一本通》[M]，中央人民大学出版社，2010年版.
3. 王德春著.《语言学通论》[M]，江苏教育出版社，1990年版.
4. 许钧著.《翻译思考录》[M]，湖北教育出版社，1998年版.
5. شى جىڭتيەن قاتارلىقلار: «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئۆزئارا تەرجىمە دەرسلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
6. شېرىن قۇربان قاتارلىقلار: «تەرجىمە نەزەرىيەسىدىن كونسۇلتاتسىيە»، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
7. گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ـ مەجمۇئە ۋە توردىكى ئالاقىدار ماتېرىياللار.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 05_067_02(2013)5878_1005

# «تۇتىنامە» ھېكايىلىرىدىكى ئاساسلىق موتىفلار ھەققىدە ئىزدىنىش*

ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى، لەنجۇ. 730030)

قىسقىچە مەزمۇنى : «تۇتىنامە» ئۇزۇن تارىخقا ئىگە زەنجىرسىمان چاتما ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، دۇنيا ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان چۆچەكلەر توپلىمى. ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1992 - يىلى نەشردىن چىققاندىن كېيىن بۇ ئەسەر ھەققىدە تەتقىقاتلار كۆپ بولمىدى. ئۇ ھىندىستاندىن كەلگەن ھېكايىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ رايونى بىلەن ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، موتىف نۇقتىسى چىقىش قىلىنىپ، «تۇتىنامە» دىكى بالا تىلەش، قىساس، سىناق، ئاسىيلىق قىلىش قاتارلىق موتىفلار ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، بەزىبىر پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

**摘要：** 《鹦鹉的故事》是一部历史悠久的连环性穿插故事书，其在世界文学范围内翻译多种语言广为流传。自从 1992 年的《鹦鹉的故事》维文版之后，关于这一版本没多少人研究。这一故事集作为来自印度的《鹦鹉故事 72 则》，探究我国新疆与印度文化交流是具有重要意义。本文从文学母题入角，对《鹦鹉的故事》的求子母题、复仇母题、背板母题以及考验母题等母题类型进行了较为深入地论述，提出了自己的理论思考与观点。

**Abstract:** As one of the interlinked story books, "The Story of the Parrot" has a long history and has been translated into several languages all over the world. Since the publication of Uyghur edition in 1992, "The Story of the Parrot" has attracted many attentions. By analyzing several motifs of this book, this paper points out a personal view to its motifs.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«تۇتىنامە» ئۇزۇن تارىخقا ئىگە خەلق ھېكايىلىرى توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىكى شەھرىزادنىڭ ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر ھېكايە سۆزلەپ، زالىم پادىشاھنى قان تۆكۈشتىن ساقلاپ قېلىشىدەك ھېكايە قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش، خوجەستە ئىسىملىك تۇتىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئايالىنى باشقا بىر يىگىت بىلەن ناشايان ئىش قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭغا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىدەك قۇرۇلمىغا ئىگە زەنجىرسىمان ھېكايىلەردۇر. بۇ ئەسەر ھىندى ھېكايىسى «تۇتىنىڭ يەتمىش ئىككى ھېكايىسى» ناملىق توپلامدىن كەلگەن بولۇپ، ھازىر موڭغۇل، تىبەت، قازاق، قىرغىز قاتارلىق كۆپ مىللەت تىلىدا كەڭ تارقالماقتا. بۇ ھېكايىلەر توپلىمى بەزى مىللەتلەردە يىگىرمە، بەزىلىرىدە ئوتتۇز، بەزىلىرىدە قىرىق ھېكايىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ نۇسخا 14 - ئەسىردە ھىندىستاندا ياشىغان نەخشەبى ئىسىملىك شائىر قەلەمگە ئالغان پارسچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشخانىسىدا ساقلانغان XGQ398 نومۇرلۇق ئارخىپ ئاساسىدا نىجات مۇخلىس ۋە ئەخمەت ھىمىتلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان. ئۇيغۇرچە بۇ نۇسخا 52 ھېكايىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئالاقىدار بولغان، مۇستەقىل چاتما ھېكايىلەر توپلىمىدۇر. «تۇتىنامە»دە بالا تىلەش موتىفى، قىساس موتىفى، ئاسىيلىق قىلىش موتىفى ۋە ئۆلۈپ تىرىلىش موتىفى قاتارلىق موتىفلار بار بولۇپ، ئۇزاق ئەنئەنە، چوڭقۇر ۋە مول مەدەنىيەت

---

*بۇ ماقالە 2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى «شەرق زەنجىرسىمان چاتما ھېكايىلىرى تەتقىقاتى» (تۈر نومۇرى: 10JD750001) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى

**ئاپتور:** ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى (1974 - يىلى تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتور، سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پوستدوكتورى.

www.uyghurkitap.com

مەنىسىگە ئىگە. ماقالىدە «تۈتىنامە» دىكى ئاساسلىق موتىفلارنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. بالا تىلەش موتىفى

«تۈتىنامە»دە ئەھمەد سولتان ئىسىملىك دۆلەتمەن كىشى بار بولۇپ، مال-دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ، پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئۇ بۇنىڭدىن چەكسىز قايغۇرىدۇ ۋە كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ خۇدادىن بالا تىلەيدۇ. خۇدا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدۇ.

بۇ موتىف شەكلى بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ۋە باتۇرلۇق چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن «ماناس»، «ئالپامىش»، «قوبلادې»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق ئېپوسلاردا، «پارھاد-شىرىن»، «غېرىپ-سەنەم»، «ناھىر-زۆھرە»، «لەيلى-مەجنۇن» قاتارلىق مۇھەببەت داستانلىرىدا بالىلىق بولالمىغان ئەر-ئايال تەڭرىگە، ئىلاھقا سېغىنىدۇ ۋە سىرلىق يوسۇندا ھامىلىدار بولۇپ بىر باتۇر ئوغۇلغا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل موتىف شەكلى ئۇزاق يىللار قوللىنىلىش جەريانىدا ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇقىم بىر خىل ئەنئەنە شەكلىگە ئىگە بولۇپ، فورمۇلالاشقان سۇژېت دېتالى. ئۇنىڭ ئاساسلىق شەكلى (1) بىر دۆلەتمەن (شاھ، باي، سودىگەر، ئاقساقال) مال-مۈلكى ھەددى-ھېسابسىز بولسىمۇ پەرزەنتى يوقلىقىدىن قاتتىق قايغۇرىدۇ. (2) بىر سەۋەب قىلىدۇ (مازارغا بارىدۇ، سېھىرلىك ئالمىغا ئېرىشىدۇ ياكى چۈش كۆرىدۇ ۋە ياكى كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ خۇداغا سېغىنىدۇ). (3) ئۇلارنىڭ ئىخلاسى، ئىبادىتى ياكى يېتىم-يېسىرلارغا قىلغان نەزىرى ئىلاھنى (خۇدانى، تەڭرىنى، ئاللاھنى) تەسىرلەندۈرگەنلىكتىن ئايالى ھامىلىدار بولىدۇ. (4) ھامىلىدار مەزگىلىدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بۆرىكى، جىگىرى ياكى يۈرىكىگە سېزىك بولىدۇ (بەزى ئەسەرلەردە بۇ ھالقا قىسقارتىلغان). (5) ئۇلار قىيىن تۇغۇتقا دۇچار بولىدۇ، بىر كېچە-كۈندۈز ياكى ئۈچ كېچە-كۈندۈز ۋە ياكى ھەتتا قىرىق كېچە-كۈندۈز تولغاق يەيدۇ، تاغدىن-تاغقا دومىلايدۇ، مىڭ تەسلىكتە يەڭگىيدۇ. (6) قەھرىمان تۇغۇلىدۇ، ئۇ تېزلىكتە چوڭ بولىدۇ، قىرىق كۈندە گۆش يەيدۇ («ئوغۇزخان رىۋايىتى») ياكى بىر-ئىككى يىلدا ئوۋ قىلالايدۇ. باتۇر، ئەقىللىق، يۈرەكلىك ۋە شىجائەتلىك بولۇپ يېتىلىدۇ.

«تۈتىنامە»دە بۇ موتىفنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قىسىملىرى بولغان بالا تىلەش، ئىلاھنى تەسىرلەندۈرۈپ پەرزەنتلىك بولۇش ۋە پەرزەنتى كېلىشكەن ۋە ئەقىللىق چوڭ بولۇش قاتارلىق دېتاللار ساقلىنىپ قالغان. بالا تىلەش موتىفى ۋەقە بايان قىلىشنىڭ بىر خىل قۇرۇلمىسى ياكى ئاددىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپلا قالماي، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، پەلسەپەسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق نىسپىي تۇراقلىق سۇژېت ئەندىزىسى.

بىز تۆۋەندە دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت ۋە ھامىلىدارلىق قارىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز: بىرىنچى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار باشقا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرگە ئوخشاش بورۇنقى مەزگىللەردە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئۆزگىرىشى ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ ئىلكىدە دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، جۈملىدىن پەرزەنتلىك بولۇشنى ئۇنىڭغا باغلىغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ بالىلىق بولۇش ئارزۇسى تەڭرىگە سېغىنىش، تېۋىنىش ۋە تەڭرىدىن تىلەش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلانغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بالا تىلەش خۇداغا باغلىنىپ، بالا تىلىگۈچى تەقۋادار مۇسۇلمان قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ تۇغۇلغان بالىلار ئانىلىرى ئىلاھ (تەڭرى، ئاللاھ)نىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سىرلىق يوسۇندا ھامىلىدار بولۇپ، تۇغۇلغان بولغاچقا، ئۇلار كۆپىنچە ئاتىسى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان، شۇ سەۋەبلىك ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن «ماناس»تىكى ماناس ۋە ئاتىسى جاقۇپ، «يۈسۈپ-ئەھمەد»تىكى تاغا بىلەن جىيەنلەر. بۇ خىل ئەھۋال قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلاردىمۇ بالا تۇغۇش ئايالالارنىڭ ئىشى، ئاتا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدىغان ئەۋلاد قالدۇرۇش قارىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ[1].

ئىككىنچى، ئۆرپ-ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئۆرپ-ئادەتلىرىدە تۇغماس ئاياللار يالغۇز دەرەخلەرگە لىنتا باغلايدىغان، مازارلارغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ تىلەك تىلەيدىغان ۋە مازار ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە بۆشۈك ئاسىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ خىل تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇزاق كىشىلىك قاراش ئاساسىغا ئىگە. شۇڭا بالا تىلەش موتىفى ئاددى ھالەتتىكى بايان ئېلېمېنتى بولماستىن، بىر مەدەنىيەت مەنىسىنى ئۆزىگە يۈكلىگەن سۈژېت قۇرۇلمىسى.

## 2. قىساس ئېلىش موتىفى

«تۇتىنامە»دە قىساس ئېلىشقا ئائىت ۋەقەلىك ئەندىزىسى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇچىنچى ھېكايىدە ئالتۇنچى ياغاچچى بىلەن بىللە ئوغرىلاپ كەلگەن بايلىقنى يالغۇز يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ياغاچچىغا بوھتان چاپلاپ، «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دەپ بايلىقنى سەن يۇتۇۋالدىڭ دەپ ئۇنى ئەرز قىلىدۇ ۋە بايلىق بىلەن ساراي سېلىپ، دۇكان ئېلىپ بېيىپ كېتىدۇ. ياغاچچى ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى گۆرەگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىگىنىڭ ئۈچۈن بالاڭ ئېيىققا ئايلىنىپ قالدى دەپ ئۆچ ئالىدۇ ۋە تېگىشلىك بايلىقنى قايتۇرۇۋالىدۇ. تۆتىنچى ھېكايىدە تۈلكىنىڭ كۈچۈكلىرىنى ئۈۋچى ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئىشنى دەرەختىكى تۇتى قىلدى دەپ قاراپ، يالغاندىن ئاقسىغان بولۇپ ئۈۋچىنى قىزىقتۇرۇپ دەرەخ تۈۋىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە تۇتىنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ ئۆچىنى ئالىدۇ. يىگىرمە ئالتىنچى ھېكايىدە پادىشاھ شاپۇر پاقىلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، يىلاندىن ياردەم سوراپ پاقىلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ. ئوتتۇز سەككىزىنچى ھېكايىدە پىل دەرەخكە سۈركىلىپ، سېرىق تۇمشۇقنىڭ ئۇۋىسىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ، قۇش تۇخۇملىرى مىجىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سېرىق تۇمشۇق تۆمۈر تۇمشۇق، سېرىق ھەرە ۋە پاقىلار بىلەن بىرلىشىپ پىلنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالىدۇ. ئوتتۇز توققۇزىنچى ھېكايىدە نۆكەر بىگۇناھ تۈرمىگە قامىلىدۇ، خانىش بىلەن پىل كۆندۈرگۈچىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى شاھقا مەلۇم قىلىپ تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ، ئايالنى يولدىن چىقارغان زەڭگىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇتىدۇ. ئەللىك بىرىنچى ھېكايىدە ۋەزىر خالاسە قارا نىيەتلىك قىلىپ خاسە ۋەزىرنىڭ قىزىغا تۆھمەت قىلىپ ئۇنى جازالايدۇ، ئاقىۋەت ئالدامچىلىقى پاش بولۇپ ئۆزى جازاغا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل قىساس، ئۆچ-ئاداۋەت ۋە ئىنتىقام ئېلىش ۋەقەلىكى «تۇتىنامە»دىكى ئەڭ مۇھىم بىر سۈژېت ئەندىزىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ پايدا-مەنپەئەت، بايلىق ۋە نازىنىنلار ئۈچۈن بىر-بىرىگە قەست قىلىش ۋە تۆھمەت قىلىش ھادىسىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆچ-ئاداۋەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل پىسخىك ھادىسە بولۇپ، ئادەملەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندا، باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغاندا ياكى ئىنسانىي غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندا پەيدا بولىدىغان قىساسكارلىق پىسخىكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىساس موتىفىدا ئۇۋالچىلىققا ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپ ھەققانىيەت يولىدا تۇرۇپ، ياخشى نىيەتلىك ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ياردىمىدە رەقىبىدىن ئۆچىنى ئېلىپ، بۇرۇنقى ئورنىغا ياكى ھالىتىگە قايتا ئېرىشىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆچ-ئاداۋەت ساقلىغۇچى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ دېگەن كىشىلىك پەلسەپىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ موتىفتا تەشەببۇس قىلىنغان ئىنتىقام پىسخىكىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەس بولغان يېرى شۇكى، قىساس ئېلىشنى مەدھىيەلەش ئىدىيەسى بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيە كىشىلەرنى جىنايەت يولىغا باشلاپ قويىدۇ، شۇڭا كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق پەزىلىتىنى تەشۋىق قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر.

## 3. ئاسىيلىق قىلىش موتىفى

ئاسىيلىق قىلىش موتىفى يەنە يۈز ئۆرۈش، ۋاپاسىزلىق قىلىش ياكى تۇزكورلۇق قىلىش قاتارلىق مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. «تۇتىنامە» ھېكايىلىرىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى سادىقلىق ياكى ساداقەتسىزلىك، ۋاپا ياكى ۋاپاسىزلىق، دىيانەت ياكى تۇز كورلۇق قىلىش مەسىلىسىنى بويلاپ قانات يايغان. سودىگەر يىگىتنىڭ خانىمى خوجەستەنىڭ ئېرى سىرتقا سودىغا كەتكەن پۇرسەتتە باشقا بىر يىگىت بىلەن كۆڭۈل ئېچىش

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن جابدۇنغاندا تۇتىنىڭ ئۇنى بۇ يولدىن توسۇش ئۈچۈن ھېكايە ئارقىلىق ئەللىك ئىككى كۈننى ئۆتكۈزگەنلىك ۋەقەلىكى دەل ئاسىيلىق قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «تۇتىنامە» دە ئاياللارنىڭ ئېرىگە ئاسىيلىق قىلىش ھېكايىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا بۇرۇنقى زامانلاردا ئاياللارغا ئىشەنمەسلىك ۋە كەمسىتىش ئىدىيەسىنىڭ ئېغىرلىقى روشەن ئەكس ئەتكەن. ھېكايىنىڭ باشلانمىسىدىكى سودىگەر فەرۇقنىڭ ئايالى ئۇ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقا بىر يىگىت بىلەن ئاپاق-چاپاق بولغانلىق ۋەقەسى سۆزلىنىدۇ. بۇ گۈزەل ئايال سودىگەرگە ساداقەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزىنى باشقا ئەرنىڭ قوينىغا تاشلايدۇ. بۇ بىرىنچى ئاسىيلىق تېمىسى. ئۈچىنچى ھېكايىدە دوستلار بىر-بىرىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. سەككىزىنچى ھېكايىدە ئاسىيلىق قىلىش ئەڭ تىپىك بولۇپ، سودىگەرنىڭ ئايالى ۋە ۋەزىرزادىنىڭ ئايالىنىڭ ئەرلىرىگە مۇناپىقلىق قىلىش مەسىلىسى ئاسىيلىق موتىفىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. ئون ئۈچىنچى ھېكايىدە كېنىزەك شاھزادىگە زىيانكەشلىك قىلىپ ئۇنى پادىشاھقا چېقىپ ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولغاندا، يەتتە ۋەزىر يەتتە ھېكايە سۆزلەپ ئاياللارنىڭ قانداق قىلىپ ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، يەنە ئۆزىنى پاك قىلىپ كۆرسىتىش ھىيلىسىنى كۆرسىتىپ شاھزادىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. يىگىرمە ئىككىنچى ھېكايىدە خانىش كەمجۈي باشلىق شاھنىڭ قىرىق خوتۇنى قىرىق يىگىتنى ئايالچە ياساندۇرۇپ، ئەيش-ئىشرەت قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ خاراكتېرى ئەڭ ئېغىر ئاسىيلىق قىلىش موتىفى بولۇپ، بۇ توپلامدىكى ئوتتۇز توققۇزىنچى ھېكايىدىكى كىرمان دۆلىتى خانىشىنىڭ پىل باققۇچى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئۆزىنى پاك كۆرسىتىشى بۇ ھېكايىلەر توپلىمىدىكى ئەڭ تىپىك يۈز ئۆرۈش موتىفى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يات جىنسلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدە ئەر-ئاياللىق ئەڭ دىققەت-ئېتىبارنى تارتىدىغان نازۇك مۇناسىۋەت بولۇپ، نىكاھنىڭ مۇستەھكەم ياكى ئەمەسلىكى ئەر-ئاياللارنىڭ ساداقىتى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئاياللارنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش مەسىلىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ تالاش-تارتىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ھېكايىدە قەدىم زامان كىشىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى ئىپادىلەنگەن. شۇغىنىسى ئەرلەرنى ئۆزىگە چىڭ، ئاياللارنى ئۆزىگە بوش، شاللاق ۋە يەڭگىلتەك شۇنداقلا ئالا كۆڭۈل قىلىپ تەسۋىرلەش بەلكىم شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ ئاياللارنىڭ پاكلىق ۋە دىيانىتىگە ئىشەنمەسلىك، گۇمان ۋە تەشۋىشلىك قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

## 4. ئۆلۈپ تىرىلىش موتىفى

ئۆلۈپ تىرىلىش موتىفى بىر قەدەر قەدىمىي ۋە ئەپسانىۋى موتىف بولۇپ، ئېپوس ۋە چۆچەكلەردە قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىماي ئۇلارنى ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە، ئاممىغا ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلاشنى مەقسەد قىلغان قۇرۇلما ئەندىزىسىدۇر. «تۇتىنامە» دە ئىككى ھېكايىدە ئۆلۈپ تىرىلىش موتىفى بار بولۇپ، بىرى، ئون ئىككىنچى ھېكايىدە بىراھماننىڭ قىزىغا ئۈچ يىگىت كۆيۈپ قېلىپ، تالىشىپ قالغاندا ئۇ قىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ دەپنە قىلىنغانلىقى ۋە ئۈچ يىگىتنىڭ قەبرە بېشىدا يىغا-زار قىلىپ ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولغاندا قىزنىڭ تىرىلىپ زاھىدلىق يولىغا ماڭغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە بىرى، ئوتتۇز تۆتىنچى ھېكايىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر شاھزادە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارى بىرەھمان بۇتخانىسىدا ئۆزىنى دىن يولىدا قۇربانلىق قىلغاندا مەلىكە ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن تېنىنى جۈپلەپ دۇئا قىلغاندا تەڭرىنىڭ ئۇلارنى تىرىلدۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ موتىف كىشىلەرنىڭ ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، باشقا جانلىقلارنىڭ تېنىدە مەۋجۇت بولىدۇ دېيدىغان ئىلاھىي قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىلاھلار، ئابىھايات سۈيى، مېھرىگىياھ قاتارلىق سېرلىق نەرسىلەر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتقۇزالايدۇ دېگەندەك

چۇشەنچىلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تۆتىنامە»دە سىناق موتىفىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بەشىنچى ھېكايىدە ئەمىرزادە ياساۋۇلنىڭ ئايالىنىڭ ۋاپادارلىق ۋە ئىپپىتىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئايالىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ئالدىدا ئۆزى رىسۋا بولۇپ، ئۆيگە سولىنىپ مات بولغانلىق ھېكايىسى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئىپپەت سىناش، مۇھەببەت سىنىقىغا ئوخشمايدىغان يەنە بىر خىل سىناق شەكلى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى ھېكايىدىكى خوجا مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئايالى ۋەقەلىكىدىمۇ بۇ خىل ئىپپەت سىنىقى بايان قىلىنىدۇ. توي سىنىقى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئېپوس، داستان، چۆچەك، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىدە سوئال سوراش، تېپىشماق تېپىشتەك ئەقىل سىناش تۈرى، بەيگە، ئوقيا ۋە چېلىشىشقا ئوخشاش كۈچ سىناش تۈرى، پول تېپىش، ئالتۇن قېزىش ياكى ساراي-ئوردا سېلىشتەك سودا-قۇرۇلۇش تۈرى قاتارلىق بايان دېتاللىرى شەكلىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. «تۆتىنامە»دىكى يەتتىنچى ھېكايە ۋە قىرىقىنچى ھېكايىدە مۇھەببەت سىنىقى يېزىلغان. يەتتىنچى ھېكايىدە دەرۋىش مەلىكىگە ئۆيلەنمەكچى بولغاندا بىر پىل ئالتۇن شەرتى قويۇلىدۇ ۋە يەنە ھىندى شاھى رايى رايياننىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ، دەرۋىش بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلاپ مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ. قىرىقىنچى ھېكايىدە چىن خاقانى رۇم مەلىكىسىگە كۆيۈپ قالغاندا، مەلىكىنىڭ ئەرلەرگە ئۆچ بولۇش پسىخىكىسىنى يېڭىپ، رۇم مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالغانلىق ھېكايىسى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە يەنە ئەقىل سىناش تېپىدىكى موتىف شەكلىمۇ مەۋجۇت، ئۇ يەتتىنچى ھېكايىدىكى ئىسپاھان شاھىنىڭ سەكسەن ۋەزىرى ۋە شاھزادىنىڭ ئەقلىنى سىناش ھېكايىسى مۇشۇ خىل موتىف تۈرىگە كىرىدۇ.

ئومۇمەن، «تۆتىنامە» دە خىلمۇ-خىل تېما ۋە موتىفلار ئارقىلىق قەدىم زامان كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىلىم-پەن، غەيرەت-شىجائەت، ئىشىق-مۇھەببەت، ھەق-ناھەق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ۋە دوستلۇق قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋرىدىمۇ يەنىلا ئەھمىيەتكە ئىگە. گەرچە بۇ ئەسەر ھىندى ھېكايىلىرىنىڭ پارسچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ نۇرغۇن ئېتىقاد قارىشى، پەلسەپەۋى پىكىرلىرى ۋە تۇرمۇش ھېكمەتلىرى ئەكس ئەتكەن. بۇددا ھېكايىلىرى ئىسلام ھېكايىلىرىگە، بۇددا راھىپلىرى، ئىسلام ئۆلىمالىرى، زاھىد، دەرۋىشلىرىگە ئايلىنىپ، بۇدنىڭ ئورنىنى خۇدا ئىگىلىگەن. بۇ ھېكايىلەر موتىفلىرىنى يېشىپ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

## ئىزاھلار

[1] ئابدۇۋەلى كېرىم: «نىزارى داستانىدىكى بالا تىلەش موتىفى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى»، «مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى» 2007- يىلى 1-سان.

## پايدىلانمىلار


1. نىجاد مۇخلىس، ئەخمەت ھېمىت رەتلىگەن: «تۆتىنامە»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992- يىلى نەشرى.
2. ئابدۇۋەلى كېرىم: «نىزارى داستانىدىكى بالا تىلەش موتىفى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى»[J]، «مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى»، 2007- يىلى، 1- سان.
3. ئابدۇۋەلى كېرىم: «نىزارى داستان ئىجادىيىتى تەتقىقاتى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى.
4. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى.
5. ئوسمان ئىسمايىل: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە بايان»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،2009-يىلى نەشرى.
6. [俄]普洛普著、贾放译： 《故事形态学》[M]，北京：中华书局，2006年版。
7. [俄]普洛普著、贾放译： 《神奇故事历史根源》[M]，北京：中华书局，2006年版。
8. 陈岗龙.《蒙古族民间文学比较研究》[M]，北京：北京大学出版社2001年版。


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com

34 ـ يىللىق 2 ـ سان                شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)                第 34 卷第 2 期
2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي                新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)                2013 年 6 月

ماقالە نومۇرى: 9ـ072ـ02(2013) 1005ـ5878

# بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانلارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى*

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830043)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** تارىخىي رومانلارنى تۈرگە ئايرىپ تەكشۈرۈش ۋە باھالاش تارىخىي رومانچىلىقنى تەسەۋۋۇر بوشلۇقى ۋە تارىخقا قايىسى نۇقتىدىن نەزەر تاشلاش جەھەتتە يېڭى پىكىر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماقالىدە، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى 2011ـ يىلىغا قەدەر ئېلان قىلىنغان تارىخىي رومانلار تەسۋىرلەنگەن باش پېرسوناژ ۋە تەسۋىرلەنگەن تارىخىي پەيت نۇقتىسىدىن ئۈچ خىل تۈرگە ئايرىلدۇ ۋە بۇ ئۈچ خىل تۈردىكى تارىخىي رومانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئەۋزەللىكلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要：** 维吾尔当代文学史上到 2011 年为止正式出版的长篇历史小说已经超过 60 部。本论文从塑造主人公角度出发把 62 部长篇历史小说分成三种、同时分析这三种类型长篇小说的写作特点与描写历史真实性的深度问题。这种分类的方式研究长篇小说促进长篇小说创造的同时对长篇历史小说创作提供新的创作思维模式。

**Abstract:** This paper categorizes 62 pieces of Uyghur modern historical novels, which have been published up to the year of 2011, into three categories, meanwhile, discusses their features from the aspect of historical authenticity. Thus, provides a new thinking pattern to evaluate the value of historical novels.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29                ماتېرىيال بەلگىسى: A

تارىخىي رومانلار بىر مىللەت پىروزىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرنى قىزىقتۇرۇپ قالماي، تارىخنىڭ رومانلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. تارىخنى ئابستراكت بايانلار بىلەن بايان قىلىش ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ، تارىخقا قايتا جان كىرگۈزۈپ كۆز ئالدىمىزدا قايتا ئايان قىلىش ناھايىتى زور خىزمەت. ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىقى باشلانغان ۋاقتىنىڭ ناھايىتى قىسقا بولۇشىغا قارىماي زور ئۇتۇقلارغا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ تارىخىي رومانلار بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

1949ـ يىلىدىن باشلانغان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا، بولۇپمۇ 1978ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قىسقىغىنە 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تارىخىي رومانلار يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ 60 تىن ئېشىپ كەتتى. بۇ رومانلارنى ئەستايىدىل ئايرىپ چىقىپ، تەھلىل قىلىش، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى سىستېمىلىق خۇلاسىلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

تارىخىي رومانلارنى ئېنىقمۇ ياخشى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇ رومانلارنى ئىنچىكىلەپ تۈرگە ئايرىش بەكمۇ مۇھىم. مەن 2011ـ يىلىغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ رومانلىرىنى تەپسىلىي

*بۇ ماقالە 2013ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە ئاپتور رىياسەتچىلىكىدىكى دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ 2012ـ يىلى تەستىقلانغان «ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانلاردىكى بايانىنىڭ قېلىپلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات» (تەستىق نومۇرى: 12XZW038) ناملىق تەتقىقات تۈرىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى (1972ـ يىلى تۇغۇلغان) لېكتور، دوكتورانت، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تەكشۈرۈش، تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 62 پارچە روماننى تارىخىي رومان دەپ بېكىتتىم، بۇ رومانلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە (2011-يىلى 1-ئايغا قەدەر) :

(ئەسكەرتىش : يالاڭ تىرناق ئىچىدىكى سان يازغۇچىنىڭ سانىغا، قوش تىرناق ئىچىدىكى سان رومانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ).

1) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر :( 1) «ئىز»، (2) «ئويغانغان زېمىن» (ئىككى توم).

2) خېۋىر تۆمۈر: (3) «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، (4) «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، (5) «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە».

3) زوردۇن سابىر: (6) «ئانا يۇرت» (ئۈچ توملۇق تارىخىي رومان).

4) ياسىنجان سادىق: ( 7) «جاللات خېنىم» (ئىككى توم)، (8) باھادىرنامە (ئالتە توم).

5 ) ئايشەم ئەخمەت :( 9) «ئۆچمەس ئىزلار»، (10) «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ».

6 ) ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: (11) «تۈندىكى چاقماق»، (12) «داغ»، (13) «بوز دالا».

7) سۇلايمان ئابدۇرېھىم : (14) «كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە»، (15) «گۆر ئاغزىدىن يانغانلار».

8) ھاجى مىرزاھىت كەرىمى: (16) «سۇلتان سەئىدخان»، (17) «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان»، (18) «يۈسۈپ خاس ھاجىپ».

9) چوپانى: (19) «ياغاچ مېدال»، (20) «سەمەندەر».

10) ئەخەت تۇردى:(21) «بەختسىز سەئىدىيە»، (22) «ئۇنتۇلغان كىشىلەر».

11) نۇر روزى: (23) ئەنجانباي.

12) غۇلام ئۆمەر: (24) «باياۋاندىكى گۈلخان» (ئۈچ توم).

13) ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت: (25) «پادىچى ۋاڭ».

14) ئادىل ئابدۇللا بەگيار: (26) «باتۇر تەڭرىقۇت».

15) مۇھەممەت شاھنىياز:(27) «كەلگۈسىنىڭ شائىرى».

16) ئابدۇراخمان قاھار: (28) «ئىلى دولقۇنلىرى».

17) پەرھات جىلان: (29) «مەھمۇت قەشقەرىي»، (30) «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»، (31) «ئورقۇن شەجەرىسى».

18) ئەنۋەر تاشتۆمۈر: (32) قەلب ئەركىسى نۆۋبىتى.

19) مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى: (33) «قانلىق ئىدىر» (ناتونۇش يىگىت).

20) مەمتىلى ھېلىم: (34) «قانغا بويالغان سايرام» (قانلىق ئىز).

21) ئابدۇللا تالىپ:(35) «قايىنام ئۇركىشى»، (36) «چالا تەگكەن ئوق»، (37) «لالە-قۇربان».

22) تۇردى ساماساق: (38) «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر».

23) تۇرسۇن ياسىن: (39) «سادىر پالۋان»، (40) «سادىر يولى»، (42) «موغۇلىستان قۇياشى».

24) تۇرسۇن يۇنۇس: (43) «مەلىكە ئامانىساخان».

25) سەيپىدىن ئەزىزى: (44) «سۇتۇق بۇغراخان».

26) سەمەت دوگايلى: (45) «ھايات شامالىرى» (تۆت توم).

27) قەييۇم تۇردى: (45) «جىمجىت جوڭغارىيە» (ئۈچ توم).

28) مۆمىن مۇھەممىدى:(46) «شاۋقۇن».

29) ۋەلى كېرىم:(47) «پاكلىق مۇنارى».

30) ئابدۇۋەلى ئەلى (48) «بەدۆلەت» (ئۈچ قىسىم)، (49) «تورغاق خوجىلار» (ئىككى قىسىم)، (50) «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، (51) «ئاپاق خوجا».

31) ئەخمەت ۋاھىدى: (52) بورانلىق كېچە.

32) غەيرەت ئابدۇللا : (54) «تەۋەرۈك».

33) مۇھەممەتجان سادىق: (54) «بوز ئەر»، (55) «گۇمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى»، (56) «توققۇز قەۋەتلىك مۇنارنىڭ سىرى».

34) ئابلىمىت تۇردى: (57) «ئاخىرقى كۈنلەر».

35) باتۇر روزى: (58) «يىلسىراتتىن ئۆتكەنلەر».

36) تۇرسۇن لېتىپ: (59) «رېھىمشاھ پالۋان»، (60) «تەڭرىتاغ پالۋانلىرى».

37) يۈسۈپجان ئابدۇرېھىم: (61) «ئەنسىز كېچىلەر».

38) ئادىل ئابدۇللا بەگيار: (62) «باتۇر تەڭرىقۇت».

بۇ تىزىملىكنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانلارنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە مۇكەممەل تىزىملىكى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن نىسبەتەن ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي ھالدا تۈزۈلگەن تىزىملىك دەپ قاراش مۇمكىن. بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بۇ تىزىملىكتىكى بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، باشقا تىزىملىكتە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ بەزى گېزىت -ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، رومان تىزىملىكىدىن ئورۇن ئېلىپ قالغان ئەيسا يۈسۈپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئاقسۇدا 45 يىل»، ياڭقۇن روزى قاتارلىقلارنىڭ «مەمتىلى ئەپەندى»، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تەگرىتاغ بۈركۈتى»، «ئۆمۈر داستانى» (ئىككى توم ) قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەسلىمىلىرىنى رومان ياكى تارىخىي رومان تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىدىم ياكى بۇ تىزىملىككە كىرگۈزمىدىم. چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنى ئاپتورلىرى تارىخىي رومان دەپ قارىمىغان بولۇپلا قالماي، بۇ ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، بايان ئالاھىدىلىكى قاتارلىق نۇقتىلاردىن چىقىپ كۆزەتكەندىمۇ ئۇلار ھەقىقىي مەنىدىكى رومان ئەمەس.

مەن يەنە ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە غەيرىي رەسمىي رومان تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغان ئاتالمىش ئىككى رومانىنى رومان تىزىملىكىدىن چىقىرىپ تاشلىدىم. بىرى، مەرھۇم مەشھۇر شائىر مامۇت زايىتنىڭ «گۈلمېروي» ناملىق داستانى، يەنە بىرى، يازغۇچى ۋە شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستاندۇر.

لېكىن بۇ ئىككى ئەسەر ئىلگىرى نەشرىيات تەرىپىدىن شېئىرىي رومان دەپ نەشر قىلىنغان. «شېئىرىي رومان» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە خاتا ئىستېمال قىلىنغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسى داستاندۇر. چۈنكى رومانلارنىڭ ھەممىسى نەسرىي تىلدا يېزىلىدۇ. شېئىرىي تىلدا يېزىلغانلىرى شېئىرغا تەۋە بولىدۇ. شېئىرىي شەكىلدە ئۇزۇن يېزىلغان ئەسەرلەرنى بىز ناھايىتى ئېنىق قىلىپ داستان دەپ ئاتايمىز. بۇ ئەدەبىياتنىڭ قوللانما كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەقەللىي ئۇقۇم. ئەلۋەتتە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر قەستەن ھەجمى بىر بەتكە يەتمەيدىغان نەسرىي ئەسەرنى مىكرو رومان دەپ، نەچچە كۇبلىتلىق، ئېنىق سۇژېتلىق بىر شېئىرنى مىكرو داستان دەپ ئاۋامنىڭ قارىشىغا ئايلىنىپ كەتكەن رومان ۋە داستان ھەققىدىكى قاراشلارنى ئاغدۇرماقچى بولغان ئەھۋاللار بىزدە يوق ئەمەس. لېكىن بۇنداق ئاغدۇرماق بولۇش ياكى ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا داستاننى شېئىرىي رومان دەپ ئاتاشقا ئورۇنۇش، مىكرو داستان ۋە مىكرو رومان دېگەن ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئەدەبىيات سەھنىسىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماق بولۇش بىھۇدە بىر ئىشتۇر ياكى نادانلىقتۇر. چۈنكى شېئىر ئۇزۇن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن داستان دېيىلىدۇ. داستان دېگەن ئۇقۇمنىڭ كەينىدە ئۇزۇن سەھىپىلىك شېئىر دېگەن ھۆكۈم يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. رومانمۇ چوڭ ھەجىمدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن رومان دېيىلىدۇ. بولمىسا ئەنە شۇنداق يوسۇندا يېزىلغان ئەسەرلەرگە ماس كېلىدىغان پوۋېست ۋە ھېكايە دېگەن ئاتالغۇغا ئېھتىياجلىق بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. ھېكايىنى مىكرو رومان، پوۋېستنى كىچىك رومان، ھازىرقى مەنىدىكى رومانىنى ئۇزۇن رومان دېسەك كۇپايە قىلاتتى. ئۆتمۈشنىڭ ئاقىللىرى ھېكايە، پوۋېست، روماندىن ئىبارەت بۇ ئۈچى مۇستەقىل تۈر، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، داستان ۋە شېئىرمۇ شۇنداق دەپ قاراپ ھەممىسىگە لايىق ئىسىم قويغان. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن گۇمانلىنىپ يېڭى ئاتالغۇلارغا ھېرىسمەن بولۇش، ئاتالغۇ قويۇشنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە ئىزدەنمەسلىك بىر خىل نادانلىقتۇر.

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە، تارىخىي رومان ھەققىدىكى ئۆلچەمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنچىكىلەپ كۆزەتسە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رومانىنىڭ سانى 61 دىن ئازىيىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇيغۇر رومانچىلىقى تېخى چوڭ بىر كۆلەم ۋە ساندىكى پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان شارائىتتا ئۆلچەمنى بەك چىڭ بېكىتىۋېتىش ئۇنچە مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا مەن بۇ يەردە، پەقەت ئۆلچەمنى بەك كەڭرى قويۇپ بېرىشتىن كېلىپ چىققان يەنە بىر خىل ھۆكۈم قىلىش چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە رومانىنىڭ سانىنى تېزرەك ئاشۇرساق دەپ ئالدىرىغانلىقتىن كېلىپ چىققان مايىسنى تارتىپ ئۆستۈرۈشكە ئورۇنىدىغان پىكىر ئاشقۇنلىقىدىن كېلىپ چىققان، رومان بولۇش شەرتى ھازىرلانمىغان ئەسەرلەرنى قارا قويۇق ھالدا رومان دەپ قاراشنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، رومانغا قويغان تەلەپنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاپتورى رومان دەپ قاراپ يازغان ئەسەرلەرنىمۇ ۋە باشقا ئۆلچەملەرگە ئاساسەن رومان تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىش خاھىشىغا قارشى تۇردۇم.

ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان، شۇنداقلا تەكىتلەپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، يېقىنقى 20 يىل جەريانىدا سابىق سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى تۇرغان توختاموفنىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق تارىخىي رومانى بىلەن يۇسۇپ ئىلياسنىڭ «ئېغىر تىنىقلار» (ئىككى توم) ناملىق تارىخىي رومانى بىزدە نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. لېكىن مەن بۇ ئىككى روماننى تارىخىي رومان سۈپىتىدە تىزىملىك ئىچىگە ئېلىپ كىرمىدىم. سەۋەبى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇستەقىل تەتقىقات ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر تېما دەپ قارىغاندىن كۆرە مېنىڭ تارىخىي رومانلار ھەققىدىكى ئىزدىنىشىم جۇڭگو ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزۈمگە دائىرە بەلگىلىۋالغانلىقىمدىن كېلىپ چىقتى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەقسەتكە يانساق، مەن بۇ تارىخىي رومانلارنى تەكرار سېلىشتۇرۇش ۋە خۇلاسە قىلىش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىقاتقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن باش قەھرىماننىڭ ياكى روماندا ئاساسلىق تەسۋىرلەنگەن، ئوتتۇرىغا چىققان پېرسوناژلارنىڭ ئەھۋالى، تەسۋىرلەنگەن تارىخىي پەيتلەرنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىپ چىقتىم.

(1) ئادەتتىكى تارىخىي شەخسلەر ياكى توقۇلما شەخسلەر باش پېرسوناژ قىلىنغان تارىخىي رومانلار، (2) ھەممىگە تونۇشلۇق تارىخىي قەھرىمانلار باش پېرسوناژ قىلىنغان تارىخىي رومانلار (3) تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان، توقۇلما پېرسوناژلار باش قەھرىمان قىلىنغان تارىخىي رومانلار. بۇ ئۈچ تۈر ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ چېگراسىنى ئايرىماق نىسبەتەن تەس. لېكىن بۇ رومانلارنى ئىنچىكە سېلىشتۇرسا پەرقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۈچىنچى تۈردىكى رومانلارنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانى بىلەن ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككى توملۇق رومانىدۇر. «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق روماندا نادەم ئىسىملىك دېھقان ياش باش پېرسوناژ قىلىنىپ، ئىلى رايونىدا 1944- يىلىدىن 1949- يىلىغىچە داۋاملاشقان، ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبى ۋە جەريانى نىسبەتەن تەپسىلىي ۋە رېئال يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. لېكىن نادەمنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا تۇتقان ئورنى ئەڭ ئادەتتىكى جەڭچىنىڭ قاتارىدا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ رومان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئەڭ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە نەزەر سېلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بۇ رومان بىلەن ئىنتايىن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان يەنە بىر ئەسەر، ئوخشاشلا ئۈچ ۋىلايەت تېمىسىغا بېغىشلانغان، مەشھۇر يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىدۇر. بۇ روماندا گەرچە مۇختەر باي، نۇرى زىياۋدۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم توقۇلما شەخسلەر ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن توقۇلما پېرسوناژلار بىلەن بىرگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن ھۆججەت بولالايدىغان شەخسلەردىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئېلىخان تۆرە، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، غېنى باتۇر قاتارلىقلارغىمۇ ناھايىتى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. ھەتتا ئەسەر ۋەقەلىكى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى رومان گەرچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئالاھىدە تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا چىققان باش قەھرىمانلارنى تۈرگە ئايرىغاندا «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ئۈچىنچى تۈرگە، «ئانا يۇرت» رومانى ئىككىنچى تۈرگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىمۇ بىر دەۋردە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، لېكىن تەسۋىرلەنگەن باش پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن «ئۆچمەس ئىزلار» رومانى ئۈچىنچى تۈرگە، «ئىز» رومانى ئىككىنچى تۈرگە تەۋە بولىدۇ. بىز مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن 61 پارچە روماننى تۈرگە ئايرىپ چىقىمىز. ئەلۋەتتە بۇ تۈرگە ئايرىشتا مەلۇم مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى بۇ

www.uyghurkitap.com

ئەڭ مۇكەممەل ئايرىش بولۇپ ھېسابلىنىشى ناتايىن، كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكرىگە مۇھتاجمىز.

بىرىنچى، ئادەتتىكى تارىخىي شەخسلەر ياكى توقۇلما شەخسلەر باش پېرسوناژ قىلىنغان رومانلار.

بۇ خىل رومانلارنىڭ ئۈچىنچى خىل رومانلاردىن پەرقى شۇكى، يا تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلمىغان، ياكى بولمىسا ئوتتۇرىغا چىققان پېرسوناژلىرى پۈتۈنلەي توقۇلما، باش پېرسوناژ توقۇلما بولۇپ قالماي، باشقا پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ توقۇلما قىلىنغان بولىدۇ ۋە ياكى توقۇلمىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان، تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسنى شۇ پېتى يازماي، شۇ شەخسنى پىروتوتىپ قىلىپ ئوبراز يارىتىلغان بولىدۇ. ناۋادا باش قەھرىمان تارىخىي شەخس بولغان تەقدىردىمۇ بۇ تارىخىي شەخسلەر ئاۋامغا بەكمۇ تونۇلۇپ كەتمىگەن تارىخىي شەخسلەردۇر.

(1) «ياغاچ مېدال» (چوپانى )، (2) «سەمەندەر» (چوپانى)، (3) «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (ئەخەت تۇردى)، (4) «باياۋاندىكى گۈلخان» (ئۈچ توملۇق رومان، غۇلام ئۆمەر )، (5) «قانلىق ئىيدىر» (مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى )، (6) «قانلىق ئىز» (مۇھەممەت ئەلى ھېلىم )، (7) «چالا تەگكەن ئوق» (ئابدۇللا تالىپ )، (8) «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» (تۇردى سامساق )، (9) «موغۇلىستان قۇياشى» (تۇرسۇن ياسىن)، (10) «ھايات شاماللىرى» (تۆت توملۇق، سەمەت دۇگايلى)، (11) «جىمجىت جۇڭغارىيە» ( ئۈچ توملۇق، قەييۇم تۇردى )، (12) «پاكلىق مۇنارى» (ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ)، (13) «بوز ئەر» (مۇھەممەتجان سادىق)، (14) «توققۇز قەۋەتلىك مۇنارنىڭ سىرى» (مۇھەممەدجان سادىق)، (15) «ئاخىرقى كۈنلەر» (ئابلىمىت تۇردى)، (16) «پىلىسىراتتىن ئۆتكەنلەر» (باتۇر روزى)، (17) «تەڭرىتاغ پالۋانلىرى» (تۇرسۇن لېتىپ)، (18) «كۆكتىن چۈشكەن پەرىشتە» (سۇلايمان ئابدۇرەھىم).

ئىككىنچى، ھەممىگە تونۇشلۇق تارىخىي قەھرىمانلار باش پېرسوناژ قىلىنغان رومانلار.

بۇ خىل رومانىدىكى شەخسلەر تارىختا رېئال ئۆتكەن، كىشىلەرگە تونۇش ئوبرازلارغا ئايلانغان بولۇپ، مۇھىم تارىخىي شەخسلەر باش پېرسوناژ ياكى ئاساسىي پېرسوناژ قىلىنغان ئەسەرلەردۇر. بۇ خىل رومانلار تۆۋەندىكىچە:

(1) «ئىز» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، 1912-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى تۆمۈر خەلپە تەسۋىرلەنگەن)، (2) «ئويغانغان زېمىن» (ئىككى توم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، 1932-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى خوجانىياز ھاجى باش قەھرىمان قىلىنغان)، (3) «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» (خېۋىر تۆمۈر، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئۆت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باش قەھرىمان قىلىنغان)، (4) «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» (خېۋىر تۆمۈر، مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن باش قەھرىمان قىلىنغان)، (5) «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» (خېۋىر تۆمۈر، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر داموللا باش قەھرىمان قىلىنغان)، (6) «ئانا يۇرت» (ئۈچ توملۇق تارىخىي رومان، زوردۇن سابىر، نۇرى زىياۋۇدۇن ئىسىملىك ياش باش قەھرىمان قىلىنىپ، تارىخىي شەخسلەردىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ئەخمەتجان قاسىمى، ئېلىخان تۆرە، غېنى باتۇر قاتارلىقلار نىسبەتەن تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن )، (7) «باھادىرنامە» (ئالتە توملۇق تارىخىي رومان، ياسىنجان سادىق، تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن تارتىپ سۇلتان ئابدۇرېشىت خانغىچە بولغان 24 يىللىق تارىخ تەسۋىرلەنگەن، باش قەھرىمانى ئاساسەن ئەينى دەۋردىكى خان-پادىشاھلاردۇر)، (8) «جاللات خېنىم» ( ئىككى توملۇق تارىخىي رومان، ياسىنجان سادىق، «جاللات خېنىم» دەپ ئاتالغان، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كەنجى ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى بولغان، ئاپاق خوجىنىڭ رەپىقىسى مۆھتىرەم خېنىم باش قەھرىمان قىلىنغان)، (9) «مۇھەممەت بېشىر چىڭگۋاڭ» (ئايشەم ئەخمەت، 19-ئەسىردە ئۆتكەن قومۇل ۋاڭلىرىدىن مۇھەممەت بېشىر چىڭگۋاڭ باش قەھرىمان قىلىنغان)، (10) «تۈندىكى چاقماق» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىكى مەشھۇر چىرا قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى سوپۇرگە ئاخۇن باش

قەھرىمان قىلىنغان)، (11) «داغ» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ مۆھىم ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان، خوتەن ھاكىمى، ياقۇپ بەگنى كورلىدا زەھەر بېرىپ قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچى تارىخىي شەخس نىياز ھېكىمبەگ باش قەھرىمان قىلىنغان)، (12) «سۇلتان سەئىدخان» (ھاجى مىرزاھىت كېرىمى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (13) سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (ھاجى مىرزاھىت كېرىمى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى، خانلىقنىڭ كۆچىيىپ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (14) يۈسۈپ خاس ھاجىپ (ھاجى مىرزاھىت كېرىمى، مەشھۇر دىداكتىك داستان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ۋەزىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ باش قەھرىمان قىلىنغان)، (15) «ئەنجانباي» (نۇر روزى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە قوزغالغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ئەنجانباي باش قەھرىمان قىلىنغان)، (16) «پادىچى ۋاڭ» (ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت، تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى باش قەھرىمان قىلىنغان)، (17) «باتۇر تەڭرىقۇت» (ئادىل ئابدۇللا بەگيار، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىمپېراتورلارنىڭ بىرى، ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت باش قەھرىمان قىلىنغان )، (18) «كەلگۈسىنىڭ شائىرى» (مۇھەممەت شاھنىياز، مەشھۇر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باش قەھرىمان قىلىنغان)، (19) «مەھمۇت قەشقەرىي» (پەرھات جىلان، قارىخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىي باش قەھرىمان قىلىنغان )، (20) «قەلب ئەركىسى نۆۋبىتى» (ئەنۋەر تاشتۆمۈر، 17-ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى نۆۋبىتى باش قەھرىمان قىلىنغان)، (21) «سادىر پالۋان» (تۇرسۇن ياسىن، 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى سادىر پالۋان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (22) «سادىر يولى» (تۇرسۇن ياسىن، سادىر پالۋان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (23) «مەلىكە ئامانىنىساخان» (تۇرسۇن يۈنۈس، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ خانىشى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇزىكانت، 12 مۇقامنى رەتلىگۈچى ئامانىنىساخان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (24) «سۇتۇق بۇغراخان» (سەيپىدىن ئەزىزى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەشھۇر قاغانلىرىدىن بىرى، قاراخانىيلارنى ئىسلام دىنىغا باشلاپ كىرگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (25) «شاۋقۇن» (مۆمىن مۇھەممىدى، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ باش قەھرىمان قىلىنغان)، (26) «قايىنام ئۆركىشى» (ئابدۇللا تالىپ، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ باش قەھرىمان قىلىنغان)، (27) «بەدۆلەت» (ئۈچ تومۇق، ئابدۇۋەلى ئەلى)، (28) «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» (ئابدۇۋەلى ئەلى، تارىخىمىزنىڭ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر قىسمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ بىرىنچى ئەجدادلىرى باش قەھرىمان قىلىنغان)، (29) «تورغاق خوجىلار» (ئابدۇۋەلى ئەلى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بېشىغا چىقىپ موڭغۇللارنىڭ ئەسىرىگە ئايلانغان ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى باش قەھرىمان قىلىنغان)، (30) «ئاپپاق خوجا» (ئابدۇۋەلى ئەلى، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ مەزگىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ھەسسە قوشقان، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ئەڭ مەشھۇر داھىيسى ئاپاق خوجا باش قەھرىمان قىلىنغان)، (31) «بورانلىق كېچە» (ئەخمەت ۋاجىدى، مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ھېكايىچىلىقىنىڭ ئاتىسى زۇنۇن قادىر باش قەھرىمان قىلىنغان)، (32) «نەۋەرروك» (غەيرەت ئابدۇللا، 12 مۇقامنى بۈگۈنگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچى مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا باش قەھرىمان قىلىنغان)، (33) «رېھىم شاھ پالۋان» (تۇرسۇن لېتىپ، 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن يەرلىك قەھرىمان رېھىمشاھ پالۋان باش قەھرىمان قىلىنغان)، (34) «ئەنىسىز كېچىلەر» (يۈسۈپجان ئابدۇرېھىم، ئۈچ ۋىلايەت دەۋرى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە قاراشەھەر ۋە كورلىدا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر مائارىپچى ئابدۇرېھىم باش پېرسوناژ قىلىنغان). (35) «باتۇر تەڭرىقۇت» (ئادىل

www.uyghurkitap.com



ئابدۇللا بەگيار، باتۇر تەكرىبقۇتنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان رومان).

ئۈچىنچى، تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان توقۇلما پېرسوناژلار باش قەھرىمان قىلىنغان رومانلار.

بۇ خىل رومانلارنى بىرىنچى تۈردىكى رومانلاردىن پەرقلەندۇرمەك نىسبەتەن تەس. لېكىن تۈپ پەرقى بۇ خىل ئەسەرلەردە مەلۇم توقۇلما پېرسوناژ بولغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەر تەسۋىرلەنگەن بولىدۇ. توقۇلما شەخسلەر بىلەن تارىخىي شەخسلەر گىرەلىشىپ باشقىچە مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ.

(1) «ئۆچمەس ئىزلار» (ئايشەم ئەخمەت)، (2) «بوز دالا» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، (3) «بەختسىز سەئىدىيە» (ئەخەت تۇردى)، (4) «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئابدۇراخمان قاھار)، (5) «ئىدىقۇت يۇلتۇزى» (پەرھات جىلان)، (6) «ئورقۇن شەجەرىسى» (پەرھات جىلان)، (7) «لالە ـ قۇربان» (ئابدۇللا تالىپ)، (8) «گۇمبەزلىك قەبرىنىڭ سىرى» (مۇھەممەتجان سادىق)، (9) «گۆر ئاغزىدىن يانغانلار» (سۇلايمان ئابدۇرېھىم).

يۇقىرىقى تىزىملىكتىن قارىغاندا، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىرىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان رومانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ 35 پارچىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ سان پۈتۈن تارىخىي رومانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىگە بېغىشلانغان، توقۇلما ئوبرازلار باش قەھرىمان قىلىنغان رومانلارنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز. ئەلۋەتتە تارىخىي قەھرىمانلار بىلەن تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىگە بېغىشلانغان رومانلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش نۇقتىسىدىن بىر كاتېگورىيەگە مەنسۇپ دەپ قاراش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتلىرىنى ھەقىقىي رېئال ئۆتكەن تارىخىي قەھرىمانلار نۇقتىسىدىن كۆزىتىش بىلەن توقۇلما پېرسوناژلار نۇقتىسىدىن كۆزىتىش مەلۇم دەرىجىدە پەرقكە ئىگە. بۇ ئىشلارنى تارىخىي قەھرىمانلار نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىش ۋە ئەشۇ قەھرىمانلارنى شۇ تارىخنىڭ سەھنىسىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ ئوقۇرمەننى رازى قىلىش زور دەرىجىدە كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. راست كىشىلەرنى تارىخنىڭ لوگىكىسى بويىچە يېزىپ چىقىش ھەم ئەھمىيەتلىك ۋە جاپالىق بىر خىزمەتتۇر.

تارىخىي قەھرىمانلار ۋە تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتلىرىگە بېغىشلانغان رومانلارنىڭ پۈتۈن تارىخىي رومانلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىشى ئەمەلىيەتتە بىزگە مۇنداق بىر نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىرىنچى، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشكە ۋە مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشقا زور دەرىجىدە ئېھتىياجلىق. ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلىشكە قىزىقىش بىر مىللەتنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى ۋە ئىستىخىيەلىك بىر ئىنكاسىدۇر. بۇ خىل ئېھتىياج بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىككىنچى، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تارىخىنى بەدىئىي نۇقتىدىن كۆزىتىپ بېقىشقا مۇھتاج. بۇ تارىخنى ئېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىش ۋە ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزلۈكىنى ئىزدەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئادەمدە ئۆزىنى بىلىش، ئۆز تارىخىنى ئىزدەش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىنى تولۇقلاش خاھىشى بولىدۇ، بىر مىللەتتىمۇ شۇنداق. لېكىن يازغۇچىلار قوشۇنى كۆلىمىنىڭ ئاز، نەشرىيات بايلىقىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن تارىخىي شەخسلەرگە، قەھرىمانلارغا، تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەشۇ تارىخ ۋە ئەشۇ شەخسنىڭ بىر كەسمە يۈزىگىلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مەسىلەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرېشىتخانلار ئەشۇ رومانلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە مىللىي قەھرىمان قىلىپ يېزىلدى. ئۇلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسى مەدھىيەلەندى. لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىر كەسمە يۈزىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەنە بىر ئاپتور ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلسا ياكى بۇ كىشىنى بىر ھۆكۈمران سۈپىتىدە تەنقىد تارازىسىغا قويۇپ، كەمچىلىكلىرى نۇقتىسىدىن تەسۋىرلىسە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ يەنە بىر يۈزى ئوتتۇرىغا چىقىپ تارىختىكى ھەقىقىي تارىخىي

شەخسىنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ يارقىنلىشىشى مۇمكىن. شۇڭا بۈگۈنكى بۇ تارىخىي رومانلار ئىچىدە تارىخىي قەھرىمانلار ۋە تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىگە بېغىشلانغان رومانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشىنى بىر خىل تەبىئىي ئېھتىياجنىڭ مەسئۇلى دەپ قاراش بىلەن بىرگە، تېخى يازغانلىرىمىز يېتەرلىك ئەمەس، بۇ كىشىلەر ۋە بۇرۇلۇش پەيتىنىڭ ھەممە يۈزى تەسۋىرلەنگەندىلا ئاندىن بۇ كىشىلەرنىڭ ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئوبرازى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ، دەپ قارايمىز.

ئەمدى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ، ئادەتتىكى توقۇلما پېرسوناژلارنىڭ نەزەرى بىلەن تارىخىي ۋەقەلەرنى كۆزىتىش تارىخىي رومانچىلىقىمىزدىكى بىر يارقىن نۇقتىدۇر. گەرچە بۇ خىل رومانلارنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بار بولغان 18 پارچە رومان دىققەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى بۇ سان ئومۇمىي تارىخىي رومانلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بىر تارىخىي ۋەقەنى تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ نەزەرىدە كۆزىتىش بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە كۆزىتىش پۈتۈنلەي ئىككى خىل كۆزىتىش نۇقتىسىغا تەۋە بولۇپ، تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ نەزەرىدە كۆزىتىش ئارقىلىق مول پاكىتلارغا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى تارىخنىڭ ئەنە شۇ قىسمى تارىخنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قېلىشى، بىزنى مول ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن: سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە يېتەرلىك ماتېرىيال بار. لېكىن ئۇنىڭ قۇرغان دۆلىتىنىڭ ئاددىي پۇقراسى ئەمەس قوماندان ۋەزىرلىرى ھەققىدە تۈزۈكرەك ماتېرىيال يوق. لېكىن ئادەتتىكى ئادەملەر نەزەرىدە تارىخنى كۆزىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بەدىئىي ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرمەك بولۇش نىسبەتەن جاپالىق ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتتۇر. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدىكى يېزا يىگىتى نادىم ئەڭ ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قوزغىلاڭغا مەجبۇرلىنىش جەريانى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بىزنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش ۋە غەلىبىگە ئېرىشىش جەريانىنىڭ ئاممىۋى ئاساسلىرى ھەققىدە لوگىكىلىق دەلىللەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ چىرىكلىكى ۋە مىللىي زۇلۇم، قاراڭغۇلۇق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش غايىسى يوق بىر ئادەمنى مىللىي ئاڭ بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. ئۇنى سىياسىي بىلەن ھەپىلىشىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئادەم جەمئىيەتتىكى بىر يەككە توپ ئەمەس. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى جەمئىيەت بىلەن ئىنتايىن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش سىزنىڭ تاللىشىڭىزدىن مۇستەسنا ھالدا سىزنى جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭدا مۇھىم رول ئېلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق تارىخنى كۆزىتىش نىسبەتەن مۇرەككەپ خىزمەت بولۇپ ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ تارىخىي قەھرىمانلار ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە، ھەتتا بەزى قەھرىمانلار ھەققىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان زور ھەجىمدىكى ماتېرىياللار مەۋجۇت. كىشىلەر بۇ خىل تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كەلگەن چۈشەنچىلەر بىلەن قوراللانغان. سىز ئەنە شۇ قەھرىمانلارنى قايتىدىن ئەينى دەۋر تارىخى ئۈستىگە قويغىنىڭىزدا شۇ كىشىنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازى ۋە تارىختىكى ئورنى ھەققىدە تاللاشقا دۇچ كېلىسىز. ناۋادا سىز بىزگە بەرگەن نەتىجە شۇ تارىخىي شەخسنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ۋە تارىخىمىزدىكى ئورنى بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قالسا خەلقنىڭ قوبۇل قىلىشى تەسكە توختايدۇ. خەلق ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى يۇلتۇزغا ئايلانغان كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى قوبۇل قىلىشنى خالاپ كەتمەيدۇ. لېكىن سىز خەلققە قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇلاھىزە قىلىشقا، لوگىكىغا ئۇيغۇن بىر يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولىسىز. مەسىلەن، سادىر پالۋان ھەققىدە قەلەم تۇتقانلار سادىر پالۋاندىن ئىبارەت خەلق قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى قانداق قىلىپ خەلققە تاپشۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. چۈنكى سادىر موللا بىلالنىڭ قەلىمى بويىچە قارىغاندا توي قىلسا ئەلگە چاي بەرمەيدىغان، كۆكەمە، بەش ئوغلى بىلەن لۈكچەك ئاتىلىپ قالغان، لېكىن ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىدا ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن بىر زىددىيەتلىك ئادەم. خەلقنىڭ كۆڭلىنى زىدە

قىلماي تۇرۇپ سادىرنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن ئوبرازىنى خەلققە قانداق تاپشۇرۇپ بېرىش يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە ئېلان قىلىنغان بىر خىرىستۇر.

مەشھۇر يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدىمۇ غېنى باتۇرنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەنە شۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلدى. لېكىن يازغۇچى بۇ مەسىلىنى شۇنداق چىرايلىق ھەل قىلدى. غېنى باتۇر ياشاۋاتقان ئەينى دەۋر تارىخنى مۇختار باي قاتارلىق خاراكتېر جەھەتتە غېنى باتۇر بىلەن بىر تىپقا چۈشىدىغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى سىپلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىققا كەلتۈرگەن غېنى باتۇرنىڭ خاراكتېرىنى بىزگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاپشۇرۇپ بەردى. بىز بۇ رومان ئارقىلىق ئۆزىنىڭ لۈكچەك ۋە ئېغىزى بىزەپ قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەنگەن غېنى باتۇرنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىغا چەكسىز يېقىنلاشقان بىر ئوبرازغا ئېرىشتۇق. كىشلەرنىڭ قەلبىدىكى غېنى باتۇر ھەققىدىكى ئوبراز تەسىرگە ئۇچرىمايلا قالماي تېخىمۇ يارقىنلاشتى. ئاپتورنىڭ يازغانلىرىنى ھېچكىم ئەيىبلىمىدى. چۈنكى تارىخنىڭ لوگىكىسىدىن قارىغاندا مىللىي كەمسىتىش، مىللىي زۇلۇم، قاراڭغۇلۇق، قوزغىلاڭ قىلىشقا مەجبۇرلىنىش غېنى باتۇرنى كوچىدىكى بىر ئۇششۇق ۋە لۈكچەكتىن خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا ئايلاندۇردى.

ئەلۋەتتە، تارىخىي رومانلارنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشقا يەنە تارىخنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتىمۇ بار. بەزى يازغۇچىلارنىڭ تارىخىي بىلىمىنىڭ تارلىقى تۈپەيلىدىن بەزى تارىخىي شەخسلەر ئاددىيلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، نۇرغۇن ئۇيغۇر يازغۇچىسىدا تارىختا ئۆتكەن خان-پادىشاھلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇلارنى بۈگۈنكى كۈندىكى كەنت ياكى يېزا باشلىقلىرىنىڭ سەۋىيەسىدە تەسۋىرلەپ قويۇش، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيە ئېڭىنى تاپشۇرماسلىق، تارىخنى ئۆز ئېھتىياجى ۋە مەلۇم كۈچلەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە سۇيىئىستېمال قىلىپ تەسۋىرلەپ قويۇش خاھىشىمۇ يوق ئەمەس. ئەلۋەتتە بىگىزنى قاپتا يوشۇرغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى ئۇچۇر كۈندىن كۈنگە ھەممە ئادەمنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان، مەخپىيەتلىكلەر ئازلاۋاتقان دۇنيادا تارىخنى لوگىكىسى ۋە ئۆز قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەش يازغۇچىنىڭ ۋىجدان مەسىلىسىدۇر.

## پايدىلانمىلار

1. ئازاد سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم : «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» [M]، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002ـ يىلى 9ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، ئۈرۈمچى.
2. «رومانچىلىقىمىزدىكى سان ۋە سۈپەت توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» [J ]، زۇمرەت قەييۇم، تارىم ژۇرنىلى، 2004ـ يىللىق 10ـ سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2013)02_081_08

# ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا*

## خالمۇرات ئابدۇرېھىم

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى يېقىملىق ئاھاڭى، چوڭقۇر پىكىرلىك ۋە مول مەزمۇنلۇق تېكىستلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ تېكىستلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئۇنى تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخىي شەرھىيسى قەيت قىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئاممىبابلىق، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىنىدۇ.

**摘要**：伊犁维吾尔民歌由曲调的悦耳性，歌词意味的深刻和丰富的内容等特点在维吾尔民歌宝库中站着重要的地位，特别是歌词的语言特征反应在伊犁民歌的特性。本文阐述伊犁维吾尔民歌歌词史的同时，重点分析伊犁民歌歌词的通俗性，地方性和修辞等方面的语言特征。

**Abstract:** With its sweet-soundings and meaningful-lyrics, the Ili-folk songs play an important role in Uyghur folk songs family. Especially the lyrics of it have significant characteristics to describe the life of Ili people. This thesis analyzes the history of lyrics of Ili-folk songs as well as the popularity, locality and rhetoric features of its language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J642.2　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىلى خەلق ناخشىلىرى يېقىملىق، مەردانە مېلودىيەسى ۋە پىكرى چوڭقۇر ، مول مەزمۇنلۇق گۈزەل تېكىستلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى خەزىنىسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئىلىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ماكاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، ئۇزاق تارىخلاردىن بۇيان ياشاپ، جاپالىق ئەمگىكى، ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن بۇ بىپايان زېمىندا ئۆزىنىڭ رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنە شۇ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيانقى ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، تەبىئەتتىن ئالغان ئىلھاملىرىنى، جاپالىق ئەمگەكلىرىنى شۇنداقلا روھىيەت قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاراكتېرىستكىسىنى ئۆزىنىڭ خاس مۆھرى قىلىپ كەلدى. ھەر قانداق بىر خەلق ناخشىسىنىڭ شۇ خەلقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھايات مۇساپىسىگە مۇجەسسەملەنگەن مۇئەييەن تارىخىي مەنبەسى ۋە تەرەققىيات جەريانى بولىدۇ. ئىلى خەلق ناخشىلىرىمۇ دەل ئىلى خەلقىنىڭ ئىلىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل تۇپراقتىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە ياشاش جەريانلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۆزىگە خاس مەنبەگە ۋە تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يىلتىزى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقاملىرى خەزىنىسى»، باتۇر ئەرشىدىنوفنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، تۇرغان شاۋۋدۇن، ئابلىكىم ئابدۇللا نەشرگە تەييارلىغان «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق توپلامنىڭ كىرىش سۆز قىسمى ۋە ئاتاقلىق يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇر قەلىمى ئاستىدىكى «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاپتورلار مۇئەييەن

*بۇ ماقالە 2012 ـيىلى 12ـ ئاينىڭ 15ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

مەزكۇر ماقالە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى.

**ئاپتور:** خالمۇرات ئابدۇرېھىم (1972ـ يىل 1ـئايدا تۇغۇلغان) لېكتور، ماگىستىر، تىلشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

uyghurkitap.com



ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بۇ تەتقىقات ھاسىلاتلىرىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يىلتىزى ۋە تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك يەكۈننى چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مەنبەسى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىغا چېتىلىشى مۇمكىن. مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» دېگەن ئەسىرىدە بەزى ئەمەلىي ماتېرىياللارنى (يەنى خەلق ناخشىچىسى غاپپار ئەخمەتنىڭ ئەسلىمىسى) نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ نۇقتىغا مايىل ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ يەنە «باتۇر ئەرشىدىنوفنىڭ قارىشىچە: بۈگۈنكى ئىلى كىلاسسىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئەينى يىللاردىكى سازەندە ـ ناخشىچىلار پىرە ناخشىلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ياساپ، رەڭ بېرىپ ئىشلەپچىققان ئىكەن، گەرچە بۇ قاراش كىشىگە سەل غەيرىي سېزىلسىمۇ، تارىختا دىنىي ئاھاڭلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان تۈرتكىلىك رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ»[1] دەپ يازىدۇ. ھەتتا بەزىلەر بۆرە تۈتېمىغىمۇ باغلايدۇ. مەسىلەن «خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاڭ دەۋرىدىلا غەربىي دىياردا لاگىي (ئاھاڭى بۆرە ھۇۋلىشىغا تەقلىد قىلىنغان ناخشىلار) بېزىلغانلىقىنى كۆرەلەپ ئۇچرىتىمىز. ناخشىلاردىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى ھازىر ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا گەۋدىلىك ھېس قىلىمىز»[2].

بۇ قاراشلار مۇمكىنچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭ مەنبەسى جەھەتتىكى ئىزدىنىشتىن ئىبارەت خالاس.

ئىككىنچى، خەلق ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان ئىلى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى (مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ ئانىسى بولغان خەلق ناخشىلىرىغا ئوخشاش ئىلى خەلق ناخشىلىرىمۇ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بارغانسېرى بېيىپ باردى، لېكىن تېخى چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدى) يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇرېشىتخان زامانىدا مۇقام تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن «ئابدۇرېشىتخان زامانىدا رەتلىنىپ ئاساس تۇرغۇزۇلغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەينى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان بارلىق قەبىلىلەر ياشىغان كەڭ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان ئاھاڭلىرىنى توپلاش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، شۇ قېتىمقى رەتكە سېلىشتا ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ۋە بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ نادىر ئىجادىيەتلىرىمۇ ئون ئىككى مۇقام تەركىبىگە كىرگەن. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن ئىلگىرىكى بەزى مۇزىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى قىسمەن ئاھاڭلاردىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ»[3].

ئۈچىنچى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇيرات قەبىلىسىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان پاراكەندىچىلىك سەۋەبى ئىلىدىكى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار باشقا جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى، جۈملىدىن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇقام تەركىبىدىكى ئاھاڭلىرى رايون خاراكتېرلىك كىرىزىسقا ئۇچرىغان.

تۆتىنچى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە چىڭ خاندانلىقى ئۇيراتلارنى تىنچىتىپ 1760 ـ يىلىدىن باشلاپ خوتەن، يەكەن، دولان، قەشقەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، شايار، قاراشەھەر، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق رايونلاردىن 8 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى. كېيىنچە ھەر خىل يول ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئېقىپ چىققانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. «تۈرلۈك يۇرتلاردىن خىلمۇخىل تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بۇ كۆچمەنلەر ئىلى ۋادىسىدىكى بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى بىر تەركىبىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇزاق يىللار ئارىلىشىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئۇلار ئۆزگىچە تىل شېۋىسى ۋە ئۆزىگە خاس

رەڭ ئالغان يەرلىك مەدەنىيەتنى ياراتتى»[4]. «بۇ زاماندا ئىلى ۋادىسىدا ئىجتىمائىي ئىسسىيانكارلىق روھى كۈچلۈك ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى كېلىپ چىقتى. بۇ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئىلگىرى ئىلى - يەتتەسۇ ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا فولكلورىغا قەشقەر، يەركەن مۇقاملىرىنى ۋە باشقا ئۇيغۇر مۇزىكا جەۋھەرلىرىنى قوشۇپ، شۇ ئاساستا تېخىمۇ خاسلىققا ئىگە ئىلى سەنەم - مۇقاملىرىنى، جۈملىدىن گۈزەل مېلودىيە ۋە جەڭگىۋار خەلق تېكىستلىرىگە ئىگە ئىلى خەلق ناخشا - مۇزىكىسىنى ياراتتى»[5].

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭ بىخى شامانىزم مۇراسىملىرىغا يېقىنلىشىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن تارتىپ مۇقام ئاھاڭ تەركىبلىرىگە كىرگۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئاھاڭ ۋە تېكىست جەھەتتە چاچما ھالەتتە تۇرغان. مۇقام تەركىبلىرىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇيراتلارنىڭ قالايمىقانچىلىقى سەۋەبلىك ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىلى تۇپرىقىدىكى تەسىرى سۇسلاشقان. چىڭ خاندانلىقى ئۇيراتلارنى تىنچىتىپ، 1760- يىلى شەرقىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىلى خەلق ئاھاڭلىرى تېكىستلەر بىلەن ھەقىقىي بىرلىشىپ ئاھاڭ جەھەتتىن جۇشقۇن، ياڭراق، مۇڭلۇق، تېكىست جەھەتتىن مول مەزمۇنلۇق، تېكىست تىلى جەھەتتىن خاسلىققا ئىگە بولغان ھالدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. تۇرغان شاۋۇدۇن، ئابلىكىم ئابدۇللالار ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى كېلىپ چىقىشى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن «تارىخىي ناخشىلار (يەنى 18- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن 18- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغىچە ئىجاد قىلىنغان ناخشىلار «سېپىل ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «ۋاڭخۇلۇ»، «سادىر ناخشىسى» قاتارلىقلار)، داستان تۈسىنى ئالغان ناخشىلار («چىن مودەن»، «گۈلەمخان»، «نوزۇگۇم»، «ئانارخان» قاتارلىقلار)، ھەر خىل تېمىدىكى ناخشىلار (سىياسىي ناخشىلار، تۇرمۇش ناخشىلىرى، مۇھەببەت ناخشىلىرى، ئەمگەك ناخشىلىرى)» [6]دېگەن تۈرلەرگە بۆلىدۇ. دېمەك، بۇ خىل بۆلۈشمۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىپ باشلىنىشىنى دەۋر جەھەتتىن دەلىللەپ تۇرىدۇ. «خەلق ئاھاڭلىرى ئۆزىگە مۇۋاپىق، گۈزەل تېكىستلەر بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاجايىپ زور تەسىرلەندۈرۈش، زوقلاندۇرۇش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ»[7].

ئىلى خەلق ناخشىلىرى 18- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا ئىجاد قىلىنغان تېكىستلەر بىلەن ماس بېزىلىپ ھازىرغا قەدەر بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ، يۇرۇشلىشىپ كەلدى. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئون ئىككى يۇرۇشكە بۆلۈنگەن. بەزى ئىجادىي ناخشىلارنى قوشقاندا جەمئىي 95 كە يېتىشى مۇمكىن ( بۇ پېشقەدەم چالغۇچى ھۇسەنجان ھەسەننىڭ سۆزى بولۇپ، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى). تۇرغان شاۋدۇن، ئابلىكىم ئابدۇللالار نەشرگە تەييارلىغان «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ناملىق توپلامغا ئون ئىككى يۇرۇش جەمئىي 82 ناخشا كىرگۈزۈلگەن.

دېمەك، ئىلى خەلق ناخشىلىرى مول تېكىست بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، بۇ تېكىستلەر چوڭقۇر مەزمۇنى ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە ئىلى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشتا، جۈملىدىن ئىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش تارىخى ۋە ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

تۆۋەندە ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىلى ئاممىباب بولۇپ، ئاسان ئۆزلەشتۈرۈلۈشچانلىققا ئىگە

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى تىلىنىڭ ئاممىباپلىقىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، مەيلى تارىخىي ناخشىلار بولسۇن، مەيلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



داستان خاراكتېرىنى ئالغان ناخشىلار بولسۇن ۋە ياكى ھەرخىل تېمىدىكى ناخشىلار بولسۇن ئۇلارنىڭ تېكىستى قوشاق شەكلىدە بولۇپ، قوشاقلار ئېغىز ئارقىلىق ئېيتىلىپ خاتىرىلىنىدىغان بولغاچقا سۆزلىرى ئاددىي ئەمما جانلىق، ئوبرازلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشاقلار قۇرۇلما جەھەتتىن كۆپىنچە يەتتە بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق بولۇپ، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك. شۇڭا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى بىر ئاڭلىغان كىشى ئازراق زېھىن قويسىلا ئېسىگە ئېلىۋالالايدۇ.

ئىككىنچى، خىلمۇخىل تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىلىغا كەلگەن كۆچمەنلەر بىلەن ئىلى ۋادىسىدا ئىلگىرىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللار ئارىلىشىپ، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزىگە خاس تىل شېۋىسى ۋە ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەتنى ياراتتى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاقىسى ۋە ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىلىدا تىل جەھەتتىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك بەكمۇ گەۋدىلىك ئەمەس. تېكىستلەردىكى بەزى يەرلىك تۈسنى ئالغان سۆزلەردىن باشقا، تېكىستلەردە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئومۇمىي خەلق تىلىدىكى سۆزلەر بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر قانداق ئادەم ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ناخشىلاردىن بەھىر ئالالايدۇ. شۇڭلاشقا ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئىلىدا ياشاپ ئۆتكەن ھەر قانداق ئۇيغۇر ئائىلىسىگە سىڭىپ كىرگەن.

## 2. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى تىلىدىكى بەزى يەرلىك ئامىللار

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدەك ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە يەرلىك شېۋە بەك گەۋدىلىك ئەمەس. ئەمما بۇ يەرلىك ئامىللار يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە بەزى يەرلىك ئامىللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يامۇلنىڭ ياغاچلارى
ئېگىز قارغاي چەڭزە.
يامۇلدىن تېشىپ چىققان
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

سادىر دەپ ئېتىم قالدى
داڭزىدا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقسام
بەش بالام يېتىم قالدى.

(«سادىر ناخشىسى» دىن)

خوخەنزە ـ خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، باتۇر ۋە قەيسەر، ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

داڭزا ـ ئىرپان ئېلېكترونلۇق لۇغىتىدە بۇ سۆز خەنزۇچە «档案» دەپ ئېلىنغان ئۇنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى ئارخىپ دېگەندىن ئىبارەت. چەڭزە ـ خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز، خەنزۇ تىلىدا «椽子» دېيىلىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي ياساش ئۇسۇلىدا بورا سېلىش ئېھتىياجىدىن لىم ئۈستىگە تىزىلىدىغان ئىنچىكە ياغاچلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىلى، تۇرپاندىن باشقا رايونلاردا جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا «ۋاسا، بادرا» دېيىلىدۇ.

قەشقەردىن چىققان باللار
تەڭدىن تولسى خاڭدا.
يۇرتىغا كېتەي دېسە
چاپان ـ چارىسى داڭدا.

(«خاڭ ناخشىسى»دىن)

باينىڭ باللىرى دەيدۇ
بىرسى بىرسىدىن دودەن.
چىقمايدۇ تالا ـ تۈزگە
ئامرىقىم، جېنىم مودەن.

(«چىن مودەن» دىن)

داڭدا ـ گۆرۈ، گۆرۈدە دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. خەنزۇ تىلىدا گۆرۈ سۆزى «典当» دېيىلىدۇ. «当铺» گۆرۈخانا، «捣蛋» دودەن ـ ئۆكتەم، زوراۋان، جاھىل دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ئەسلىي خەنزۇ تىلىغا تەۋە بۇ خىل سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە بويسۇندۇرۇلۇش ئاساسىدا قوللىنىلىپ ۋە قوشاقلاردا ئىشلىتىلىپ يەرلەشتۈرۈلگەن.

ھەتتا بەزى تېكىستلەرنىڭ ماۋزۇلىرى

فونېتىكىلىق ئۆزلەشتۈرۈلۈش ئاساسىدىكى خەنزۇچە سۆزلەر بىلەن بېرىلگەن. مەسىلەن، «ۋاڭخۇلۇ»، «جۇخار يىگىياڭ»، «داگەنزە» دېگەنگە ئوخشاش. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بۇ ھادىسىنى تىل تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ۋادەرىخا دەردى بىلەن،
مەن ئادا بولدۇم نېتەي.
دۇرى گۆھەرنى يىتتۇردۇم ،
تاپمىدىم، ئۆلدۇم نېتەي.

(«ۋادەرىخا» دىن)

قىزارىپ تەنگە سىغماسمەن،
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى.
جاھان ئەھلىگە بەرمەسمەن،
سېنىڭدەك جورى خانىمنى.

(«گۇلمەشۇق» دىن)

مەقسەتلىك كۆڭۈل ئىچرە،
بىر ئابىدە جان كەلدى.
مىژگانە ئوقى يەڭلىغ،
قاشلىرى كامان كەلدى.

(«ئالتۇنجان» دىن)

ۋادەرىخا – پارسچە سۆز بولۇپ، ۋاي ئېسىت، ۋاي ئەپسۇس دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن؛ نېتەي – نېمە چارە، نېمە ئامال دېگەن مەنىدە؛ دۇرى – ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۈنچە – مەرۋايىت دېگەن مەنىدە؛ مەگەر – پارسچە سۆز بولۇپ، ئەگەر دېگەن مەنىدە؛ جورى - پارسچە سۆز بولۇپ ماس، ئۇيغۇن، لايىق دېگەن مەنىدە؛ مىژگانە - پارسچە سۆز بولۇپ، كىرپىك دېگەن مەنىدە؛ يەڭلىغ - ئوخشاش، دەك / تەك دېگەن مەنىدە؛ كامان - پارسچە سۆز بولۇپ، ئوقيانىڭ ئوقتىن باشقا قىسمى، يايى دېگەن مەنىدە.

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان بۇ خىل سۆزلەر چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىق تىلى دەۋرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن سۆزلەردۇر. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىش دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ تېكىستلەردە ئىپادىلىنىشى تەبىئىي. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ناخشا تېكىستلىرىدە ئىپادىلىنىپ ھازىرغىچە كېلىشى ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىشنىڭ يەنە بىر بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە يەنە يەرلىك تىل ئامىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

لاتىدىن پوپۇچ تىكسە،
كۆرمىگەنلەر خەي دېدۇ.
سادىرنىڭ ئۇنى چىقسا،
چېرىك قورقۇپ «ھەي» دېدۇ.

قار كېچىپ تولا مېڭىپ،
ئۆتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم.
تاشقا تۆپەمنى قويۇپ،
دۈشمەنلەرنى گول قىلدىم.

(«سادىر ناخشىسى»دىن)

قىزىلگۈل تۇۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇم مەن.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا،
كۆيۈپ ئاۋارە بولدۇم مەن.

(«نادان»دىن)

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتتۇم،
مەيەمنى جاراڭلىتىپ.
تالا – تۈزگە چىقماسمەن،
جالانى پۇلاڭلىتىپ.

(«مەيگە چۈشكەن بىلەن»دىن)

پوپۇچ – بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان باللارنىڭ ئاياغ كىيىمى؛ تۆپە – تېرىدىن تىكىلگەن، پوسمىغا ئوخشاش، تاشلانمىغان سىرتى ئاق باش كىيىم؛ جالا – 1. ئاياللارنىڭ چېچىغا قوشۇپ ئۆرۈش ئۈچۈن قارا مەشۇتتىن ئىشلەنگەن يىپ 2. ئات - ئېشەكلەرنىڭ نوختىسى، هارۋا جابدۇقلارغا ۋە نەيزىگە زىننەت ئۈچۈن بېكىتىلىدىغان قىزىل پۆپۈك ( قوشاقتا بىرىنچى مەنىدە ئىشلىتىلگەن).

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە يەنە سەينۇگە (يەنە سەينەك – تىرناق ئارىسى ياللۇغى دېگەن مەنىدە «ئورما ناخشىسى»دىن )، قاڭرۇق (دىمىقىدا گەپ قىلىدىغان دېگەن مەنىدە «سادىر ناخشىسى»دىن)، تەيپىنەم زامانىدا («ئالۋان ‹ھوسۇل› ناخشىسى» دىن، بۇ

www.uyghurkitap.com



سۆز ئېرىيان ئېلېكتىرونلۇق لۇغىتىدە تەبىيئونەم زامانىدا دەپ ئېلىنىپ «ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتا، ئۇزاق ئۆتمۈشتە» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. يەنى تەبىيئون: ئىدىقۇت ئۇيغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. بەزىلەر بۇ سۆزنى قوشاقنىڭ ئىجاد قىلىنىش تارىخى ۋە قوشاقتىكى كونتېكىستقا ئاساسەن 1851 ـ يىلى پارتلىغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى دەۋرى بىلەن باغلايدۇ)، تەۋەر (يەرلىك توقۇمىچىلىقتا يىپ يۆگەلگەن بىر قانچە قومۇشتىكى يىپىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان جاھاز «ئۆرگىلەي»دىن) قاتارلىق سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان يۇقىرىقىغا ئوخشاش بەزى يەرلىك تىل ئامىللىرى، ئىلى خەلق ناخشا تېكىست تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، شۇ تېكىستلەرنى ئىجاد قىلغۇچى ئىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

## 3. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىلى قويۇق ئىستىلىستىكىلىق تۈسكە ئىگە

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى مول مەزمۇنغا ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تېكىستلەرنىڭ قويۇق ئىستىلىستىكىلىق تۈسكە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تېكىستلەردىكى ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان چوڭ تېما. تۆۋەندە مەن تېكىستلەردىكى بىر قانچە مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سىمۋول، تەكرارلاش، تىركەش، جەملەش، قايتۇرما سوراق، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، تېكىستلەردىكى ئوي-پىكىرنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

1) «ئوخشىتىش ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئوخشىمايدىغان، ئەمما مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بار ياكى ئوخشاشلىقى قىياس قىلىنغان شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ بىرى بىلەن يەنە بىرىنى تېخىمۇ كونكرېت ھەم ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسىدۇر»[8]. ئەنگلىيە رومانتىك شائىرى پېرسى شېللېي «ئوخشىتىش ـ شېئىر تىلىنىڭ ئۇلى» دېگەن. دېمەك، ئوخشىتىشنى شېئىرىي تىلنىڭ ئىپادىلىنىش سەۋىيەسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ۋاستە دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئوبرازلىق ھەم رەڭگارەڭ ئوخشىتىشلىرى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك،
قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

(«يار سېنىڭ دەردىڭ»دىن)

بۇ چىنار نازۇك چىنار،
ئەگمەك ئۇنىڭ شاخى سۇنار.
شاخى سۇنسا مەيلىغۇ،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.

(«چوڭ ئايارەي» دىن)

بۇلاردىن 1 ـ مىسالدا يارنىڭ قاشلىرى بەرگى قىياققا، كۆزلىرى تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىك كۆزىگە ئوخشىتىلغان. 2 ـ مىسالدا يار (يەنى قىز) نازۇك چىنارغا، يىگىت بۇلبۇلغا ئوخشىتىلغان. 1 ـ مىسالدا ئوخشىغۇچى (قىياق، كىيىك) بىلەن ئوخشالغۇچى (قاش، كۆز) ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىسى (تەك) ئوخشاشلىق نۇقتىسى (گۈزەل) ئېنىق بېرىلگەن. 2 ـ مىسالدا پەقەت ئوخشىغۇچى (چىنار، بۇلبۇل) بېرىلىپ ئوخشالغۇچى يوشۇرۇن كەلگەن. دېمەك، ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئوخشىتىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئىلى خەلق ناخشا تېكىست ئىجادچىلىرىنىڭ تىل بايلىقىنىڭ ئىنتايىن موللۇقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

2) مۇبالىغە ـ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋاستە. مۇبالىغە لاپ ئەمەس، بەلكى ئوي ـ پىكىرنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ

گەۋدىلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ۋاستە.

ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە مۇبالىغە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوي- پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەش ئەھۋاللىرى خېلى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە سۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.
(«گۈلەمخان» دىن)

يارىسىز ئۆمرۈم مېنىڭ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.
(«شەرۋانىخان»دىن)

بۇلاردىن 1- مىسالدا قايغۇ - ئەلەمنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى ئىپادىلەنسە، 2- مىسالدا ئىشق ئوتىنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە يالقۇنجاۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. يەنى 1- مىسالدا مۇبالىغىنىڭ ئاشۇرۇش شەكلى قوللىنىلغان بولسا، 2- مىسالدا كىچىكلىتىش شەكلى ئارقىلىق ھېسسىيات قاتلىمىنىڭ چوڭقۇر تېگى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

3) سىمۋول - كونكرېت شەيئى - ھادىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى ناملىرى ئارقىلىق، ئابستراكت ئۇقۇم - چۈشەنچە ۋە پىكىر- ھېسسىياتنى كونكرېت - ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان ۋاستە. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە بۇخىل شەكىلمۇ ئۇچرايدۇ.

گۈلمۇ دەپ باستىم تىكەننى،
تارتىدۇرمەن دەرتنى.
بىلسەم ئىدىم، باسماس ئىدىم،
تارتماس ئىدىم دەرتنى.
(«كۆك قومۇش»تىن)

تىكەن- ۋاپاسىز، قارا كۆڭۈل يارغا سىمۋول قىلىنغان.

4) تەكرارلاش - پىكىر -ھېسسىياتنى ياكى شەيئى - ھادىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تەكىتلەپ، گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەلۇم بىر سۆز، سۆز بىرىكمىسى ھەتتا جۈملىنى تەكرارلاپ ئىشلىتىدىغان ۋاستە. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە بۇ خىل شەكىل كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ھاراق ئىچىدۇ دېيدۇ،
تاماكا چېكىدۇ دېيدۇ.
ھەر كىم ھەر نېمە دېيدۇ،
دەرد كەلمىيدۇ، بىلمەيدۇ.
(«دەردى ھۆسەين» دىن)

سادىرمەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي كىمدۇرمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
بىرنى قويماي بىلۇرمەن.
(«سادىر ناخشىسى» دىن)

بۇلاردىكى 1- مىسالدا مىسرا ئاخىرىدىكى «دېيدۇ» دېگەن سۆز تەكرارلانغان. مانا بۇ تەكرارلاشنىڭ ئاياغ تەكرارلاش (ئېپىفورا) شەكلىدۇر. 2- مىسالدا مىسرا بېشىدىكى «سادىر» دېگەن سۆز تەكرارلانغان. مانا بۇ تەكرارلاشنىڭ باش تەكرارلاش (ئانافورا) شەكلىدۇر.

5) «تىركەش - ئالدىنقى جۈملىنىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى جۈملىنىڭ بېشىدا تەكرارلاپ، قوشنا ئىككى جۈملىنىڭ باش- ئايىغىنى زىچ باغلايدىغان، شەيئىلەرنىڭ ئورگانىك باغلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ۋاستە»[9]. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە بۇ خىل شەكىلمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

يارنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا گۈل بار.
شېرىن سۆزلىرى تاتلىق،
ئايدەك يۈزىدە خال بار.
(«لەيلۇن» دىن)

6) «جەملەش - پىكىرنى باشتا ئومۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىن يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق شەكىلدىن ئىبارەت»[10]. مەسىلەن،

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار،
تېرىسا ئۈنمەس. ( ئومۇملاشتۇرۇش)
بىرسى ئاتا، بىرسى ئانا ،
بىرسى قېرىنداش. (يېشىش)
(«بىز ئاتالاندۇق»دىن)

7) قايتۇرما سوراق - قەستەن سوئال قويۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق ئېنىق، مۇقىم بولغان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە. بۇنىڭدا سوراقنىڭ جاۋابى شۇ سوراقنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

كىچىك قىزنى زورلاپ ئالسا،
ئۇۋال بولمامدۇ؟
گۈلەمخېنىم شۇ شاڭيۇغا،
زايا بولمامدۇ؟

(«گۈلەمخان»دىن)

ئالمامسەن ئالارىڭنى،
ئىككى پاي ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دېسەن،
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟

(«دەردى ھۇسەيىن»دىن)

1 ـ مىسالدىكى سوراق شەكلىدىن «ئەلۋەتتە ئۇۋال بولىدۇ»، «زايا كېتىدۇ» دېگەن جاۋاب چىقىپ تۇرىدۇ. 2 ـ مىسالدا «جاندىن تويدۇم ئېتىپلىۋەت»، «سېنىڭمۇ جاجاڭنى يەيدىغان ۋاقتىڭ بار ياكى ئادىللىق ھامان بولىدۇ» دېگەن مەنە چىقىدۇ.

8) رىتورىك خىتاب ـ ئاپتورنىڭ ھېس ـ ھاياجىنى ئۇرغۇپ تاشقاندا، ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان، سۆزلىشىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ياكى كۆز ئالدىدا يوق ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى ياكى ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئاتاپ سۆزلىشىدىغان ۋاستە. بۇ ۋاستە ئاپتورنىڭ ھېس ـ ھاياجىنىنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىدە بۇ خىل شەكىلمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

سايراڭ بۇلبۇلۇم، سايراڭ،
قىزىلگۈلنىڭ شېخى سۇنسۇن.
يار ئايرىلمەن دېدۇ،
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

(«دەردىڭ يامان»دىن)

مانا بۇنىڭدا ئاپتور بۇلبۇلدىن ئىبارەت خىتاب ئوبيېكتىغا سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ياردىن ئايرىلىش ئالدىدىكى خورسىنىش ئىلكىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

قىسقىسى، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ھەر قايسى ھالقىلاردىن تەتقىق قىلىش، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى جۇشىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار

[1][3][4][5][7] مەمتىمىن ھوشۇر : «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 6 ـ، 12 ـ، 16 ـ، 269 ـ بەتلەر.

[2][6]تۇرغان شاۋدۇن، ئابلىكىم ئابدۇللا : «ئىلى خەلق ناخشىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 9 ـ، 2 ـ، 7 ـ، 8 ـ بەتلەر.

[8][9][10] ئارسلان ئابدۇللا : «قۇتادغۇ بىلىك ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 318 ـ، 231 ـ، 196 ـ بەتلەر.

## پايدىلانمىلار


1. مەمتىمىن ھوشۇر : «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
2. تۇرغان شاۋدۇن، ئابلىكىم ئابدۇللا : «ئىلى خەلق ناخشىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.
3. ئارسلان ئابدۇللا : «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
4. ئىرپان ئېلېكتىرون لۇغىتى ( ئوكيانۇس )
5. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم : «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
6. سەمەت تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 09_089_02(2013) 1005_5878

# بالىلار شېئىرى ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار*

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، خوتەن. 848000)

قىسقىچە مەزمۇنى : 21ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان 12 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشقا، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەت دۇنياسىغا بولغان قارىشىدا باشقا ئەل بالىلىرىغا ئوخشاش غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ھال ئۇيغۇر بالىلار شائىرلىرىغا يېڭى تەلەپ، يېڭى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر بالىلار شېئىرىيىتى ئىجادىيىتىدە مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتلەردىن بولسۇن چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەي بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر بالىلار شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق تەتقىق قىلىنىپ، ئۇيغۇر بالىلار شائىرلىرىنىڭ قانداق تەلەپ ئاستىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدۇ.

**摘要**: 跨入 21 实际的 12 年以来，在维吾尔族儿童的生活、对自然和社会的看法就跟世界儿童一样发生了巨大的变化。这种情况对儿童诗歌赋予新的要求和使命。在这种状况下，不仅是在儿童诗歌的数量，还要在其质量上必须进行深刻的思考。因此，本文就怎样才能促进儿童诗歌的发展提出了几点问题，结合实例进行研究，以此勉励儿童诗人在任何要求下进行创作，创造新的境界。

**Abstract:** Since the first decade of 21st century, tremendous changes have occurred among children's ideology worldwide. Including Uyghur children, the ideas toward life, nature and society have been changed. This phenomenon requires brand new requirement and duty from children poem creating works. Under this situation, not only the quantity, but also the quality of children poem must be re-concerned. Therefore, this paper points out several related questions about how to enhance the creativity of children poem and by combining with amounts of examples, provides several research results.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.8 ماتېرىيال بەلگىسى: A

بالىلارنىڭ خىيالى ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ ئۇلۇغۋار بولىدۇ. ئۇلار قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى كىنولارنى كۆرگىنىدە، تەڭداشسىز قەھرىمانغا ئايلانغۇسى، كارامىتىنى كۆرسەتكۈسى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قالتىس ئادەمگە ئايلانغۇسى كېلىدۇ. تاغۇ-دەريا، يېزا-قىشلاق، ئېتىز-ئېرىق مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى ئوقۇغىنىدا چەكسىز ھاياجانلىنىپ تۇيغۇلار ئىلكىدە پەرۋاز قىلىپ، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىدۇ، ھېس-تۇيغۇسى تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ شېئىرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىنى، شېئىرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، شېئىردىن ئىستېتىك زوق ئالىدىغانلىقىنى، شېئىرنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ئوبيېكتلاردىن ھوزۇرلىنىشىدىكى مۇھىم ۋاستە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە ياخشى مال ھەممە ئادەمنىڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا ئېرىشكەنگە ئوخشاش، ياخشى يېزىلغان بالىلار شېئىرلىرىمۇ بالىلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا نائىل بولۇپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇلماقتا. ئەكسىچە قۇرۇق، تېتىقسىز شوئارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان شېئىرلار يېتىمسىراپ قالماقتا.

بالىلار بەزىلەر ئېيتقاندەك شېئىرنى ياقتۇرمايدۇ ئەمەس، شېئىرنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگىنىۋالغان شېئىرلارنى ئاتا-ئانىسىغا دېكلاماتسىيە

*بۇ ماقالە 2012 ـيىلى 10ـ ئاينىڭ 21ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (1959ـ يىلى 12ـ ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



قىلىپ بېرىشنى تولىمۇ شەرەپ ھېسابلايدۇ، ئۇزىنىڭ بىلىشىچە ئاددى قوشاقلارنى يېزىپ، ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇنەۋۋەر شېئىرلارنىڭ ھامان بازارلىق بولىدىغانلىقىنى، ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىنى شەكسىز ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قانداق قىلغاندا بالىلار شېئىرىيىتى ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ ؟

## 1. شەيئىلەرنى بالىلارنىڭ ئەقلى، نەزەرى، كۆزى بىلەن كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش

تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئىلەر بالىلارغا سىرلىق، غەلىتە، قىزىقارلىق كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى نۇرغۇن نەرسىلەر چوڭلارنىڭ نەزەرىدە ئانچىۋالا قىزىقارلىق، غەلىتە ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بالىلار شائىرلىرى بالىلارنىڭ پىسخىكىسىنى چىقىش قىلىپ، ھېسسىيات جەھەتتىن بالىلىققا قايتىپ ھايۋاناتلاردىن تارتىپ ئورمانلىققىچە، گۈل ـ گىياھلاردىن تارتىپ تاغۇ ـ دەريالارغىچە، ئىجتىمائىيەت دۇنياسىدىن تاشقى ئالەمگىچە. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بالىلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، بالىلارنىڭ ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىپ، بالىلارنىڭ قەلبى بىلەن ھاياجانلىنىپ، ئۇنى بالىلارنىڭ چۈچۈك، تاتلىق، ھېسسىياتقا باي تىلى بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدۇ. مەسىلەن، ھېندىلىنىڭ «ئاپا ـ ئاپا قورقۇۋاتىمەن. . . » دېگەن شېئىرنى ئالىدىغان بولساق:

ئاپا، ئاپا قورقۇۋاتىمەن،
ئۆي سىرتىدا پىل بار ئوخشايدۇ.
ھوش...ش، ئۇ دېگەن ئىت بالام،
بىزنىڭ ئىتىمىز قاۋاۋاتىدۇ.
ئاپا، ئاپا،
ئىت كېچىدە پىل بوپ قالامدۇ ؟
ئىتتىن بەكمۇ قورقۇۋاتىمەن.
ھوش...ش بالام، قورقما
ئاۋازىڭنى چىقارما دېيمەن.
..............................

(«بالىلار ئەدەبىياتى»دىن)

بۇ پارچىدا يېشى سەل كىچىك بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بالىلارچە تۈيغۇ، بالىلارچە ئوي تەرىقىسىدە نازۇك، نەپىس سىزىپ بېرىلگەن. سىرلىق تۇسكە كىرگەن كېچە، بالىنىڭ سىرلىق كېچىدىكى ئەيمىنىشلىرى، ئاپىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىنىڭ بارغانچە قورقۇنۇش ئىچىدە قېلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ شائىر ئۆزىنى بىر گۆدەك بالىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، قەلىمىنى گۆدەك بالىلارچە تەپەككۇر قىلىپ تەۋرەتكەن، نەتىجىدە شېئىر تولىمۇ تەبىئىي چىققان.

كۆپ ھاللاردا بالىلار شېئىرلىرى چىنلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان ئاساستا غايىۋىلىككە قانچە ئەھمىيەت بېرىپ يېزىلغانسېرى، ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بۇ شائىرنىڭ گۈزەللىكنى بالىلارنىڭ تۇيغۇسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەنلىكى ۋە تونۇغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گۈزەل ھېسسىياتقا، باي تەسەۋۋۇرغا تويۇنغان شېئىرلار بالىلارغا گۈزەللىكنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئالىيجاناب خۇلقنى يېتىلدۈرۈپ، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش، گۈزەللىكنى بەرپا قىلىش قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. بالىلاردا ئېستېتىكىلىق تۇيغۇنىڭ يېتىلىشى ئۇلارنى ھاياتتىكى تەبىئەت گۈزەللىكى، تۇرمۇش گۈزەللىكى ۋە سەنئەت گۈزەللىكىنى بىلىۋېلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات ھەم غۇرۇرىنى كۈچەيتىپ ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيدۇ. ماركس: «ئەگەر سەن سەنئەتتىن ھۇزۇرلانماقچى بولساڭ، سەنئەت جەھەتتىن تەربىيەلەنگەن ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك» دېگەنىدى. بۇ سۆز بالىلارنىڭ ئېستېتىكىلىق تۇيغۇسى ۋە ئېستېتىكىلىق قابىلىيىتىنى تەربىيەلەشنىڭ ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەربىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېقىندىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بالىلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەبىئەت گۈزەللىكى، تۇرمۇش گۈزەللىكى، سەنئەت گۈزەللىكى قاتارلىقلارنى بىلەلىسە، ئۇلارنىڭ دۇنيانى بىلەلىشى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ئەتراپلىق بولىدۇ.

گۈزەللىكتىن زوقلىنىش، گۈزەللىكنى ئىدراك قىلىش جەريانىدا، باللارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

گوركىي باللارغا: «ياخشى كىتاب ئوقۇسىڭىز نەزەر دائىرىڭىز كېڭىيىدۇ، ئېستېتىكىلىق تۇيغۇڭىز تاۋلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. باللار شائىرلىرى باللار شېئىر تۇپلاملىرىنى روياپقا چىقىرىپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرىي ئوبرازلارنى يارقىنلىققا ئىگە قىلىپ بەدىئىي سەۋىيە يارىتالىسا، باللار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تەربىيەگە ئىگە بولىدۇ، قەلبىنى گۈزەللىككە تولدۇرۇپ، روھى ساغلام كىشىلەردىن بولۇشنىڭ داغدام يولىنى ئېچىپ، چوڭلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلەيدۇ.

## 2. مول تەسەۋۋۇرنى باللارنىڭ پسىخىك ھالىتىگە ماس ھالدا قانات يايدۇرۇش

مول تەسەۋۋۇر، كۈچلۈك ھېسسىيات شېئىرىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن ھالقىلىق بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا، شېئىردا كۈچلۈك ھېسسىيات، مول تەسەۋۋۇر بولىدۇ، بۇ باللار شېئىرىدىمۇ شۇنداق. بىراق باللار شېئىرلىرىدىكى تەسەۋۋۇر ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇ تولىمۇ غەيرىي، تولىمۇ قىزىقارلىق، تولىمۇ ئەركىن، تولىمۇ ھەرىكەتچان ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش قەلىمى پىشمىغان ئۆگەنچى ھەۋەسكارلارنىڭ قولىدىن ئاسانلىقچە كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، ئىجادىيەت ۋاقتى قىسقا، يېزىقچىلىق سەۋىيەسى تۆۋەن، ئوخشىمىغان ياشتىكى باللارنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىپ چۈشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس، مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەسەۋۋۇر كۆپ ھاللاردا تۇرمۇش چىنلىقى ۋە باللاردىن يىراقلاپ كەتكەن بولىدۇ، نەتىجىدە بۇنداق شېئىرلار باللارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولالمايدۇ.

باللارغا ئاتالغان شېئىرلاردا ئۇلارنىڭ پىكرى ياكى ھېس-تۇيغۇسى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، جانلىق فانتازىيە ئارقىلىق بېيىتىلىشى، تەسەۋۋۇر قاناتلاندۇرۇش يولى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈلۈشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، باللارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى، تەپەككۇرىدا ئۆزگىرىش ياساپ، كەيپىيات يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

باللار شائىرلىرى باللارنىڭ قەلب دەرىزىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئېچىش ئۈچۈن باللارغا يېقىنلىشىشى، باللارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى، باللارنىڭ باللارچە خىيالىنى بەدىئىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشى، باللارنىڭ نېمىلەرنى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. باللارنىڭ پسىخىكىسى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ياخشى باللار شېئىرىنى يازىمەن دېيىش قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. باللار شائىرلىرى «كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىمەن، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىنى لايىھەلىگۈچى ئىنژېنېرلاردىن بولىمەن» دېيىدىكەن، باللارنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەشكە سەل قارىماسلىق لازىم، بولمىسا باللارنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى تۇيغۇسىنى مۇكەممەل سۈرەتلەپ بېرەلمەيدۇ.

باللار قۇرۇق، ئابستراكتلىقنى، شۇنىڭدەك بىھۇدە ياسالمىلىقنى ۋە ساختىلىقنى قىلچىمۇ كۆتۈرمەيدۇ. باللار شائىرلىرىدا ئۆتكۈر سەزگۈرلۈك، ساپ باللارچە كۆڭۈل ۋە تەپەككۇر بولمىسا، ئىجادىيەتتە كۆزلىگەن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

باللار ئۈچۈن يېزىلغان شېئىرلاردا ئىمكان قەدەر باللار پسىخىكىسىغا ماسلاشقان مول تەسەۋۋۇر بولۇشى، يالىڭاچ، مەنتىقىسىز سۆز-جۈملىلەر ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك. يالىڭاچ، مەنتىقىسىز سۆز-جۈملىلەر باللارنىڭ توغرا تەپەككۇر قىلىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. باللارغا ساغلام مەنىۋى يېمەكلىكلەرنى تەقدىم قىلىشقا بولىدۇكى، ناچار، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئەخلەت مەھسۇلاتلارنى سۇنۇشقا بولمايدۇ.

باللار قانداق شېئىرلارنى ئوقۇشى كېرەك؟باللار ئۆزلىرىنى خىيال قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان، گۈزەل دۇنياغا يېتەكلەيدىغان ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە شېئىرلارنى ئوقۇسا بولىدۇ. ئەگەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈستىدە خىيال قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بولمىغان بولسا، بۈگۈنىمىزنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئادەتتە خىيال قىلالمايدىغان بالا كېسەلمەن بالا ھېسابلىنىدۇ. بالىلاردا ساغلام تەسەۋۋۇر كۈچىنى قوزغىتالايدىغان شېئىرلار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلارغا بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى قوزغايدىغان ئەسەرلەرمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلسە بۇمۇ يامان كەتمەيدۇ. بالىلارنىڭ پسىخىكىسىغا ماسلاشقان شېئىرلاردىكى تەسەۋۋۇر، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، خامۇش روھىي ھالىتىنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ، يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلاشنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

ـ دادا ئاۋۇ يۇلتۇزدا
بارمۇ بىزدەك بالىلار؟
بىزگە ئوخشاش ئۇلارمۇ
بېشىغا بۆك كىيەمدۇ؟
ئېرىق سۈيى ئىچەمدۇ؟
ئۇ يەردىمۇ بالىلار
«دۇم، دۇم»، «لەۋەي» ئوينىشىپ،
توپ بولۇشۇپ ئورماندا
تايچاقلاردەك سەكرىشىپ،
ياۋا توشقان قوغلامدۇ؟

(«ئوينايدىغان بالا بارمۇ» ناملىق توپلامدىن)

جاسارەت جاپپار بۇ شېئىردا بالىلارچە تەسەۋۋۇر، بالىلارچە ئىدراك، بالىلارچە چۈشەنچە ئارقىلىق ھەر قايسى مىسرالارنى ئۆز ئارا زىچ باغلىنىشلىقتا ئىگە قىلىپ، شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوبرازلىق، چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلىشىنى مول تەسەۋۋۇر، چۈچۈك تىلدىن پايدىلىنىپ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرغان. بۇنداق خىيالغا تويۇنغان بالىلار شېئىرى بالا ئوقۇرمەنلەرنى نۇرغۇن شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپلا قالماي، يەنە بەزى ئەنئەنىۋى ئادەت، قائىدە-يوسۇنلاردىن خەۋەردار قىلىدۇ، رەڭدار ھايات، رەڭدار تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇتىدۇ.

بالىلار تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى تولىمۇ رەڭدار. شۇڭا، ئۇلار ھامان دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان شېئىرلار بالىلارنىڭ مۇشۇ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرەلىسە، بالىلارنىڭ مايىللىقىنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

چوڭلارغا يېزىلغان شېئىرلارغا قارىغاندا، بالىلار شېئىرلىرىدا دادىل مول تەسەۋۋۇر بولۇشى، بالىلارغا خاس تەسەۋۋۇرنىڭ ئورنىغا چوڭلاردا بولىدىغان تەسەۋۋۇر دەسسىتىلىپ قويۇلۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. بولمىسا بالىلار ئۆزلىرىنىڭ پسىخىك ھالىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇنداق تەسەۋۋۇرلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىلار تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، بالىلارنىڭ پسىخىك ھالىتىنى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرماسلىق، قارىغۇلارچە بالىلار شېئىرىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار بالىلار شائىرلىرىنىڭ بالىلاردىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

ئاي ئادىشىم، ئاي ئاداش،
نۇر، جۇلاغا باي ئاداش.
ئالغان ئىدىڭ ئەزەلدىن،
كۆك قەھرىدىن جاي ئاداش.

بىراق بۈگۈن مەن سېنى،
كۆردۈم كۆلدە، كۆلچەكتە،
ئېيتقىن ئاداش راستىڭنى،
كەلدىڭ قانداق مەقسەتتە؟

شائىر ئابلىمىت قۇربانىنىڭ «ئاي ئاداش» ناملىق بۇ شېئىرىدا «مەن»نىڭ ئاينى كۆل ۋە كۆلچەكلەردە كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ زېمىنغا نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىدىن ھەيران قالغانلىقى، ئۇنى چېلىكىدە سۈزۈپ ئۆيگە ئاپىرىپ تويۇندۇرۇپ ئارام ئالدۇرماقچى بولغانلىقى ھەم ئاي بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى ئىزھار قىلىنغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بالىلار پسىخىكىسىغا ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. بالىلارچە ھېسسىيات ھەقىقىي تۇيغۇنى ئىزھار قىلىش

بالىلار شېئىرلىرىنىڭ قىممىتى چىن ھېسسىيات، ھەقىقىي تۇيغۇدا. بالىلارنىڭ تۇيغۇسىدىكى دۇنيا بىلەن چوڭلارنىڭ تۇيغۇسىدىكى دۇنيا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بالىلار

شائىرلىرى كۆرۈنۈشلەرنىڭ گۈزەل، رەڭدار، ھېسسىياتنىڭ ئويناق، قىزغىن ئىپادىلىنىشىگە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، شېئىرنىڭ جەلپكارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

باللار شېئىرلىرى قاپىيەلەشكەن يالغان ياۋىداق قۇرۇق گەپ، پو گەپكە ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ. باللارنىڭ كۆڭلى ئاق، قەلبى ساپ كېلىدۇ. يالغان-ياۋىداق ئىبارىلەر بىلەن تولغان شېئىرلار ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، چۈشكۈنلۈككە باشلايدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي باللار شېئىرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن سۈنئىيلىكتىن خالىي بولۇپ، تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، يۈزەكى كۆزىتىشتىن چوڭقۇر كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، باللار ئارىسىدىكى قىزىقارلىق ئىشلارغا زەن سېلىپ ۋە ئۇنى خاتىرىلەپ، مەلۇم ئېستېتىكىلىق مەنىگە ئىگە دېتاللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايقاپ، ئۇنىڭغا بەدىئىي، ئىجتىمائىي تۈس بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مۇنەۋۋەر باللار شېئىرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

قارايدىغان بولساق، دەۋر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، يېڭىلىنىپ تۇرماقتا، تەلەپ بىلەن ئېھتىياج بارغانسېرى ئۆزگىچە بولماقتا، باللار مۇشۇنداق شارائىتتا ياشاۋاتقاچقا چىن ھېسسىيات، ھەقىقىي تۇيغۇلاردىن مۇستەسنا شېئىرلارنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ھازىرقى باللار ئۆتمۈشتىكى باللاردەك قۇرۇق ئېمىزگىگە گول بولۇپ، ئالدىنىپ ياشاشنى خالاپ كەتمەيدۇ. رەڭدار تۇرمۇش، قايناق ھايات، گۈزەل تەبىئەت ئۇلارنىڭ ئېڭىدا يېڭى ھېسسىيات، تۇيغۇلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە ئويلىنىشقا تۈرلۈك بېشارەتلەرنى بېرىپ، ئەقلىگە ئەقىل قوشتى، زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئىلھام بەردى.

چىن ھېسسىيات، ھەقىقىي تۇيغۇ شائىرنىڭ رېئاللىققا چوڭقۇر چۆكۈشىدىن، رېئاللىقتىكى شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ ھېسسىيات ھۇججەيرىلىرىنى غىدىقلىشىدىن تۇغۇلىدۇ. ئاسمانغا قاراپ ئەتەي ھېسسىيات پەيدا قىلىپ، ئۈستەلدە قادىلىپ ئولتۇرۇپ، ئاللىقانداقتۇر ۋاستىلىق ئىلھامنىڭ قوزغىتىشى بىلەن باللار شېئىرى ئىجادىيىتىگە كىرىشىش توغرا بولمىغان خاھىش. چوڭقۇر شېئىرىي پىكىر، يالقۇنلۇق ھېسسىيات مەلۇم بىر شېئىردا چاقنىغاندا، ئۇنىڭدىكى رەڭ ۋە تەسۋىر جەزمەن ئىنتايىن ئېسىل بولىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، شېئىردا پەقەت چىنلىق ئەكس ئەتكەندىلا، ئەنە شۇنداق ئەۋزەللىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ شائىرنىڭ چىن ھېسسىيات، ھەقىقىي تۇيغۇنى سۇبيېكتىپتىن ئەمەس، ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئىزدىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم،
يۈرىكىمدىن كۆيگەن تىلىم.
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سىڭگەن،
ماڭا بىلىم بەرگەن تىلىم.

تۇنجى قېتىم «ئانا» دېدىم،
سۆز قىلىشنى سەندىن بىلدىم،
مۇرادىمنى ھاسىل قىلدىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

ئاشتى ساڭا ئىپتىخارىم،
بولغاچ ئۆزۈڭ تىل تۇمارىم،
سەن-سەن مېنىڭ دىل خۇمارىم،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

مەخمۇت، يۈسۈپ، نەۋائىنى،
مەشرەپ، گۇمنام، سەدائىنى،
يېتىشتۈردۈڭ نىزارىنى،
ئانا تىلىم، سۆيگەن تىلىم.

(«ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرى»دىن)

مەرھۇم شائىر، مائارىپچى مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى «ئانا تىلىم» ناملىق بۇ شېئىرىدا، ئانا تىل سۆيگۈسى، ئانا تىلنىڭ خاسىيىتى، ئانا تىل ئارقىلىق بىلىم ئېلىشنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئانا تىل نۇرغۇن ئالىم، ئۆلىما، شائىر، يازغۇچىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئىچىدىكى ئىززەت- ھۆرمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى؛ ئانا تىل بىلەن نۇرغۇن كىتابلار يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، مۇرات-مەقسىتىنىڭ بۈيۈك ئانا تىل بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئادەمگە شادلىق بېغىشلاپ كۆڭۈل ئالىمىنى مۇھەببەتكە پۈركەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇن تولىمۇ يارقىن بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن.

شېئىردا چىن ھېسسىيات، رەڭدار تۇيغۇ بولۇش بىلەن، شېئىرى پىكىرمۇ يېڭى بولۇش كېرەك. ئۇيغۇر تىلى پاساھەتلىك، مەنىسى چوڭقۇر، چەكسىز تىلدۇر. بۇ چەكسىز مەنا چوڭقۇر شېئىرى پىكىردىن كېلىپ چىقىدۇ. ھەرقانداق باللار شېئىرىدا شېئىرى پىكىر بولمىسا، تەسەۋۋۇر ھەرقانچە ئەينەن، ھەرقانچە مۇپەسسەل، ھەرقانچە جانلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان، غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا كۆزدىن غايىپ بولىدىغان ئالۋۇندەك نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بالا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق ئىز قالدۇرالمايدۇ. بۇنداق شېئىرلار ئەستايىدىل ئويلانماي، ھەر تەرەپلىمە تەپەككۇر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەي ئادەتتىكىچە يېزىلغان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنى مەلۇم بىر مۇھىتقا باشلاپ كىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مەنىۋى مۇھىت يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن باللار شېئىرلىرى ھەقىقەتەنمۇ شېئىرى تۇيغۇغا باي، ئېسىل ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى كىملا ئوقۇسا ئىستېتىكىلىق لەززەت ئالالايدۇ، ئۆزى تۇيمىغان ھالدا ئىستېتىكىلىق بەدىئىي زوق خۇشاللىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاپئاقىنا دالاغا،
كېلەر ئاينىڭ چۈشكىسى.
قاراڭ ئۇنداق بولمىسا،
پەسلىگىنى نېمىسى؟

ئاپئاقىنە يوللاردا
كېلەر ئىتنىڭ ماڭغۇسى،
ئاڭلا ئۇنداق بولمىسا،
قاۋىغىنى نېمىسى؟

..............................

مەش تۈۋىگە يىغىلدۇق،
پاراسلايدۇ ئوتۇنلار.
بوۋام ئۇخلار «پوش، پوش، پوش»
قاچانلاردا ئويغىنار؟
بوۋام تېزرەك تۇرسىدى،
بىزگە چۆچەك ئېيتسىدى.
ئۇيقۇم نەگە كەتكەندۇ
قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى.

(«ئوينايدىغان بالا بارمۇ»دىن)

ئابلىكىم ھەسەننىڭ «قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى»ناملىق بۇ شېئىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە قىلىنىپ يېزىلغان، تىل ئىشلىتىش، بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش، ئوبرازلاشتۇرۇش، پىكىر بىلەن مۇھىتنى ئۇيغۇنلۇق بىلەن كىرىشتۈرۈپ، گۈزەل مۇھىت يارىتىپ، كونچە شېئىرىي رامكىدىن ھالقىپ چىققان. ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ ھايۋانلارغىچە ئاق يېپىنچا يېپىنغان تۇپراققا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، باللارنىڭ چۆچەك ئاڭلاشقا شۇنچىلىك تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى ئەنئەنە نۇقتىسىدىن چىقىپ سۈرەتلىگەن، بۇ باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان ئالاھىدە تەرەپتۇر.

## 4. ئېغىز تىلىغا يېقىن، باللارنىڭ سۆز ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇش

باللار شېئىرلىرىنى باللارغا خۇشاللىق، جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلسۇن دېيىدىكەنمىز شېئىردا قوللىنىلغان تىلنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق، ھەرىكەت مەنىسىگە باي بولۇشىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. تۇرمۇش ئەسلىدىنلا ئىنتايىن جانلىق، قىزىقارلىق بولىدۇ، تۇيۇقسىز، تاساددىپىيلىقتىن يۈز بەرگەن ئىشلار ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ ياكى كۆڭلىنى بىئارام قىلىدۇ. شائىر ئەنە شۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان تەرەپلىرىنى يېڭى ئوبرازلىق تىللار بىلەن ئۆزگىچە مەنا پۇرىقىغا ئىگە قىلىدۇ.

باللار ئۆزلىرى ئۈچۈن يېزىلغان شېئىرلارنىڭ رىتىمى ئېنىق، ئاھاڭى نەپىس، ئېغىزغا يۇقۇشۇپ تۇرىدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، باللار شېئىرلىرى ئىجادىيىتىدە مەمەدانلىق قىلىپ باللار چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى قەستەن شېئىرغا كىرگۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئانا تىل ئۇ ئۆزىمىزنىڭ تىلى، دەۋرلەردىن دەۋرلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزۈشنىڭ قورالى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى، مىللىي خاسلىق ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى. شۇڭا، باللار شېئىرلىرى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغىنى

تۈزۈك. تىلنى شالغۇتلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ساپلىقىغا داغ يەتكۈزگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

باللار شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئېغىز تىلىغا قانچە يېقىن، باللارنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە قانچە ئۇيغۇن بولسا شۇنچە ياخشى. باللار شېئىرلىدا ئېغىز تىلىغا يېقىنلىشىش ھەرگىز شېئىرنىڭ ئوبرازچانلىق، مۇزىكچانلىق قانۇنىيەتلىرى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇنى بىر چەتكە قارىتىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. باللار ئۆز مەقسىتىنى تىل بىلەن ئىپادە قىلىشنى كۈنسېرى ئۆگىنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىلىدا لۇغەت تەركىبى ئاز، گىراماتىكىلىق تەركىبمۇ ئاددىي بولىدۇ، شۇڭا باللار شېئىرىيىتى ئىجادىيىتىدە بۇ تەرەپ نەزەرگە ئېلىنسا تولىمۇ ياخشى بولىدۇ.

باللار تەسەۋۋۇرغا باي بولغانلىقتىن، ھەمىشە ئۆسۈملۈكلەرنى، ھايۋانلارنى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھەم ئەتراپىتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. باللار شېئىرلىرىدا شۇلارنى تەسۋىرلىگەندە ئوبرازلىق ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنى كىرىشتۇرۇپ قوللىنىپ، بەلگىلىك ئۈنۈم يارىتىشنى ئويلىماي بولمايدۇ. شۇنداقكەن، باللار شېئىرلىرىدا سۆزلەرنىڭ ئوبرازلىق، كونكرېت، دەل جايىدا بولۇشىغا كۈچ چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باللارنىڭ تۇرمۇش دائىرىسىدىن سۆز ئېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بۇ تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل بالا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ۋە ھېسسىياتنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

باللار شەكىل، ئاۋازلارنىڭ ياردىمىدە تەپەككۇر قىلىدۇ، قىلغان تەپەككۇرىمۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق ھەم سۆيۈملۈك بولىدۇ. ئابستراكت نەرسىلەرنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا باللار شائىرلىرى مەجازىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئابستراكت ئۇقۇم، شەيئىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ سىزىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ.

باللار شېئىرلىرى باللار تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، تەپەككۇرىنىڭ موللىشىشىغا ياردەم بېرىش، چىرايلىق، دولقۇنلۇق، ئۇرغۇلۇق سۆزلىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى شېئىردا ئۇدار، مۇزىكا تەركىبلىرى كۈچلۈك ھەم قويۇق بولىدۇ.

قوغۇن، قوغۇن قەنت قوغۇن،
پۇل تەگلەيدۇ بەس-بەستە
يۇمشاق قوللار، ئاق قوللار،
يوقمىدۇ يېرىك قوللار؟
مەن قوغۇن ئەمەس تۇرسام،
ئېغىزنى تامشىپ
قارار ماڭا باللار-
قوغۇنى يوق
ئېشىكى يوق
شەھەردىكى باللار.

(«ئوينايدىغان بالا بارمۇ»دىن)

بۇ شېئىردا قوللىنىلغىنى باللارچە ئاددىي- ساددا تىل بولۇپ، يېزىلىق قوغۇنچى باللارنىڭ سەممىمىي ھېسسىياتى، ئۇلۇغۋار ئىستىكى، قوغۇنلىرىنى شەھەردە سېتىپ بولۇپ، ئائىلىسىگە خۇشال-خورام قايتقانلىقىدىن ئىبارەت ھېسسىياتلاشقان كارتىنىنى چىرايلىق سىزىپ بېرىلگەن. شېئىرىي مىسرالاردا باللارغا يات تۇيۇلىدىغان، چۈشەنچىسىنى مۇجمەللەشتۈرىدىغان، ئېستېتىكىلىق زوق ئېلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىبارىلەر يوق.

## 5. كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنىڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش

باللار چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ئويۇنغا ھېرىسمەن كېلىدۇ، ئويۇن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن باللارغا ئاتالغان بىر قىسىم شېئىرلاردا مۇئەييەن كۆڭۈل ئېچىش ئالاھىدىلىكى بولۇشى ياكى ئۇلارنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىشى، ئويۇن قىلىپ ئويىنىشىغا قولاي بولۇشى كېرەك. باللار شېئىرلىرىنى باللار قوشىقىغا ئوخشاش قىزىقارلىق، ھەجۋىي تۈسكە ئىگە قىلىپ يېزىپ چىقىش شائىردىن بەلگىلىك ماھارەت بولۇشنى كۆتىدۇ. شائىر باللار شېئىرى ئىجادىيىتىدە ئۆز شېئىرىنى ئويۇنچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلماقچى بولىدىكەن، خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com

پۇرىقى قويۇق، تىلى سىلىق، ھېسسىياتى كۆتۈرەڭگۈ بالىلار قوشاقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، بۇرۇنقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشى، شەكىل، مەزمۇن مەسىلىسىدە قاتماللىقتىن قۇتۇلۇپ ئۆزگىچە يول تۇتۇش لازىم.

بالىلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ۋە كۆرگەن بىلگەنلىرى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن يىراق. ئويۇن تۈسىنى ئالغان شېئىرلاردىكى شېئىرىي مۇھىت بالىلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، ئەقلىنى ئۇلغايتىدۇ، تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ، سۆز كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قانلىرىنى قىزىتىدۇ، مەسىلەن:

ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
باغقا بارايلى.
گۈلزارلىققا بال ھەرىسىدەك
تەكشى تارايلى.
ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
باغقا بارايلى.
كىتاب ئوقۇپ كەچ كىرگەننى،
سەزمەي قالايلى.
ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،
باغقا بارايلى.
ئىلىم-پەندىن شىرنە يىغىپ،
خۇشال بولايلى.

(«باغقا بارايلى»توپلىمىدىن)

يازغۇچى مەخمۇت مۇھەممەتنىڭ بۇ شېئىرى پەرھات ئابىت تەرىپىدىن نوتىغا سېلىنغان. 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. بۇ شېئىر ياكى ناخشىنىڭ مەزمۇنى ساغلام، ئاھاڭ جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە، مېلودىيەسى گۈزەل ۋە راۋان، رىتىمى تەكشى بولغاچقا، بالىلار ياخشى كۆرىدىغان ناخشىغا ئايلىنىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىغا كەڭ تارقالغان. بۇ شېئىر بىر تەرەپتىن ئويۇنچانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ناخشىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بالىلارنى باغچىلارغا بېرىشقا، بىلىم ئېلىشقا، بال (ھەسەل) ھەرىسىدەك گۈلزارلىققا تەكشى تاراپ، مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشقا ئىلھام بېرىدىغانلىقىدا گەپ يوق. بالىلار بۇ ناخشىنى مەكتەپتىلا ئەمەس، يول بويلىرىدا، جىگدىلىكلەردە، ئاتا-ئانىسى ئورما ئورۇغان ئاخشاملىرى ئوقۇپ، دېكلاماتسىيە قىلىپ، بىر-بىرىنى بىلىم ئېلىپ ياراملىق ئادەم بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ئويۇن خاراكتېرى قويۇق بولغان بەزى بالىلار شېئىرلىرىدا سۇژىت ئامىللىرى، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئوينىماقچى بولغان مەلۇم بىر ئويۇننىڭ شەكىل ھالىتى، ئۇنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشقا بولغان پايدىسى، زېھنىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشتىكى رولى شۇنداق ئەپچىل سۈرەتلىنىپ، بالىلارنىڭ قىزغىنلىقى قوزغىتىلىدۇ. مەسىلەن، «تەپكۈچ تېپىش»نى كۆرۈپ باقايلى:

تەشكىللىگۈچى:

ھاۋا ئوچۇق ھەم سالقىن،
دوستلار بۇيان كېلىڭلار.
مۇشۇ پۇرسەت، ۋاقىتنى،
غەنىيمەت دەپ بىلىڭلار.
يانچۇقتىكى تەپكۈچنى،
قولۇڭلارغا ئېلىڭلار،
مەيدان ئارا بەسلىشىپ،
ئۇنى قىزغىن تېپىڭلار.
.....................

كۆپچىلىك:

كەلدۇق مانا بىر-بىرلەپ،
بۇ ئويۇننى كۆرۈپ ئەپ.
تەپكۈچ ئويناپ كۆڭۈلنى،
قىلىشايلى ئېزھار دەپ.
پايدا بەرمەس ھېچقاچان،
قۇرۇق سۆلەت، يالغان گەپ.
چېنىقتۇرساق بەدەننى،
تېگەر بىزگە پايدا، نەپ.

(«يېڭى قاشتېشى»ژۇرنىلىدىن)

بۇ شېئىر ئىسمى جىسمىغا لايىق ھالدا ئويۇن خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىر-بىرىگە زىچ كىرىشتۈرۈلگەن. تەپكۈچ تېپىشنىڭ بالىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بەدىئىي يول بىلەن سۈرەتلەنگەن. ئىناقلىق، ئۆملۈك،

كوللېكتىۋىزملىق روھى مەدھىيەلەنگەن، يالغانچىلىق، سۆلەتۋازلىق، قۇرۇق گەپنىڭ زېيىنى ناھايىتى ئىخچام قامچىلانغان. شۇڭا ئۇ باللارغا ھەرقانداق چاغدا ئېستېتىكىلىق زوق ئاتا قىلىپ، كۆڭلىنىڭ خۇشال-خورام ئۆتۈشىگە ئازراق بولسىمۇ تۆرتكە بولىدۇ.

باللار شېئىرى ئىجادىيىتى نۆۋەتتە باللار شائىرلىرىغا يېڭى تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىن يېڭى ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. بۇنداق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئۈمىدنى ئاقلاش، ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. شۇڭا، باللار شېئىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىماقچى بولغانلار يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈلگەن بىر قانچە نۇقتىنى شۇ بويىچە ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئىجادىيەتتە ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىشى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا خاسلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈشى، شېئىرنىڭ تىل، قۇرۇلمىسىنى گۈزەل تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېستېتىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى كېرەك. ئىزدەنگەندىلا ئاندىن ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، باللارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. «باغقا بارايلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىلى، 1- ئاي، 1- نەشرى، 8- بەت.
2. «ئويناپدىغان بالا بارمۇ»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000- يىلى 5- ئاي، 29- ، 33- ،63- بەتلەر.
3. زاماندىن پاكزات تۈزگەن قاتارلىق تۈزگەن: «باللار ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 360 - بەت
4. «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990- يىل 11- ئاي، 1- نەشرى، 132- بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 14ـ098ـ02(2013) 1005ـ5878

# ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ موتىفلىرى ھەققىدە*

ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، خوتەن. 848000)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ موتىۋ ۋە تىپ تەتقىقاتى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يېڭى تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ. داستانلارنىڭ موتىفلىرى ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئامىل. موتىفلار ئارقىلىق داستانچىلارنىڭ داستان كۈيلەش جەريانىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. داستانچىلارنىڭ داستان توقۇش ئۇسۇلى، داستاننى ئەستە ساقلىشى، پىششىقلىشى جەريانىدا موتىفلار مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى موتىفلار جەمئىي 59 غا ئايرىلغان بولۇپ، داستانلاردىكى موتىفلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالغان. ماقالىدە، يەنە ھەرقايسى موتىفلاردا كۆرۈلىدىغان داستانلارمۇ كۆرسىتىلگەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئۇچۇرلۇق قىممىتى زور بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ شەرق داستانچىلىقىدىكى ئورنىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

**摘要：**维吾尔民间达斯坦的母题研究是研究达斯坦的新科题。母题是在达斯坦结构中不可缺少的因素。通过母题可以解释说唱达斯坦者的说唱技术。达斯坦的说唱、记忆、加工过程中母题具有相当大的作用。本论文指出了维吾尔民间达斯坦中 59 种母题。该研究成果的信息价值大，可以说在维吾尔民间达斯坦研究的国际化当中具有深刻意义。

**Abstract:** The study on motif is a new subject to Uyghur Dastan. However, the motif is an essential factor for Uyghur Dastan. Therefore, by studying motifs in Dastan, one can explain its talking and singing patterns, memorizing and processing features. This paper points out 59 motifs from Uyghur Dastans, which can be seen as a significant supplement to improve the research of Uyghur Dastans.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى توپلاش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر توپلانغان داستانلارنىڭ سۈزۈت ئالاھىدىلىكىنى بايقاش، ئۇلارنى تىپ ۋە موتىفلارغا ئايرىش ئىنتايىن مۇھىم ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، خەلقئارالىق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى موتىۋ ۋە تىپ مەسىلىسى چۆچەكلەردىكى موتىۋ ۋە تىپلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى خىزمەتلەر ئالدى بىلەن چۆچەكلەر ساھەسىگە قارىتىلغان. ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى تىپ ۋە موتىۋ نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىش خىزمىتى ئاللىقاچان ئىشلەنگەن بولۇپ، دوكتور ئوسمان ئىسمايىل «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى 75 تىپقا ئايرىپ، 50 موتىفقا يىغىنچاقلاپ بەرگەن. بىز بۇنىڭدىن چۆچەكلەردىكى موتىفلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇ مەنىدە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بىلەن ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە دېيىشكە ھەقلىقمىز.

تومپسون تىپ ۋە موتىۋ ھەققىدە توختىلىپ، «تىپ دېگىنىمىز، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر ئەنئەنىۋى چۆچەكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى مۇكەممەل بىر پىروزا ئەسىرى سۈپىتىدە بايان قىلىشقا بولىدۇ. بىر تىپ پەقەت بىرلا موتىفتىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن، شۇنداقلا بىر قانچە موتىفنىڭ بىرىكىشىدىن

*بۇ ماقالە 2012 ـيىلى 12ـ ئاينىڭ 20ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە(1975ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماگىستىر، ئۇيغۇر بۆگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۇزۇلۇشىمۇ مۇمكىن. كۆپ ساندىكى ھايۋانات چۆچەكلىرى ۋە لەتىپىلەر بىرلا موتىفتىن تۈزۈلگەن تىپلاردۇر. ھەقىقىي سېھىرگەرلىك چۆچەكلىرى بولسا نۇرغۇن موتىفلاردىن تۈزۈلگەن تىپلاردۇر»[1]دېيدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق چۆچەكشۇناسى ليۇ شۇخۇا ئەپەندى مۇنداق دېيدۇ: «موتىف بىلەن تىپ ئىككىسى ئىككى ئۇقۇم. موتىف دېگىنىمىز، چۆچەكلەردىكى ئەڭ كىچىك سۇژېت ئېلېمېنتى. ئۇ بىر ئوبراز بولۇشىمۇ، بىر سۇژېت بولۇشىمۇ ياكى ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن. تىپ دېگىنىمىز، بىر مۇكەممەل چۆچەكتۇر. تىپ بىر نەچچە موتىفنىڭ مەلۇم تەرتىپ بويىچە بىرىكىشىدۇر. ئۇ ‹موتىفلار بىرىكمىسى› ياكى ‹موتىفلار زەنجىرى› دىن ئىبارەت »[2].

ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىدىن قارىغاندا باشقا چۆچەكلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان بىر چۆچەك پۈتكۈل چۆچەك دۇنياسىدا ئۇ ئايرىم موتىفلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ موتىفلىرى باشقا چۆچەكلەرگە ئورتاق بولسا ۋە شۇ موتىف ئاساسىدا داۋاملىق باشقا ۋەقەلىكلەرنى ئۆزىگە قوشىۋالسا، ئۇ ھالدا ئۇ بىر قاتار چۆچەكلەرگە ئورتاق بولغان موتىفلار توپى ياكى موتىفلار زەنجىرىنى شەكىللەندۇرەلەيدۇ.

يۇقىرىقى تەپەككۇر يولى بىلەن ماڭغاندا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ موتىف تەتقىقاتىدا مۇنداق ئىككى مەسىلە ھەل بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدىكى بارلىق داستانلار ئۆزىگە خاس موتىفقا ئىگە. چۈنكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدە خەلقئارالىق سۇژېتلارغا يانداش سۇژېتلاردىن باشقا يەنە، يەرلىك سۇژېتلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. خەلقئارالىق سۇژېتلارنىڭ موتىفلار زەنجىرىنى ھاسىل قىلىشى تەبىئىي. يەرلىك سۇژېتلارمۇ ئوخشىمىغان داستانلاردا تەكرار قوللىنىلىش ئارقىلىق ئوخشاشلا موتىفلار توپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر«ھەتتا لەتىپىلەرمۇ بىر خىل موتىف بولالايدۇ» دەپ قارىساق تارىخىي داستانلارمۇ، قىسقا ھەجىملىك ھەجۋى داستانلارمۇ موتىف بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ.

ئىككىنچى، موتىف زەنجىرىنى بىر قەدەر تولۇق ھاسىل قىلالايدىغان داستانلار تۈركۈمى «ئىشقى مۇھەببەت داستانلىرى» دۇر. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب: ئىشقى مۇھەببەت داستانلىرىدا ئىشقى مۇھەببەت خۇددى بىر قىزىل يىپتەك پۈتكۈل داستان ۋەقەلىكىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق سۇژېت مۇشۇ لىنىيەنى بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سېھرىي ئامىللارنىڭ داستانلارغا سىڭىپ كىرىشى بۇ ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ روشەنلەشتۇرگەن. باشقا تۈردىكى داستانلار ( تارىخىي داستان، ھەجۋى داستان) يەككە ۋەقەلىك تۈرىنى تەشكىل قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى موتىفلار توپىنى تەشكىل قىلىدۇ دېيىش قىيىن. شۇڭا ئىشقى مۇھەببەت داستانلىرى موتىف تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان تېمىدۇر.

مۇھەببەت داستانلىرى ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن كەڭ تارقىلىپ زامان، ماكان چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان. ئۇ تالاي ئەسىرلەر مابەينىدە، ئىجاد قىلىنىش، تارقىلىش، ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇپ، گاھ چۆچەكلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، گاھ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بەزىدە سۇژېتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان داستانلار بىرقانچە داستانغا پارچىلىنىپ كەتكەن بولسا، بەزىدە مەزمۇن يېقىنلىقى بولغان بىر قانچە داستان بىر داستانغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ۋەقەلىكنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى موتىفلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

تۆۋەندە مەن ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان مۇھەببەت داستانلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ موتىفلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**(1) پادىشاھنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرمۇ پەرزەنت كۆرمەسلىكى**

بىر ئەلدە ئىنتايىن باي، ئادىل، شانۇ-شەۋكەتلىك پادىشاھ بولغانىكەن، ئەمما ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرمۇ پەرزەنت كۆرەلمەپتۇ. كېچە-كۈندۈز مەن ئۆلسەم مېنىڭ تەختىمگە ۋارىسىم كىم بولىدۇ دەپ غەم قىلىدىكەن. بۇ غۇسسىنى ۋەزىرلەرگە بايان قىلغاندىن كېيىن ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىدىكەن.

بۇ موتىف مۇھەببەت داستانلىرىدا ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان داستانلار مۇشۇ موتىف ئاساسىدا باشلىنىدۇ. بۇنداق داستانلاردىن «شىرزات ۋە گۈلشات»، «سەنۇبەر»، «بوز يىگىت»،

www.uyghurkitap.com



«بۇلبۇلگويا» ، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»، «ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە»، «مەلىكە مېھرىلىقا»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «شاھزادە قاسىم ۋە گۈلچېھرە»، «شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتابى تاجىزە»، «قۇلۇپ بىلەن دىلئارا» قاتارلىقلار بار.

**(2) پادىشاھنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن پال ئاچقۇزۇشى**

پادىشاھ ئۆزىنىڭ كىمدىن پەرزەنت يۈزى كۆرىدىغانلىقىنى، قانداق پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن دانىشمەن، مۇنەججىم، پالچىلارنى چاقىرىدۇ. ئۇلار پادىشاھقا قاچان، كىمدىن، قانداق پەرزەنتلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بەزىدە پادىشاھنىڭ پەرزەنتىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر تالاپەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قايتىدىن قايغۇغا پاتىدۇ. بەزى داستانلاردا پادىشاھ پەرزەنتلىرى ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى چۈشى ئارقىلىق بىلىدۇ. بەزى داستانلاردا پادىشاھنىڭ دانا ۋەزىرى پادىشاھقا پەرزەنتىنىڭ قانداق تەقدىرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلار «سەنۇبەر»، «بۇلبۇلگويا»، «شىرزات ۋە گۈلشات»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»، «شاھزادە پەررۇخ»، «مەلىكە مېھرىلىقا»، «شاھزادە قاسىم ۋە گۈلچېھرە» قاتارلىقلار.

**(3) پادىشاھنىڭ پەرزەنتىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىشى**

پادىشاھ شىكارغا چىقىش نىيىتىگە كېلىپ، بارلىق شەھەر خەلقىگە شىكارغا چىقىشنى جاكارلايدۇ. سەپەردە ئېغىر كېسەل تېگىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلار «شىرزات ۋە گۈلشات»، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىقلار.

**(4) شاھزادىنىڭ ھايات قېلىشى**

كىچىك خانىش تۇغقاندىن كېيىن، چوڭ خانىش ياكى ۋەزىر پادىشاھنىڭ پۇشتىنى يوقىتىش ئۈچۈن كىچىك خانىشنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. بەزى داستانلاردا خانىش ياكى مەلىكە ئۆلتۈرۈلىدۇ. خانىشنى ئۆلتۈرگەن لەشكەرنىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەيدۇ. شاھزادە شۇ جايدا چوڭ بولىدۇ. ئۇنى ئات، ئېيىق، ياكى كېيىك دېگەندەك ھايۋانلار بېقىپ چوڭ قىلىدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلار «شىرزات ۋە گۈلشات»، «گۆر ئوغلى»، «چىن تۆمۈر باتۇر» قاتارلىقلار.

**(5) رەقىبلەرنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش موتىفى**

ئىككى پادىشاھ بىرى بىرىگە رەقىپ بولۇپ، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىككى پەرزەنت بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. يىگىت كېيىن ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆچ ئالماقچى بولىدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستان «شىرزات ۋە گۈلشات».

**(6) غايىبتىن پادىشاھ بولۇپ قېلىش**

بۇ خىل موتىف مۇنداق بىر قانچە خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ:

①باش قەھرىمان مەلىكىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، سەرسان بولۇپ كېتىدۇ. بېشىغا كۆلا ـ جەندىلەرنى كىيىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ مەلۇم شەھەرگە كىرگەندە كىشىلەرنىڭ بىر ئورۇنغا توپلىنىشىۋېلىپ «گاھ! گاھ!» دېگىنىنى ئاڭلايدۇ. ئەسلىي بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قائىدىسىدە پادىشاھ ئۆلۈپ كەتسە، ھۇما قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشاھ بولىدىغان ئادەت بولغاچقا ھەممە كىشى قۇشنىڭ ئۆز بېشىغا قونۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئەمما قۇش دەل سەرسان بولۇپ كېلىپ قالغان شاھزادىنىڭ بېشىغا قونىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشىق بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ قالىدۇ. بۇ موتىفتىكى «ھۇما قۇش» بەزى داستانلاردا ئىت دەپ ئۇچرايدۇ. بەزى داستانلاردا پادىشاھ بولىدىغىنى شاھزادە بولماستىن، بەلكى ئەرەنچە ياسىنىۋالغان مەلىكە بولىدۇ.

② مەلىكە شاھزادىنى ئىزدەپ شەھەرمۇ شەھەر

سەرسان بولىدۇ. بىر شەھەرگە كىرىشىگە كىشىلەر ئۇنى «مۇبارەك بولسۇن!»دېيىشىدۇ. ئەسلىي بۇ شەھەردە بىر جاھاننامە ئەينىكى بولۇپ، پادىشاھ ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ يۈزى تۇتۇلۇپ كېتىدىكەن. ئۆلگەن پادىشاھنىڭ ئورنىدا كىم لايىق بولسا، ئەينەكنىڭ يۈزىدە شۇ ئەكس ئېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە بۇ شەھەردە پادىشاھ بولۇپ قالىدۇ. شەھەرگە ئۆزىنىڭ رەسىمىنى چاپلاپ، شاھزادىنى تاپىدۇ. مۇراد-مەقسەتلىرى ھاسىل بولىدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شىرزات ۋە گۈلشات»، «شاھزادە پەررۇخ» قاتارلىقلار بار.

**(7) شاھزادىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى**

شاھزادە تۇغۇلۇشىدىلا چىرايلىق، خان سۈپەت دۇنياغا كېلىدۇ. پادىشاھ ئۇنى كەلگۈسىدە ياخشى ۋارىس قىلىش ئۈچۈن ئەلەمدە ۋە قەلەمدە كامالەتكە يەتكۈدەك ئىلىم ئۆگىتىدۇ. ئوردا ئۇستازلىرىدىن ھەرخىل بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. شۇ جايدا ئۇ باشقا دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شاھزادە ئىلىم تەھسىل قىلىپ مەلۇم ياشقا يەتكەندە پادىشاھ ئۇنى چاقىرىپ: «ئوغلۇم ئەمدى سېنىڭ پالانى ئىلىمنى ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، شۇ ئىلىمنى ئۆگەنسەڭ بۇ شەھەرگە پادىشاھ بولىسەن!»دەيدۇ.

بۇ موتىف شاھزادىلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شاھزادىنىڭ بالىغ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق داستانلاردىن«شىرزات ۋە گۈلشات»، «سەنۇبەر»، «بوز يىگىت»، «بۇلبۇلگويا» ، «ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە»، «مەلىكە مېھرىلىقا»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «شاھزادە قاسىم ۋە گۈلچېھرە» قاتارلىقلار بار

**(8) شاھزادىنىڭ چۈشىدە مەلىكىگە ئاشىق بولۇشى**

شاھزادە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا باغلاردا سەيلى -ساياھەت قىلىۋېتىپ ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ ھەم قىزىق بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن نەزمە ئۇقۇشۇپ، سۆھبەتتە بولىدۇ. شاھزادە ئويغانسا بۇ چۈشى بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئەشۇ مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بوز يىگىت»، «شاھزادە پەررۇخ»، «مەلىكە زەرنىگار» قاتارلىقلار بار.

**(9) شاھزادىنىڭ مەلىكىنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىشى**

شاھزادە مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەس -ھوشىنى يوقىتىپ بىتاب بولۇپ قالىدۇ. دوست- يارەنلىرى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى شاھقا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، شاھ ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلىگەندە ئۇ ھېچنەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار ياكى مۇنەججىملەرنىڭ ياردەم بېرىشى (بەزى داستانلاردا شاھزادىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى) بىلەن شاھزادىنىڭ بىر مەلىكىگە ئاشىق بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئاتا- ئانىسى ئامالسىز شاھزادىنى يىراق سەپەرگە يولغا سالىدۇ. شاھزادە نۇرغۇن ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «سەنۇبەر»، «بوز يىگىت»، «شاھزادە پەررۇخ»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال» قاتارلىقلار بار.

**(10) شاھزادىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىشى**

شاھزادە مەلىكىنى ئىزدەپ يىراق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. سەپەر جەريانىدا چوڭ دەرياغا دۇچ كېلىدۇ. ئاتلىرىنى يايلاققا قويۇۋېتىپ، كېمىگە چىقىپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولىدۇ، ئەمما دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ، كېمە دەريادا پاچاقلىنىپ كېتىدۇ. شاھزادە پاچاقلانغان كېمىنىڭ بىر پارچىسىغا ئېسىلىۋېلىپ ھايات قالىدۇ. ئامان قالغانلار كەينىگە قايتىپ، پادىشاھقا شاھزادىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. پادىشاھ ۋە خانىشلار قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. بەزى داستانلاردا شاھزادىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاۋۋال خانىش كېيىن پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئوچرايدىغان داستانلاردىن «سەنۇبەر»، «شاھزادە پەررۇخ»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»، «شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتابى تاجىزە» قاتارلىقلار بار.

**(11) شاھزادىنىڭ تىلسىملىق باغقا بېرىشى**

شاھزادە مەلىكىنى ئىزدەش سەپىرىدە باياۋان چۆللەردە كېتىۋېتىپ، ئاجايىباتلار بىلەن تولغان تىلسىملىق باغقا بېرىپ قالىدۇ. باغدىكى مېۋىلەرنى يېيىش ئۈچۈن قول ئۇزاتسا يېيەلمەيدۇ. سۇلارنى ئىچەلمەيدۇ. ئۇقۇشماستىن مەلۇم بىر مېۋىنى يەپ قويۇپ، كېيىك ياكى باشقا بىر جانلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ باغقا بەند بولۇپ قېلىپ، تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «سەنۇبەر»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال» قاتارلىقلار بار.

**(12) خىزىر ئەلەيھىسسالام ياكى دانىشمەنلەرنىڭ شاھزادىگە ياردەم بېرىشى**

شاھزادە مەلىكىنى ياكى گۆھەرنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ سىياقىدا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا بۇ يولدىن ۋاز كېچىش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. ئەمما شاھزادە بەل قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، مەنزىلگە قانداق يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، ئۇ ئىزلەپ يۈرگەن گۆھەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، مەلىكىنىڭ قايسى دىۋىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بەزى داستانلاردا خىزىر ئەلەيھىسسالام شاھزادە قىيىن شەرتلەرنى ئورۇندىيالمىغاندا، قېرى پاپىنىڭ سىياقىدا كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. مەلىكىنى ئۆزىگە تېگىشكە زورلايدۇ. مەلىكە ئۇنىڭ قېرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «باشقا ھەرقانداق شەرتىڭ بولسا ئورۇندايمەن» دېگەندە، «ئۇنداقتا پالانى شاھزادىگە تېگىسەن» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ئامالسىز شاھزادىنى قوبۇل كۆرىدۇ. بەزى داستانلاردا خىزىر ئەلەيھىسسالام شاھزادىنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇپ، ئۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «شاھزادە پەررۇخ» قاتارلىقلار بار.

**(13) جادۇگەر قىزنىڭ شاھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى**

شاھزادە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، باغ-ۋارانلاردىن ئۆتۈپ، چۆل-جەزىرىلەرنى ئاتلاپ ئىنسانىنىڭ ئايىقى تەگمىگەن جايغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ ماكان ئەسلىي دۆ-پەرىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، بۇ جايدا يەنە جادۇگەر قىز ياشايدىكەن. جادۇگەر قىز شاھزادىنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، ھەم ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ، ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شاھزادىنى مۇشۇ باغدا تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەيدۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ باشقا قىزغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى، بىر يۈرەككە ئىككى مەشۇقنىڭ سىغمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن شاھزادىنى قويۇپ بېرىدۇ. بەزى داستانلاردا بۇ جادۇگەر قىز شاھزادىگە قانداق قىلىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ يوللىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «سەنۇبەر»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال» قاتارلىقلار بار.

**(14) پادىشاھنىڭ ئۆزىنى كىمنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىشى**

پادىشاھ پال ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى كىمنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ دائىرىگە كىرىدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. لېكىن بىر بوۋاقنى ئانىسى بىر ئاماللار بىلەن يوشۇرۇپ قويىدۇ. كېيىن بۇ بوۋاق چوڭ بولۇپ، خەلق ـ ئالەمنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «گۆر ئوغلى » بار.

**(15) مەلىكىنىڭ دىۋىلەر ماكانىدا ھايات كەچۈرۈشى**

شاھزادە ئىزدەپ بارىدىغان مەلىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىۋىلەر ماكانىدا ھايات كەچۈرىدۇ. بەزىلەر ھەقىقەتەن مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، دىۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغاچقا ئۇنى بىر شامال بىلەنلا ئۇچۇرۇپ كېلىپ، قەپەسكە سولاپ قويغان. بەزى مەلىكىلەر دىۋىنىڭ قىزى ياكى سىڭلىسى بولۇپ، شاھزادە ئۇ يەرگە بارغان ھامان مەلىكە بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مەلىكىمۇ شاھزادىنى بىر كۆرۈپلا

ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، دىۋىلەر ماكانىدىن شاھزادە بىلەن بىللە قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن«سەنۇبەر»، «مەلىكە زەرنىگار» قاتارلىقلار بار.

**(16) پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزىغا نۇرغۇن شاھزادىلەرنىڭ ئەلچى بولۇپ كېلىشى**

باي-باياشات ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ بىر يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇ تولىمۇ دانا، ساھىبجامال، خۇشخۇي قىز ئىدى. بۇ قىز بالىغ بولغاندا نۇرغۇن شەھەرلەردىن شاھزادىلەر ئەلچى بولۇپ كېلىدۇ. پادىشاھنىڭ بېشى قاتىدۇ. بەزى داستانلاردا مەلىكە مەن بىر ئۆمۈر ئەرگە تەگمەيمەن دېيدۇ. بەزى داستانلاردا: «شاھ ئاتام مەندىن غەم قىلمىسۇن، يىگىتنى ئۆزۈم تاللايمەن» دېيدۇ. پادىشاھقا مۇنار ياساتقۇزۇپ، شۇ مۇناردا ئولتۇرۇپ كەلگەن يىگىتلەرگە شەرت قويىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «شاھزادە بەھرام بىلەن مەلىكە دىلرىز» قاتارلىقلار بار.

**(17) مەلىكىنىڭ شاھزادىلەرگە ياتلىق بولۇش شەرتى قويىشى**

①مەلىكە ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن شاھزادىلەرنى تاللاش ئۈچۈن «كىمىكى مېنى ئالىمەن دېيدىكەن، شاھ ياكى گاداي، قېرى ياكى ياش بولسۇن، مەن تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇيمەن، ئۇل يىگىتمۇ تۆت مىسرا بېيىت ئوقۇپ مەن بىلەن روبىرو تۇرسۇن، شۇنداق قىلالىسا، ئۇنى ئۆزۈمگە قوبۇل كۆرىمەن. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن دېيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئەلچىلەر كېلىدۇ.

② مەلىكە كەلگەن ئەلچىلەرگە «ئىلىمدە، پەھلىۋانلىقتا مەندىن كەم بولسا تەگمەيمەن»دەپ كەلگەن شاھزادىلەرگە شەرت قويىدۇ. نەچچىلىگەن شاھزادە كېلىپ مەلىكە بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، ئەمما مەغلۇپ بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر شاھزادە كېلىپ ئۇنىڭ، شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «شاھزادە بەھرام بىلەن مەلىكە دىلرىز» قاتارلىقلار بار.

**(18) قېرى پاپىنىڭ مەلىكىگە ئەلچى بولۇپ، شەرتنى ئورۇندىشى**

مەلىكە ياتلىق بولۇش شەرتىنى ئېيتقاندىن كېيىن، يىراق سەھرادا ياشاۋاتقان بىر قېرى پاپا قىزغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرىنى ئورۇندايدۇ. بىراق مەلىكە ئۇنى قېرى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە سۈرىتىنى ۋە ئامراق كېپىكىنى سوۋغا قىلىپ، يولغا سېلىپ قويىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە» قاتارلىقلار بار.

**(19) شاھزادە شەرتنى ئورۇندىسىمۇ، مەلىكىنىڭ ئۇنى قوبۇل كۆرمەسلىكى**

شاھزادە مەلىكىنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى ئورۇندايدۇ، لېكىن مەلىكە چۆمبەل ئىچىدىن رۇخسارىنى نامايان قىلىدۇ. شاھزادە ئەس ھوشىنى يوقىتىپ، ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەلىكە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «شاھزادە بەھرام بىلەن مەلىكە دىلرىز» قاتارلىقلار بار.

**(20) ئىنىك ئانىنىڭ مەلىكىگە نەسىھەت قىلىپ، شاھزادىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى**

شاھزادە مەلىكە دېگەن شەرتنى ئورۇندىيالمىغاندىن كېيىن، مەلىكە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئىنىك ئانا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «كۆپ يىگىتلەرنى ئۆلتۈرۈپ قان تۆكتۈڭ، ئەمدى بۇ ساھىبقىران يىگىتنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچ»دېگەندىن كېيىن، مەلىكە ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىككە ماقۇل بولىدۇ. شاھزادە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىفتا دىۋىلەر ماكانىدىكى دەلىلە ياكى مۇنەججىم ئايال بولىدۇ. دىۋىلەر ياكى پەرىلەر غەزەپلىنىپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلار شاھزادىنى قۇتقۇزىۋالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە»، «قۇلۇپ

www.uyghurkitap.com



بىلەن دىلئارا» قاتارلىقلار بار.

**(21) شاھزادىنىڭ مەلىكىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇشى**

①پادىشاھ ئوغلىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، شاھلىق تەختىگە ئولتۇرسا بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، بىر ساندۇق بېرىدۇ. ساندۇقتا شاھانە تون بولۇپ، شاھزادە بۇ توننى كۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا كەشتىلەنگەن رەسىمنى كۆرىدۇ ـ دە، مەلىكىگە ئاشىق بولىدۇ.

② مەلىكە ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن قىرى پاپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرمەستىن، ئۇنىڭغا رەسىمنى بېرىدۇ. قىرى پاپا شۇ رەسىمنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندە شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «سەنۇبەر»، «بوز يىگىت»، «شاھزادە بەھرام بىلەن مەلىكە دىلرىز» قاتارلىقلار بار.

**(22) شاھزادىنىڭ مايمۇنلار شەھرىگە بەنت بولۇپ قېلىشى**

شاھزادە سەپەردە مايمۇنلار شەھىرىگە كېلىپ قالىدۇ، مايمۇنلار شاھزادىنى تۇتۇۋالىدۇ، مايمۇنلارنىڭ ئادەملەرنى پادىشاھ قىلىدىغان ئادىتى بولغاچقا، شاھزادىنى پادىشاھ بولۇشقا قىستايدۇ، شاھزادە قېچىشقا ئۇرۇنسىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ، كېيىن بىر ئامالىنى قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. بەزى داستانلاردا مايمۇنلار شەھرى دېيىلمەستىن، بەلكى ئىت باشلىق ئادەملەر دېيىلىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە گۈلرۇز»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال» قاتارلىقلار بار.

**(23) شاھزادىنىڭ رودۇپايىلارغا ئۇچراپ قېلىشى**

شاھزادە مەلىكىنى ئىزدەش جەريانىدا بىر سەھراغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ھەممە ئادەم قىيا ـ چىيا قىلىشىپ يۈرۈيدۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ «بىزمۇ ساڭا ئوخشاش ئاشىق، بولمىسا بۇ ئادەم ئايىقى تەگمىگەن جايدا نېمىش قىلىمىز» دېگىنىگە ئالدىنىپ ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغان ئىشىنى قىلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن بۇلار رودۇپايىلار بولۇپ، شاھزادىگە چاپلىشىۋالىدۇ. بەزى داستانلاردا شاھزادە ئۇلارنىڭ بېشىنى يانچىپ، جېنىنى ئالىدۇ. بەزى داستانلاردا شاھزادە خىزىرنىڭ ياردىمى بويىچە ئىش كۆرۈپ رودۇپايىلاردىن قۇتۇلىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «سەنۇبەر»، «شاھزادە پەررۇخ»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال» قاتارلىقلار بار.

**(24) مەلىكىنىڭ چۈشىدە شاھزادىگە ئاشىق بولۇشى**

مەلىكە ئىنىك ئانىسى بىلەن باغلارنى ساياھەت قىلىپ، ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. تۈن نىسبىگىچە سۆزلىشىپ، ئۇيقۇغا كېتىپ قالىدۇ. چۈشىدە بۇلاق بويىغا بارىدۇ. بۇلاق بويىدا شاھزادىنى ئۇچرىتىدۇ ۋە شاھزادىگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شاھزادە پەررۇخ»، «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قاتارلىقلار بار.

**(25) باشقا بىر شاھزادىنىڭ مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قېلىشى**

بۇ خىل موتىف ھەجمى ئۇزۇنراق بولغان داستانلاردا ئۇچرايدۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە بىر ـ بىرىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، خۇپيانە مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا، پادىشاھ باشقا بىر مەملىكەتنىڭ شاھزادىسىگە مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا قوشۇلىدۇ ياكى باشقا بىر ئەلنىڭ پادىشاھى مەلىكىنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. مەلىكە قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئۈچ خىل ۋەقەلىك مەيدانغا چىقىدۇ: بىرى، كېيىنكى شاھزادە بۇ پادىشاھلىققا ھۇجۇم قىلىدۇ. يەنە بىرى، ئىككى شاھزادە بىر ـ بىرسى بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ. جەڭ ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ. كېيىنكى شاھزادە ئەسلىيدىكى ئاشىق شاھزادىنى يېڭىۋېلىپ قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، پادىشاھ مەلىكىنىڭ « ئەي پادىشاھ! شەرىئەتتە بىر خوتۇنغا ئىككى ئەر راۋامۇ؟ ئەگەر ماڭا يېقىن كېلمەن دېسەڭ، ھازىرلا قېنىمنى تۆكىمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ مەلىكىگە قايىل بولىدۇ. مەلىكىنىڭ ئۆز يارىنى ئىزدىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بوز

يىگىت»، «پەرھاد ــ شېرىن»، «شاھزادە پەررۇخ» ، «شىرزات ۋە گۇلشات»، «شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتابى تاجىزە» قاتارلىقلار بار.

**(26) جادۇگەر ياكى مۇنەججىملەرنىڭ شاھزادىگە قەست قىلىشى**

①پادىشاھ مەلىكىگە شاھزادە بىلەن ئايرىلىپ كېتىش شەرتىنى قويىدۇ. مەلىكە رازىلىق بەرمەيدۇ. شاھزادىنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن قېرى جادۇگەر، مۇنەججىم، قېرى قورۇتقى دېگەندەك يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە شاھزادىنى يوقىتىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەتىجىدە شاھزادە پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بەزىدە جادۇ ئىشلىتىپ شاھزادىنى ھەرخىل نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

②جادۇگەر موماي شاھزادىگە مەلىكىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ ئالىقاچان ئۇنى ئۇنتۇپ، باشقا كىشىگە ياتلىق بولغانلىقىنى يەتكۈزىدۇ. شاھزادە شۇ ئازابتا ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «تاھىر ــ زۆھرە»، «قىزىل گۈل»، «گۈلشاھ ـ ۋەرەقە»، «مەلىكە زەرنىگار» قاتارلىقلار بار.

**(27) مەلىكىنىڭ شاھزادىنىڭ قەبرىسىدە جان بېرىشى**

شاھزادە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەندىن كېيىن مەلىكە خەۋەر تاپىدۇ. زار-زار يىغلاپ، ئاتىسىغا غەزەپ ـ نەپرەت ياغدۇرىدۇ. قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قايغۇ ــ ئەلەمگە چۆكىدۇ. ئىشلەمچىلەرنى ئېلىپ كېلىپ گۈمبەزلىك قەبرە ياسىتىدۇ. بارلىق مال-دۇنيالىرىنى غېرىپ-مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىدۇ. ئاخىرىدا شاھزادىدىن قالغان تەۋەررۈك قىلىچ بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. بەزى داستانلاردا بۇخىل موتىف قىسقارتىلغان بولۇپ، قىز ئاشىقىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، جان تەسەددۇق قىلىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بوز يىگىت»، «پەرھاد ــ شېرىن» قاتارلىقلار بار.

**(28) خاسىيەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كېلىش**

باش قەھرىمان چۈشىدە مەلۇم خاسىيەتلىك نەرسىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەر «بۇلبۇلگويا»، «قىزىل گۈل» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. خاسىيەتلىك نەرسىلەر دىۋە ۋە پەرىزاتلار ماكانىدا بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پادىشاھ ياكى شاھزادىلەر بارىدۇ. باش قەھرىمان ئۇلارنى ئېلىپ كېلىش جەريانىدا قاتتىق سىنىلىدۇ. خاسىيەتلىك نەرسە قولغا چۈشۈپ پادىشاھ مۇراد مەقسىتىگە يېتىدۇ.

بەزى داستانلاردا پادىشاھ چۈشىدە بىر گۈزەل مەلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شاھزادىلەر مەلىكىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەلىكىگە ئېرىشىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بۇلبۇلگويا»، «قىزىل گۈل»، «مەلىكە زەرنىگار» قاتارلىقلار بار.

**(29) كىچىك شاھزادىنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشى**

شاھزادىلەر پادىشاھنىڭ مەلۇم تەلپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شاھزادە پادىشاھنىڭ تەلپىنى ئورۇندىيالمايدۇ. ياكى بىر چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەيدۇ. كەنجى شاھزادە ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پادىشاھ ۋە خانىش ناھايىتى تەسلىكتە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى شاھزادە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ھە دېگەندىلا خەتەرگە يولۇقىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەقسىتىگە يېتىدۇ. بەزى داستانلاردا ئۈچ شاھزادە سەپەرگە بىللە چىقىدۇ. چوڭ شاھزادىلەر، قولايلىق ئىشلارنى ئۆزىگە تاللىۋېلىپ، قىيىن ئىشلارنى كەنجى شاھزادىگە تاشلاپ قويىدۇ. بەزى داستانلاردا كىچىك شاھزادە قۇدۇققا تاشلىۋېتىلىدۇ. ئۇ قۇدۇقتىن يول تېپىپ خەتەردىن قۇتۇلىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «خاسىيەتلىك دەرەخ»، «بۇلبۇلگويا»، «يۇسۇپ ــ زۇلەيخا» قاتارلىقلار بار.

**(30) ئۈچ ئاچا يول**

ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىلەر سەپەر جەريانىدا ئۈچ ئاچا يولغا دۇچ كېلىدۇ. يولنىڭ دوقمۇشىدا بىر تاش قويۇلغان بولۇپ، ئوڭ قولدىكى يولغا ماڭسا قايتىپ كېلەر، ئوتتۇرىدىكى يولغا ماڭسا يا كېلەر يا كەلمەس،

www.uyghurkitap.com



سۇل قولدىكى يولغا ماڭسا ئەسلا يېنىپ كەلمەس دېگەن خەتلەر يېزىلغان بولىدۇ. چوڭ شاھزادە ئوڭ قولدىكى يولغا، ئوتتۇرانچى شاھزادە ئوتتۇردىكى يولغا، كىچىك شاھزادە بارسا كەلمەس يولغا ماڭىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بۇلبۇلگويا»، «خاسىيەتلىك دەرەخ»قاتارلىقلار بار.

**(31) سۇمرۇغ بالىسىنى قۇتقۇزۇپ، سۇمرۇغنىڭ ياردىمگە ئېرىشىش**

شاھزادە مەلىكىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ بىر چىنارنىڭ يېنىدا دەم ئالىدۇ. بۇ چىنارنىڭ ئۈستىدە سۇمرۇغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، ئەجدىھا ئۇۋىدىكى سۇمرۇغ چۈجىلىرىنى يېمەكچى بولىدۇ، شاھزادە ئەجدىھانى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، سۇمرۇغ كېلىپ، شاھزادىنى يېمەكچى بولغاندا چۈجىلەر ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، سۇمرۇغ شاھزادىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا قانداق ياردەم كېرەكلىكىنى سورىغاندا، شاھزادە ئۆزىنىڭ كوھىقاپقا بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سومرۇغ شاھزادىنى مىندۇرۇپ كوھىقاپقا ئاپىرىپ قويىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «مەلىكە زەرنىگار»، «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»، «خاسىيەتلىك دەرەخ» قاتارلىقلار بار.

**(32) پەرىلەرنى سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان جايدىن تېپىۋېلىش**

شاھزادە مەلىكىنىڭ دىۋىلەر ماكانىدىكى پەرى ئىكەنلىكىنى ئۇققان بولسىمۇ، ئەمما دىۋىلەر ماكانىغا كىرىش يولىنى تاپالمايدۇ. بوستانلىقتا كېتىۋېتىپ، بىر كۆلنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. شۇ ئەسنادا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاۋازلار پەيدا بولىدۇ. شاھزادە گۈللەر ئارىسىغا مۆكۈنىۋالىدۇ، بىر مۇنچە كەپتەر، شاتۇت، غازلار كېلىپ سۇغا چۆمۈلىدۇ. كەپتەرلەر سۇدىن چىققاندىن كېيىن پەرىزاتقا ئايلىنىدۇ. دەل شۇ پەرىزاتلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى شاھزادە چۈشىدە كۆرگەن قىزدۇر. شاھزادە ئۇ قىزنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە سىزىلىپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بۇلبۇلگويا» ناملىق داستان بار.

**(33) شاھزادىنى باشقا پەرىنىڭ (مەلىكىنىڭ) ياخشى كۆرۈپ قېلىشى**

شاھزادە دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، سۆيگەن پەرىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ. باشقا پەرىلەرمۇ شاھزادىنىڭ قاملاشقان قەددى ـ قامىتىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شاھزادىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى سورايدۇ، پەرى قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەلپى رەت قىلىنغان پەرى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، شاھزادىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ، لېكىن سېزىلىپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتىن قورقۇپ، شاھزادىنى ئەسلىدىكى پەرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بۇلبۇلگويا»، «بوز كۆرپەش ئايىم ۋە قارا ساچ ئايىم» قاتارلىقلار بار.

**(34) كىچىك شاھزادىنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، گۆھەرلەرنى ئېلىپ قېچىش**

كەنجى شاھزادە مەلىكە، گۆھەر، ئات قاتارلىقلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، چوڭ شاھزادىلەر بارلىق شان ـ شەرەپكە كىچىك شاھزادىنىڭ ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچى تارلىق قىلىدۇ، ئىنىسىنى ئالداپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، گۆھەرلەرنى ئېلىپ پادىشاھلىققا قايتىدۇ (بەزى داستانلاردا كىچىك شاھزادىنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ كېتىدۇ)، دادىسى سورىسا كىچىك شاھزادە ئۆلۈپ كەتتى دەپ مەلۇم قىلىدۇ. كىچىك شاھزادە ھەرخىل يوللار بىلەن ھايات قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «بۇلبۇلگويا»، «يۇسۇپ-زۇلەيخا»، «مەلىكە زەرنىگار» قاتارلىقلار بار.

**(35) كەنجى شاھزادىنىڭ ئاكىلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشى ۋە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى**

كەنجى شاھزادە ئاكىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. قۇتۇلۇپ چىقىپ پادىشاھلىققا قايتقاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ ئاكىلىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. كەنجى شاھزادە پادىشاھتىن ئاكىلىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھايات قالىدۇ. كەنجى شاھزادە مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشاتلىقتا ئۆتىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن

«بۇلبۇلگويا»، «خاسىيەتلىك دەرەخ» قاتارلىقلار بار.

**(36) ھايۋاناتلارنىڭ ياردىمىدە خەتەردىن قۇتۇلۇش**

شاھزادە بىلەن مەلىكە دىۋە ياكى باشقا زالىم كۈچلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن رەقىبلىرى قوغلاپ كېلىدۇ، شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر توپ يىلقا ياكى باشقا ھايۋانلار ئۇچرايدۇ. مەلىكە ئۇ ھايۋانلارغا ئىلتىجا قىلىپ، «ئەي تەڭرىنىڭ جانىۋارلىرى ، بوۋگۇن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بىزنى دەرماندە قىلمىغىل» دەپ نالە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھايۋانلار ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىپ بولىدۇ.

بەزى داستانلاردا خاسىيەتلىك ھايۋانلار دىۋىلەرنىڭ ماكانىدا بولۇپ، مەلىكە بىلەن شاھزادە ئۇلارنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ ۋە دىۋىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بەزى داستانلاردا تۇلپارلارنى شاھزادىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان پەرىزاتلار ھەدىيە قىلىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شاھزادە پەررۇخ»، «بوز كۆرپەش ۋە قارا ساچ ئايىم» قاتارلىقلار بار.

**(37) ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسالغا يەتكەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشى**

پادىشاھ مەلىكىنى باشقا بىر پادىشاھقا ياتلىق قىلماقچى بولغانلىقتىن ئاشىق - مەشۇقلار قاچىدۇ. ئۇلار مەلۇم جايغا كەلگەندە ئايرىلىپ كېتىپ، شاھزادە بىلەن مەلىكە ئايرىم -ئايرىم ئىككى شەھەرگە بېرىپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شاھزادە پەررۇخ» ناملىق داستان بار.

**(38) كەشتە ئارقىلىق شاھزادىنى ئىزدەش**

مەلىكە يۇقتىپ قويغان شاھزادىسى بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى پاناھىغا ئېلىۋالغان مومايغا كەشتە توقۇپ بېرىدۇ، كەشتىگە شاھزادە تونۇيالايدىغان گۈل نۇسخىسىنى چېكىدۇ. كەشتىنى بازاردا ساتىدۇ، كەشتىنى سېتىۋالغۇچى كەشتە توقۇغۇچىغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. كەشتە سېتىۋالغۇچى ۋە ئۇنىڭ دەللە ئانىسى مەلىكىنى ئالداپ، ئۆز ئۆيىگە بەنت قىلىۋېلىپ، مەلىكىنى ئۆز ئوغلىغا تېگىشكە زورلايدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شاھزادە پەررۇخ» قاتارلىقلار بار.

**(39) مەلىكىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئىزدىشى**

شاھزادە بىلەن مەلىكە ۋىسال تېپىشقاندىن كېيىن، مەلىكە شاھزادىگە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار قىزنىڭ مەملىكىتىگە بارىدۇ. بەزى داستانلاردا قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى ھايات بولۇپ، ئۇلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. بەزى داستانلاردا مەلىكىنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىن ئايرىلىپ كېتىشىدىكى سەۋەب باشقا بىر شاھنىڭ ئۇ مەملىكەتنى بېسىۋالغانلىقىدىن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە بىلەن شاھزادە نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ، تەختنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاجاۋۇزچى پادىشاھنى ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ خىل موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شاھزادە پەررۇخ»، «قىزىل گۈل» ناملىق داستان بار.

**(40) قەھرىماننىڭ غەيرىي تۇغۇلۇشى**

ئەسەرنىڭ قەھرىمانى تۇغۇلۇپلا باشقا ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ. رۇخسارى ئىنتايىن گۈزەل بولىدۇ، كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن ئىقتىدارلارنى ھازىرلايدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «يۇسۇپ-زىلەيخا»، «مۇختەر ۋە دەللە» ناملىق داستانلار بار.

**(41) ھېكايە ئېيتىش ئارقىلىق باش قەھرىماننى خۇن تۆكۈشتىن ساقلاپ قېلىش**

مەلىكىنىڭ ئاتا -ئانىسى شاھزادىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختىگە ئولتۇرۇۋالىدۇ. شاھزادە تەختتە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىدۇ. مەلىكە شاھزادىگە خۇن تۆكمەي، ھېكايە ئاڭلاش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. شاھزادە ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھېكايە ئاڭلاشقا كىرىشىدۇ، بىر ھېكايە تۈگىسە، يەنە بىر ھېكايە باشلىنىدۇ، شاھزادە مەلىكىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «شىرزات ۋە گۈلشات» قاتارلىقلار بار.

**(42) شاھزادىنىڭ كېيىكنى قوغلاپ مەلىكىنىڭ**

www.uyghurkitap.com



**خەۋىرىگە ئېرىششى**

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە شىكارغا چىقىدۇ. ئۇلار ھەر تەرەپكە كۆز سېلىپ، بىر جەزىرىگە بېرىپ، يېيىلىپ يۈرگەن كېيىك تويىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كېيىك ئالاھىدە بولۇپ، شاھزادە شۇ كېيىكنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ، ئەمما كېيىك دەل شاھزادىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ قېچىپ كېتىدۇ. شاھزادە كېيىكنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن كېيىكنى ئىزدەپ، بىر ھەشەمەتلىك باغقا بېرىپ قالىدۇ. شاھزادە باغدىكى بوۋايدىن كېيىكنىڭ سىرىنى سورايدۇ، بوۋاي بۇ كېيىكنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ھەم كېيىكنىڭ ئەسلىي ئىگىسى بولغان مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ.

بۇ موتىف«ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە» ناملىق داستاندا بار.

**(43) شاھزادىنىڭ ئايالچە ياسىنىپ مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشى**

شاھزادە بىلەن مەلىكە كۆرۈشۈپ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بېرىشىدۇ. لېكىن مەلىكە نازارەت ئاستىدا بولغاچقا، شاھزادە داۋاملىق كۆرۈشەلمەيدۇ. مەلىكە ئۇنى قەتئىي قوبۇل كۆرمەيدۇ. ئەنە شۇنداق شارائىتتا شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئايالچە ياسىنىپ مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدۇ. شاھزادىنى ئايالچە ياساپ قويغان موماي: «پالانى ۋاقىتقىچە كېلىپ بول، بولمىسا بالا ـ قازاغا يولۇقىسەن»دەيدۇ، شاھزادە بالا ـ قازاغا يولۇقىدۇ.

بۇ موتىف «ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە» ناملىق داستاندا بار.

**(44) مەلىكىنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ ئەرگە تەگمەسلىككە قەسەم قىلىشى**

مەلىكە ئىككى كېيىك ھەققىدە چۈش كۆرىدۇ: چىشى كېيىك بىلەن ئەركەك كېيىك ئوتلاۋاتقاندا ئەركەك كېيىك ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. چىشى كېيىك ئۇنى قۇتقۇزىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا چىشى كېيىك تۇزاققا چۈشۈپ قالغاندا ئەركەك كېيىك ئۇنى قۇتقۇزمايدۇ. مەلىكە مۇشۇ چۈشكە تەبىر بېرىپ ھەرگىزمۇ ياتلىق بولماسلىق ھەققىدە قەسەم ئىچىپ ھەرقانداق ئادەم كەلسىمۇ توي قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.

بۇ موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «ھەيدەر بىلەن زۇبەيدە»، «قۇلۇپ بىلەن دىلئارا» قاتارلىقلار بار.

**(45) قىيىن شەرت قويۇپ، كۈيئوغۇلنى سىناش**

پادىشاھ ئۆزىگە كۈيئوغۇل تاللاشتا، بەزىدە مەلىكە ئۆزىگە ئەر تاللاشتا قىيىن بولغان ئۈچ خىل شەرتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شاھزادە بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ.

بۇ موتىف«تاھىر ـ زۆھرە » داستانىدا بار.

**(46) بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغانلارنى نىكاھلاش**

بىر شەھەر پادىشاھى ۋە بىر دىۋىلەر شاھىنىڭ پەرزەنتى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پەرزەنت تىلەيدۇ. دانىش ۋەزىر ۋە مۇنەججىملەر پادىشاھقا «ئەگەر ئۆزلىرى كەلگۈسىدە مەيلى قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشلىرىدىن قەتئىينەزەر دىۋە ـ پەرىلەر بىلەن قۇدىلىششىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكسىلە خۇدا سىلىگە پەرزەنت بېرىدۇ» دەيدۇ، دىۋىلەر ئارىسىدىكى جادۇگەرلەرمۇ دىۋە شاھىغا «ئەگەر ئۆزلىرى كەلگۈسىدە مەيلى قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشلىرىدىن قەتئىينەزەر ئادەمزات بىلەن قۇدىلىششىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكسىلە خۇدا سىلىگە پەرزەنت بېرىدۇ» دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىككى ئورۇندا، كۆرۈشمەستىن شۇ نىيەت بىلەن خالىس دۇئا قىلىدۇ. بىر سائەت، بىر ۋاقىتتا تۇغۇلغان شاھزادە ۋە مەلىكىنىڭ توي قىلىشىنى بېكىتىدۇ.

بۇ موتىف «مەلىكە مېھرىلىقا» داستانىدا ئۇچرايدۇ.

**(47) غەيرىي تۇغۇلۇش**

پەرزەنتى يوق ئەر-ئاياللار بىر ئوغۇل بالىلىق بولىدۇ. بۇ بالىنىڭ نەچچە كۈندىلا تىلى چىقىدۇ، نەچچە ئايدىلا بالىغ بولىدۇ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئاسانلا بىلىم ئىگىلەيدۇ. ئەگەر ئۇ پەرزەنت قىز بولسا ھۆسن جامالدا تەڭداشسىز بولۇپ، ھىيلە ـ مىكرىدە شەيتانغا دەرس بەرگۈدەك قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئانىسىدىن تۇغۇلغان چاغدىلا ھەممە چىشلىرى تولۇق بولىدۇ. ھەممە گەپلەرنى سۆزلىيەلەيدۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەپتى ۋە قىلىقىدىن

شەيتانمۇ ھەيران قالىدۇ.

بۇنداق موتىف ئۇچرايدىغان داستانلاردىن «دەللە ۋە مۇختار»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىقلار بار.

**(49) سېھىرلەنگەن سەت مەخلۇقنى ياخشى كۆرۈپ، سېھىرنى يېشىش**

مەلىكە دىۋىلەر ماكانىغا كېلىپ ئامالسىزلىقتىن سەت مەخلۇق بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مەلىكە ئۆيىگە بىرىپ كەلمەكچى بولغاندا سەت مەخلۇق ئۇنىڭغا «كەچ كىرگىچە كېلىپ بولۇڭ» دېيدۇ، ئەمما قىز ئۇنداق قىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەت مەخلۇق ئۆلۈپ كېتىدۇ. قىز كۆپ پۇشايمان قىلىدۇ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا -ئاستا تىرىلىدۇ ۋە كېلىشكەن شاھزادىگە ئايلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر شاھزادە بولۇپ، دىۋىلەر ئەشۇنداق سەت مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغان. دىۋىلەر ئۇنىڭغا «ناۋادا سېنىڭ مۇشۇ سەت قىياپىتىڭدىن يىرگەنمەي قايسىبىر ساھىبجامال ياكى پەرىزاتلار تەبىقىسىدىن بىرەر گۈزەل مەلىكە ساڭا چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولسا، سەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئاندىن ئەسلىڭگە قايتالايسەن» دېگەن ئىكەن.

بۇ خىل موتىف «قىزىل گۈل» ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(50) باش قەھرىماننىڭ خاسىيەتلىك ئەگۈشتەرىنى ئېلىپ قېچىش**

باش قەھرىماننىڭ بىر خاسىيەتلىك ئەگۈشتەرى بولۇپ، ئۇ ئەگۈشتەر ئۇنىڭ بارلىق خاسىيىتىنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. داستانلاردا بىرەر جادۇگەر موماي ياكى قارا نىيەتلىك ھەمراھلار باش قەھرىماننىڭ خاسىيەتلىك ئەگۈشتەرىنى ئېلىپ قاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باش قەھرىمان ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ خىل موتىف«قىزىل گۈل» ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(51) شاھزادىنىڭ دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇۋالغان شاھنى ئۆلتۈرۈشى**

شاھزادە مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ، چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ ئازابىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. شاھزادە مەلىكىگە ئېرىشىپ، باشقا مەملىكەتكە پادىشاھ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لەشكەر تۈپلاپ، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە ئولتۇرىدۇ.

بۇ موتىف «مەلىكە مېھرىلقا» ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(52) شاھزادىنىڭ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇنار ياساش**

پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تىلىكىگە يېتىدۇ. پادىشاھ مۇنەججىملەرگە پال سالدۇرسا «شاھزادە ئىنتايىن ئەقىللىق، ساھىبقىران چوڭ بولىدۇ، ئەمما مۇنچە ياشقا كىرگەندە پالانى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ شۇ بالا-قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېگىز مۇنار ياسىتىدۇ، شاھزادىنى شۇ ئېگىز مۇنارغا بەنت قىلىپ، شۇم تەقدىردىن قۇتۇلدۇرماقچى بولىدۇ.

بۇ موتىف «سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»، «مەلىكە مېھرىلقا» ناملىق داستاندا بار.

**(53) ھېكايە ئېيتىش ئارقىلىق باش قەھرىماننى قايىل قىلىش**

باش قەھرىمان مەلۇم بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە بىرەر دانىشمەن كىشى ئۇنىڭغا ئىبرەتلىك بىرەر ھېكايىنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ شۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇ موتىف «قۇلۇپ بىلەن دىلئارا»، «شاھزادە رەنايى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتابى تاجزە» قاتارلىق داستانلاردا ئۇچرايدۇ.

**(54) مەلىكىنىڭ دىۋىنىڭ جېنىنى قانداق ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشى**

دىۋە ھەممىشە جېنىنى مەخپىي يەردە ساقلايدۇ. بۇنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. شاھزادە دىۋە بەنت قىلىۋالغان مەلىكە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەلىكە دىۋىنىڭ جېنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنى قانداق ئۆلتۈرسە بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ، بەزىدە دىۋىنى ئازدۇرىدۇ، بەزىدە دىۋىگە كۆڭۈل بەرگەن بولۇپ دىۋىنىڭ سىرىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن باش قەھرىمان دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.

بۇ موتىف«سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال»ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(55) قىلىچنى توغرىسىغا تۇتۇپ، ئەجدىهانى ئۆلتۈرۈش**

شاهزادىلەر تۇيۇقسىز ئەجدىهانىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. چوڭ شاهزادىلەر قېچىپ كېتىدۇ، كىچىك شاهزادە يېنىدىن ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان شەمشىرىنى ئېلىپ ، توغرىسىغا تۇتۇپ، ئەجدىهانىڭ ئاغزى تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ. ئەجدىهانىڭ دەم تارتىشى بىلەن ئۇ ئەجدىهانى ئىككى پارچە قىلىپ، ئىككى يانغا تاشلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شاهزادىلەر خەتەردىن قۇتۇلۇپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭىدۇ.

بۇ موتىف «خاسىيەتلىك دەرەخ»دېگەن داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(56) ئاقكۆكۈل مومايىنىڭ شاهزادىگە ياردەم بېرىپ، ئۇنى مەلىكە بىلەن ئۇچراشتۇرۇشى**

شاهزادىنىڭ مەلىكىنىڭ ئىشقىدا ئىنتايىن بىئارام بولىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاق كۆكۈل موماي شاهزادىگە ۋەدە بېرىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، مەلىكىگە شاهزادىنى ماختاپ بېرىدۇ، شاهزادىگە ئىچ ئاغرىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ، مەلىكە ماقۇل بولۇپ شاهزادە بىلەن كۆرۈشىدۇ.

بۇ موتىف «شاهزادە قاسىم ۋە گۈلچېهرە» ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(57) قازىنىڭ پەرىزاتقا يامان نىيەتتە بولۇشى**

پەرىزات بىلەن شاهزادە توي قىلماقچى بولۇپ، قازىنى نىكاھ ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ، قازى شۇنىڭ بىلەن پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ، پەرىزاتقا يامان نىيەتتە بولۇپ، شاهزادىنى يوقىتىش ئۈچۈن شاهزادىگە ئورۇنداش ئىنتايىن قىيىن بولغان ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىدۇ. شاهزادە دېۋىلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەرىزاتقا يامان نىيەتتە بولىدۇ.

بۇ موتىف «مەلىكە مېهرىلقا» ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(58) ئىنسانلار بىلەن پەرىلەرنىڭ ئېلىشىشى**

شاهزادىنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە شاهزادە بىلەن پەرىزات تۇرىۋاتقان پەرىلەر مەملىكىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن قارى ـ ئىشانلارنى تەكلىپ قىلىپ، قۇرئان ـ تەپسىرلەر ئارقىلىق پەرىلەر مەملىكىتىنى مۇهاسىرىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىلەر مەملىكىتى بىلەن بۇ پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلىنىدۇ، ئاخىرىدا پەرىزات دادىسىنى ياردەمگە چاقىرىپ، بۇ پادىشاھ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

شاهزادە تەختنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بۇ موتىف «مەلىكە مېهرىلقا»ناملىق داستاندا ئۇچرايدۇ.

**(59) شاهزادىنىڭ مەلىكىنى ئېلىپ كېلىپ، تەختتە ئولتۇرۇشى**

مۇهەببەت داستانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ خىل موتىف بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شاهزادە ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، مەلىكىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر تەختتە باشقىلار ئولتۇرۇۋالغان بولسا، جەڭ ـ ئۇرۇشلار ئارقىلىق تەختنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى تېخى هايات بولسا، تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، خاتىرجەم ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ موتىفلار ئۇيغۇر خەلق مۇهەببەت داستانلىرىدىكى موتىفلارنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ موتىفلار چوقۇم بىر قانچە داستاندا ئەكس ئېتىشى ناتايىن. بەزى موتىفلار دەرۋەقە بىرلا داستاندا ئەكس ئېتىدۇ. ئەمما بۇ موتىفلار شۇ داستاننىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىدا زۆرۈر ئەهمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ موتىفلار نوقۇل داستانلىرىمىزدىلا كۆرۈلمەستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرلا داستاندا ئۇچرايدىغان موتىفلارمۇ بۇ موتىفلار تىزىمىسىدىن ئورۇن ئالدى.

داستاننىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى مۇقەددىمە، باشلىنىش قىسمى، ئاساسىي قىسمى ۋە خاتىمە دېگەندەك بۆلەكلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. يۇقىرىدا يىغىنچاقلانغان موتىفلار ئىچىدە داستاننىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇناسىۋەتلىك موتىفلاردىن15 موتىف بولۇپ بۇلار: (1)، (2)، (3)، (4)، (5)، (7)، (8)، (14)، (16)، (17)، (21)، (40)، (44)، (46)، (47)، (52) قاتارلىق موتىفلاردۇر. داستاننىڭ باشلىنىش قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك موتىف ئىككى بولۇپ، ئۇلار: (9)، (18)

موتىفلاردۇر. داستاننىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئائىت موتىف 38 بولۇپ، ئۇلار (6)، (10)، (11)، (12)، (13)، (15)، (19)، (20)، (22)، (23)، (24)، (25)، (26)، (28)، (29)، (30)، (31)، (32)، (33)، (34) ، (36)، (37)، (38)، (39)، (41)، (42)، (43)، (44)، (45) ، (49)، (50)، (51)، (53)، (54)، (55)، (56)، (57)، (58) قاتارلىق موتىفلاردۇر. داستاننىڭ خاتىمىسىگە ئائىت موتىفلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار (27) ، (35)، (59) قاتارلىق موتىفلاردۇر.

بۇ تەتقىقات ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ داستانچىلارنىڭ داستان توقۇش ئۇسۇلى، داستاننى ئەستە ساقلاش، پىششىقلاش جەريانىنى مۇشۇ موتىفلار ئاساسىدا چۈشەندۈرگەندە تېخىمۇ ئىلمىي چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، داستان ئېيتقاندا، داستانچىلارنىڭ ئەستە تۇتىدىغىنى داستاننىڭ پۈتۈن ۋەقەلىكى بولۇشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇۋالىدىغىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان موتىفلار بولۇشى مۇمكىن. داستانچى مەلۇم داستاننى باشلىغاندا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان موتىفلار ئىچىدىكى مۇقەددىمە قىسمىغا تەۋە موتىفلاردىن داستاننىڭ تېمىسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر قانچە موتىفنى ئاساس قىلىدۇ. داۋاملاشتۇرۇشتا داستاننىڭ باشلىنىش، ئاساسىي قىسىملىرىغا مۇناسىۋەتلىك موتىفلارغا ئىشتىراك قىلىدۇ. ئاخىرلاشتۇرۇشتا بولسا خاتىمىگە مۇناسىۋەتلىك موتىفلاردىن پايدىلىنىدۇ. مانا بۇ داستانچىلارنىڭ ئوخشىمىغان زامان ۋە ماكاندا ئوخشىمىغان داستانلارنى خاتىرجەم ئېيتالىشىدىكى ئاساس، شۇنداقلا داستان ئېيتىش شارائىتىغا ئاساسەن داستاننىڭ ھەجمىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش ۋە قىسقارتالىشىدىكى بىر سىر.

## ئىزاھلار

[1] ستىت. تومپسۇن: «دۇنيادىكى چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى»[M]، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1991- يىلى 2-ئاي نەشرى، 499- بەت.
[2] ليۇشۇخۋا: «سېلىشتۇرما چۆچەكشۇناسلىق»[M]، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1995- يىلى 9- ئاي نەشرى، 83- بەت.

## پايدىلانمىلار

1. ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»[M] ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009- يىلى 9- ئاي نەشرى.
2. ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006- يىلى 5- ئاي نەشرى.
2. ئابدۇكېرىم راخمان نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىلى 1- ئاي نەشرى.
3. ئەرشىدىن تاتلىق نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»(2) [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986- يىلى 7- ئاي نەشرى.
4. ياسىن زىلال نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»(3) [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991- يىلى 9- ئاي نەشرى.
5. ئەخمەت ھىمىت، ياسىن زىلال نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»(4) [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى7- ئاي نەشرى.
6. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانمىلار»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998- يىلى 2- ئاي نەشرى.
7. «بۇلاق»[J] ژۇرنىلىدا 1981- يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان بارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 04_112_02(2013) 1005_5878

# ئۇيغۇر ۋە ياپون خەلق چۆچەكلىرىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە*

دىلارە ئەبەيدۇللام

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ياپون خەلق چۆچەكلىرىدىكى بەزى ئورتاق سۈژېتلار تەپسىلىي سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تېپىپ چىقىلىدۇ، شۇنداقلا مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چۆچەك سۈژېتىدىكى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك ئامىللار ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要:** 本论先详细的比较若干维吾尔民间故事与日本民间故事中的共同情节以及不同情节，并且在文化角度的立场上探讨导致这种区别的种种因素。

**Abstract:** In this paper detailed comparison of uyghur folk stories and the Japanese folk story in the common circumstances and in different circumstances, and in the cultural angle position of this difference factors.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.7    ماتېرىيال بەلگىسى: A

خەلق چۆچەكلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان بىر ژانىر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى، كىشىلىك ھاياتقا بولغان پەلسەپەۋى پىكىرلىرىنى مول فانتازىيە ۋە مۇبالىغە ئارقىلىق قىزىقارلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى چۆچەك دەپ ئاتىلىدۇ[1]. چۆچەكلەرنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان، سۈژېت ۋەقەلىكلىرى تارىخىي دەۋر بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىلى يېنىك، مول فانتازىيەلەرگە تولغان بولۇپ، كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. چۆچەكلەردە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلار سۆزلىنىدىغان بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. گوركىي: «دۇنيادا ئىبرەت بولمايدىغان ھېچ نەرسە يوق، ئۆزىدە داكتىك ئىبرەت ۋاستىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرمىگەن بىرەرمۇ چۆچەك تېپىلمايدۇ» دېگەنىدى[2].

ئۇيغۇرلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن باي مىللەت. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى كەڭ ئومۇملاشقان ژانىر. ئۇيغۇر باللىرى چۆچەك ئاڭلاشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن. ئاجايىپ-غارايىپ چۆچەكلەر ئۇلارنى قىزىقتۇرىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلارغا توغرا تۇرمۇش يولىنى كۆرسىتىدۇ.

تىنچ ئوكيان ئارال دۆلىتىدە بۈيۈك مەدەنىيەت ياراتقان ياپون مىللىتىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ئىنتايىن مول، ئۇلارنىڭ قىسقا ھەجىملىك تىلى، يېنىك خەلق چۆچەكلىرى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ياپون خەلق چۆچەكلىرىدە ياپون مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە -يوسۇنلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش پىسخىكىسى يارقىن ئىپادىلەنگەن.

ھەر بىر دۆلەتتە توپلانغان چۆچەكلەر نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ بولىسىمۇ، ئەمما چۆچەكلەرنىڭ سۈژېتى ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. بىر چۆچەك ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشاش تارقالغان بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى بىلەن ياپون خەلق چۆچىكى سۈژېت جەھەتتە كۆپ ئورتاقلىقلارغا ئىگە. تۆۋەندە بىز بىرقانچە خەلق

---

*بۇ ماقالە 2012 -يىلى 3- ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: دىلارە ئەبەيدۇللام (1986-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان) ، 2010-يىللىق ماگىستىرانت.

چۆچىكى ئۇستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقايلى.

## 1. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «قېرىلارنىڭ قەدرى» بىلەن ياپون خەلق چۆچىكى «تاشلاندۇق قېرىلار تاغ-ئۆڭكۈرى» نىڭ سۈژىت ئورتاقلىقى

ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «قېرىلارنىڭ قەدرى» دە مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: تەكلىماكاننىڭ نېرىسىدىكى بىر يۇرتتا پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ زىيادە كەيپ-ساپا ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىشى سەۋەبىدىن ئىقتىساد چېكىنىپ دۆلەت مالىمان بولۇشقا باشلايدۇ. ھىيلىگەر سول قول ۋەزىرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن «بۇ كىرىزىسنىڭ سەۋەبى قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، ئەمگەك قىلماي تەييارغا ھەييار بولغانلىقى» دەپ قارىلىپ، 60 ياشتىن ئاشقان بارلىق ئەر-ئايال ياشانغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. يۇرتتىكى ۋاپادار يىگىت دادىسى بىلالنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىماي، ئۇنى يوغان بىر كاتقا يوشۇرۇپ ساقلايدۇ. ئارىدىن 3 يىل ئۆتكەندە يۇرتتا قۇرغاقچىلىق بولۇپ دۆلەت قىيىنچىلىقتا قالىدۇ. پادىشاھ بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يارلىق چىقىرىپ، مەسلىھەت بەرگۈچى دانىشمەن ئىزدەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىلال بوۋاي تۇرمۇش تەجرىبىسى ئەقىل-پاراستى ئارقىلىق يۇرت ئەھلىنى ئۇسسۇزلۇق ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

ياپون خەلق چۆچىكى «تاشلاندۇق قېرىلار ئۆڭكۈرى»دە مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر 60 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن سالامەتلىكى ئاجىزلاپ ، ئەمگەكتىن قالغاندا ياشلار ئۇلارنى ئۆڭكۈرلەرگە تاشلىۋېتىلىدىغان بىر خىل ئادەت بولغانىكەن. بىر يېزىدا، بىر ئاتا 60 ياشقا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئوغلى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنى يۈدۈپ تاغ باغرىغا كەپتۇ. يولدا ئاتا يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئوغلىنىڭ قايتىش يولىدا ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەلگە سېلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغلى ئاتىسىنى تاشلىۋېتىشكە پەقەتلا چىدىماي، قايتۇرۇپ كېلىپ، پادىشاھتىن يوشۇرۇن ھالدا يەر ئاستى ئۆيىدە بېقىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى پۇقرالارنى كۈلدىن ئارغامچا ئېشىش، سەدەپنى يىپقا ئۆتكۈزۈش قاتارلىق قىيىن ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. يەر ئاستى ئۆيىدىكى بوۋاي بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ئارقىلىق ئوغلىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. ئوردا ئىجرائىيە ئەمەلدارى يىگىتنىڭ دادىسىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ ۋە چوڭلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتتا قېرىلارنى تاشلىۋېتىش بىكار قىلىنىپ، ياشانغانلار قايتىدىن قەدىرلىنىشكە، كۈتۈنۈشكە ئېرىشىدۇ.

بۇ ئىككى چۆچەكتە ياشانغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى تاشلىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ قائىدىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئاقىۋىتى ۋە ئاخىرىدا ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشكە ئۆزگەرگەنلىكى يېنىك تىللار بىلەن ھېكايە قىلىنغان. بۇ چۆچەكلەر ئىنتايىن ئاممىباپ، ئىخچام بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە بوۋايلار يەرلىك ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن يوقىتىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەمما بوۋايلارنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. ئاخىرىدا بوۋايلار قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىپ دۆلەتنى قۇتقۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتتە ياشانغانلارنىڭ قەدىر-قىممىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ياشانغانلارنى تاشلاشتىن ئىبارەت بۇ ۋەقەلىك دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق چۆچەكلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بەزى چۆچەكلەردە ئاتىسىنى تاشلىسا بەزى چۆچەكلەردە ئانىسىنى تاشلىغانلىقى ۋە ياكى سېتىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «قېرىلارنىڭ قەدرى» بىلەن ياپون خەلق چۆچىكى «تاشلاندۇق قېرىلار ئۆڭكۈرى» نىڭ سۈژىت ئورتاقلىقى بىر قەدەر كۆپرەك. بۇ ئىككى چۆچەكتە قەدىمكى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى قېرىلارنى تاشلاشتىن ئىبارەت ئادەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئاساسى، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ھېكايە قىلىنغان. قېرىلارنى تاشلىۋېتىشتىن ئىبارەت ۋەقەلىك ھەرقايسى دۆلەت، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن خەلق چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. يالغۇز دۆلىتىمىزدىلا 14 خىل ۋارىيانتى بار. ھىندىستان بۇددا نوملىرىدا

www.uyghurkitap.com



«قىرىلارنى تاشلىغان دۆلەتنىڭ تەقدىرى» دېگەن ئەپسانە بار. تەتقىقاتچىلار بۇ ئەپسانىنى خەلقئارادىكى بارلىق قىرىلارنى تاشلىۋېتىش ۋەقەلىك قىلىنغان ھېكايىلەرنىڭ ئەسلىي ۋارىيانتى دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇددا دىنى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نوم-سۇترالىرى تەرجىمانلار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئاندىن دۇنخۋاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، كېيىن ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان. بەلكىم شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل ھېكايىلەرنىڭ ئاساسىي سۈژىتى ئۆزگەرمىگەن ئاساستا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى سىڭدۈرۈلۈپ، «قېرىلارنىڭ قەدرى»، «تاشلاندۇق قېرىلار ئۆڭكۈرى» قاتارلىق چۆچەكلەر بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## 2. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ» ۋە ياپون خەلق چۆچىكى «قۇشقاچنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇش» نىڭ سۈژېت ئورتاقلىقى

ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ»تا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: قۇتلۇق ئىسىملىك كىچىك بالا ئېتىزدىن ئۆيىگە كېلىپ، ئۇۋىسىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر قارلىغاچ بالىسىنى كۆرۈپ قالىدۇ. قۇتلۇق قارلىغاچنىڭ باش-كۆزىنى سىلاپ، سۇنغان پۇتىنى تېڭىپ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويىدۇ. ئىككىنچى يىلى قارلىغاچلار قۇتلۇققا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقىنى ئەكېلىپ بېرىدۇ. قۇتلۇق بۇ ئۇرۇقنى ئېتىزغا تېرىيدۇ. ئۇنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشىدۇ. قۇتلۇق ئاتا-ئانىسى ۋە قوشنىلار بىرلىكتە ئۇنى يېچىدۇ، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ئالتۇن-كۈمۈش بولۇپ جىرىڭلاپ يەرگە چېچىلىدۇ. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باينىڭ ئاچكۆز بالىسى باقى قۇتلۇقتەك بايلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر قارلىغاچ بالىسىنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ كەينىدىن تېڭىپ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويىدۇ. ئىككىنچى يىلى قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ بىر تال ئۇرۇقنى تاشلاپ قويۇپ كېتىدۇ. تاۋۇز چۈشكەندە باقى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ ئۆزى يالغۇز يېچىدۇ. تاۋۇز يېرىلىشىغىلا بىر توپ ھەرىلەر پەيدا بولۇپ ئۇنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ.

ياپون خەلق چۆچىكى «قۇشقاچنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇش»دا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا تاغ جىلغىسىدا ئولتۇرىدىغان بىر ئاق كۆڭۈل موماي بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يارىلانغان قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىدۇ. موماي قۇشقاچنى داۋالاپ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان گۈرۈچ بىلەن ئوبدان باقىدۇ، مومايىنىڭ كۆتۈشى بىلەن قۇشقاچ تېزلا ئەسلىگە كېلىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قۇشقاچ مومايىنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر تال قاپاق ئۇرۇقىنى تاشلاپ قويۇپ كېتىدۇ. موماي بۇنى ئېتىزىغا تېرىپ پەرۋىش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇقتىن يوغان بىر قاپاق چۈشىدۇ. موماي قاپاققا ئېغىز ئېچىپ قارىسا ئىچىدىن ئېسىل گۈرۈچ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي جاۋۇرلارغا گۈرۈچ ئۇسۇپ، قوشنىلىرىغا تارقىتىدۇ، غەلىتە يېرى قاپاقتىكى گۈرۈچ ئازلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ جەريانىدىن خەۋەر تاپقان قوشنا ئۆيدىكى ئاچكۆز موماي ھەسەتتىن ئولتۇرالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇشقاچنى تۇتۇپ، بېلىنى سۇندۇرۇپ قەپەسكە سېلىپ باقىدۇ. قۇشقاچ ساقايغاندا ئۇنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى قۇشقاچ ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ بىر تال قاپاق ئۇرۇقىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ، موماي بۇنى ئېتىزىغا تېرىيدۇ. بۇ ئۇرۇقتىن يوغان بىر قاپاق چۈشىدۇ. موماي يوغان قاپاقنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئېغىزىنى يوشۇرۇن ئاچىدۇ. ئەمما قاپاق ئىچىدىن ھەرە، قۇرت-قوڭغۇزلار چىقىپ، ئاچكۆز مومايىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

بۇ ئىككىلا چۆچەكتە ياخشىلىققا ياخشىلىقتىن ئىبارەت بىر مەركىزىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋەقەلىك سۈژىتىدا كۆپ ئۆزگىرىش يوق، پەقەت پېرسوناژلىرىدىلا ئالمىشىش يۈز بەرگەن. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدە باش پېرسوناژ قۇتلۇق ، باقى ئىسىملىك كىچىك باللار ياپون خەلق چۆچىكىدە مومايغا ئالماشقان. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدىكى قارلىغاچ ، ياپون خەلق چۆچىكىدە قۇشقاچقا ئالماشقان بولۇپ، مەيلى

قۇشقاچ ياكى قارلىغاچ بولسۇن ھەر ئىككىسى باش پېرسوناژلارغا خىسلەتلىك ئۇرۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدە ئۇرۇقتىن يوغان تاۋۇز ئۈنىدۇ. قۇتلۇقنىڭ تاۋۇزىدىن ئالتۇن-كۈمۈش چىقىدۇ. باقىنىڭ تاۋۇزىدىن ھەرە چىقىدۇ. ياپون خەلق چۆچىكىدە بولسا، خىسلەتلىك ئۇرۇقتىن قاپاق چۈشىدۇ. ئاق كۆڭۈل موماينىڭ قاپىقىدىن تۈگىمەس ئاشلىق چىقىدۇ. قارا نىيەت قوشنا موماينىڭ قاپىقىدىن بولسا ھەرە، قۇرت-قوڭغۇزلار چىقىدۇ.

كۆپلىگەن چۆچەكلەردە خاسىيەتلىك نەرسىلەر داۋاملىق ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قولىدا ئوينىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ. ياخشى كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، يامان كىشىلەرگە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ[3]. يۇقىرىقى ئىككى چۆچەك سۇژىتىدا خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىدىغان سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى پېرسوناژلار ئوخشاش بىر ئىشقا ئوخشىمىغان پوزىتسىيەدە بولىدۇ ھەمدە ئاقىۋىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى، ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ» تا قوشاقلارمۇ مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلىگەن. يەنى قوشاق ئارقىلىق دىيالوگ تۈزۈلگەن. بۇ قوشاقلاردا پېرسوناژلارنىڭ ھېس-تۇيغۇ، خۇشاللىق-خاپىلىقلىرى ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا مەركىزىي ئىدىيە يوشۇرۇن ئېچىپ بېرىلگەن. ياپون خەلق چۆچىكىدە ئاق كۆڭۈل موماي قۇشقاچنى ئەتىۋارلىق گۈرۈچ بىلەن باقىدۇ. بۇنىڭدىن گۈرۈچنىڭ ياپون تائام مەدەنىيىتىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سېلىشتۇرۇشلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرى نوقۇل ھالدا بىر دۆلەت ۋە ياكى مىللەتكىلا تەئەللۇق بولمايدۇ. ئىككى دۆلەت ياكى ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى سودا ۋە باشقا تۈرلۈك ئالاقىلەردە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. ئوخشاش بىر چۆچەك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى پىسخىكىسى سىڭدۈرۈلگەن، ياپون خەلقى ئارىسىغا كىرگەندە بولسا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماس كەلگەن دېتاللار قوشۇلغان بولىدۇ، نەتىجىدە بىر خىل چۆچەكنىڭ نەچچە خىل ۋارىيانتى كېلىپ چىقىدۇ. ھەربىر چۆچەكنىڭ ۋارىيانتلىرىغا تارقىلىش جەريانىدا ھەر خىل قوشۇمچە ۋەقەلىكلەر قوشۇلۇپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ياپون خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سۇژېت ئورتاقلىقى ۋە پەرقلىرى شۇنداق شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

## ئىزاھلار

[1] ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» [M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى.
[2] ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»[M] ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى.
[3] ئوسمان ئىسمايىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى نەشرى، 286-بەت.

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»[M] ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى.
2. ئوسمان ئىسمايىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى نەشرى.
3. ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»[M] ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى.
4. ئابلىمىت سادىق: «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»[M] ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىلى نەشرى.
5. 刘守华.《比较故事学》[M]. 哈尔滨: 黑龙江人民出版社, 2003 出版.
6. 连湘译.《日本民间故事选》[M]. 上海: 上海文艺出版社, 1983 出版.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com

第 34 卷第 2 期 شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 34 ـ يىللىق 2 ـ سان
2013 年 6 月 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2013 ـ يىلى 6 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 13ـ116ـ02(2013) 1005ـ5878

# چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردىن چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات*

ئالىيە ئەنۋەر، ماھىرە جاپپار

(1. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830052)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** بۇ ماقالىدە، چىڭ سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردىن چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتكە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئايرىۋېلىنىپ، ئاپەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى رەتلەپ ۋە ستاتىستىكىلاپ، ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، تەبىئىي ئاپەتلەر يىلنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى، جۈملىدىن شۇ ئاساستا دەسلەپكى قەدەمدە بۇ دەۋردىكى تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى تەھلىل قىلىندى.

**摘要：** 本文重点收集了清代各类文献中有关乾隆时期新疆各种自然灾害的资料，梳理和统计了各类灾害的灾情概况，结合已有的研究成果，大致编制出灾况年表。并在此基础上初步分析了乾隆时期新疆各种自然灾害发生的规律和特点。

**Abstract:** According to the collected recordings and documents, and combining with results of former studies, this thesis draws up a statistical timetable of natural disasters that occurred in Xinjiang during the Qianlong period of Qing Dynasty. Besides, preliminary analyzes the regularity and feature of the natural disasters in Xinjiang.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K249 ماتېرىيال بەلگىسى: A

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلىتىمىزدە تەبىئىي ئاپەتلەر بىر قەدەر كۆپ يۈز بەرگەن ئىدى[1]، شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىغا جايلاشقانلىقتىن، جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ئالاھىدە، يەر قاتلىمى ۋە گېيولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، شۇ سەۋەبلىك بۇ رايوندا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەرمۇ تىپىك رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر توغرىسىدا بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ماتېرىيال تەھرىرلەشتە ئىستاتىستىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش، مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقات ئاز ۋە ماتېرىيال تولۇق بولماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش قانۇنىيىتىگە قارىتا تەھلىل قىلىش ئىنچىكە ۋە توغرا بولمىغان[2]. چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشى چوڭ بولغانلىقىدىن سىرت، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىمۇ مۇشۇ مەزگىلگە مەركەزلىشىپ قالغان. چيەنلۇڭ خان جۇڭغارلار ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تىنچلىنىشقا يۈزلەندى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ نىسپىي تېزلەشتى، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا بولغان تەسىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولدى. بۇ ماقالىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخى، ئارخىپى ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە چيەنلۇڭ مەزگىلىدىكى (1748ـ1795) شىنجاڭ رايونىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى تۈرگە ئايرىلدى ھەمدە ئىلگىرىكى تەتقىقات

*بۇ ماقالە 2012 ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

基金项目：新疆师范大学博士科研启动基金项目，项目号：xjnubs1108.

**ئاپتورلار:** ئالىيە ئەنۋەر(1964ـ يىلى 10ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتور، جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى، شىنجاڭ مىللەتلەر تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ماھىرە جاپپار ( 1987ـ يىلى 11ـ ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت، تەتقىقات يۆنىلىشى: جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى.

نەتىجىلىرىدىكى كەمچىلىكلەرگە تولۇقلىما بېرىلدى ۋە شۇ ئاساستا دەسلەپكى قەدەمدە مۇشۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى.

## 1. چيەنلوڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى

**1)قۇرغاقچىلىق**

تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلوڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم قۇرغاقچىلىق بولغان.

(1)چيەنلوڭنىڭ 13- يىلى (1748- يىلى)دىكى قومۇلدىكى قۇرغاقچىلىق. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلوڭنىڭ 13- يىلى7-ئايدا، خۇاڭتىڭگۇي خانغا مەلۇمات يوللاپ: «قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا ياز ۋە كۈز پەسلىدە ئارقا - ئارقىدىن قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن» دېگەن. بۇ قېتىم ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار قومۇلنىڭ سەيخۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئىدى. ئۇ يەنە « بۇ رايوندا شۇ يىلى ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، كۈزدە تولۇقلاپ تېرىلغان بولسىمۇ، يازدا يامغۇر كەمچىل بولغانلىقتىن يەنە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تېرىقچىلىق قىلغان رايونلار ئاساسەن دېگۈدەك قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان»[3] دەپ مەلۇم قىلىپ، خاندىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغان. بۇ قېتىمقى قۇرغاقچىلىق ئارخىپتا ساقلانغان تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ كۆرۈلگەن. مەسىلەن: «جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مالىيە تۈرىدىكى مەلۇماتلار» دا، خۇاڭتىڭگۈينىڭ ئاپەتنى مەلۇم قىلىپ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇبى بار[4]. بۇ قېتىمقى ئاپەت ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا تىلغا ئېلىنمىغان.

(2) چيەنلوڭنىڭ 31- يىلى (1766)، ئىلىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قۇرغاقچىلىق. «جۇڭگو تارىخىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىنسانلار ئاپىتى»دە : «چيەنلوڭنىڭ 31-يىلى ئىلىدا ئۇيغۇرلار بوز يەر ئاچقان رايونلاردا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن»[5] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ رايونلار جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە چيەنلوڭ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) چيەنلوڭنىڭ 41- يىلى (1775) باركۆلدىكى قۇرغاقچىلىق. ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى سونۇ مۇسىلىنىڭ مەكتۇبىدا، «جېنشى مەھكىمىسى باركۆلگە قاراشلىق شيۇمىزى قاتارلىق جايلاردا ھاۋا سوغۇق، يامغۇر ئاز بولغانلىقتىن زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپ ھوسۇل كەملەپ كەتكەن» دەپ تىلغا ئېلىنغان[6].

**2)كەلكۈن ئاپىتى**

چيەنلوڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا جەمئىي ئالتە قېتىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن.

(1) چيەنلوڭنىڭ 26- يىلى (1761) قاراشەھەردىكى كەلكۈن ئاپىتى. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلوڭنىڭ 27-يىلى 2-ئايدا قاراشەھەرنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى داساڭ ئې: « قاراشەھەر قايدۇ دەرياسىغا يېقىن، يەر شەكلى تۆۋەن، دەريا سۈيى قىرغاق بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ، دەريا سۈيى تاشقاندا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇ بېسىپ كەتكەن. ئالدىنقى يىلىدىكى دەريا تاشقىنى توسمىنى بۇزۇۋەتكەن، توسمىنى ئىككى-ئۈچ گەز ئېگىزلىتىش كېرەك» دەپ مەلۇمات يوللىغان[7]. داساڭ ئېنىڭ بۇ مەلۇماتىدىن قاراشەھەردە سۇ ئاپىتىنىڭ ئۇدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، چيەنلوڭنىڭ 26- يىلى يۈز بەرگىنى بىر قەدەر ئېغىر بولغان كەلكۈن ئاپىتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

(2)چيەنلوڭنىڭ 34- يىلى (1769) قەشقەر، يەكەن، خوتەندىكى كەلكۈن ئاپىتى. «جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئاپىتى چوڭ لۇغىتى» نىڭ شىنجاڭ توپلىمىدا «چيەنلوڭنىڭ 34- يىلى قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، دېھقانلار ئۆي- ماكانسىز قالغان» [8] دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمما ماتېرىيال مەنبەسى ئىزاھلانمىغان.

(3) چيەنلوڭنىڭ 50- يىلىدىن 51-يىلىغىچە (1785-1786) دىخۇا (ئۈرۈمچى) دىكى كەلكۈن ئاپىتى. «جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئاپىتى چوڭ لۇغىتى» نىڭ

uyghurkitap.com



شىنجاڭ تويلىمىدا: « چيەنلۇڭنىڭ 50-يىلىدىن51-يىلىغىچە، ئۇرۇمچى دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى سۇ بېسىپ كەتكەن » [9] دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمما ماتېرىيال مەنبەسى ئىزاھلانمىغان.

(4) چيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى (1788) دىخۇادىكى كەلكۈن ئاپىتى. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى، دىخۇانىڭ دۇتۇڭى شاڭ ئەن مەكتۇپ يوللاپ: « دىخۇانىڭ كونا شەھەر رايونىدىكى ئاق قوۋۇق ۋە غەربىي قوۋۇقى سىرتىدا قار ئېرىپ تاشقىن سۈيى ئاھالىلەرنىڭ 500 نەچچە ئېغىز ئۆيىنى ئۆرۈۋەتتى» [10] دەپ مەلۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتى ئارخىپتا ساقلانغان ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. «جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مالىيە تۈرىدىكى مەلۇماتلار»دا، شاڭ ئەننىڭ ئۆزى تەكشۈرۈشكە چىقىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، كەلكۈندە زىيانغا ئۇچرىغان 394 ئېغىز ئۆيگە 394 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلغانلىق مەكتۇبى بار[11].

(5) چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790) دىخۇادىكى كەلكۈن ئاپىتى. جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسىدىكى بىر ئارخىپ ماتېرىيالىدا چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى 8-ئايدا دىخۇانىڭ دۇتۇڭى شاڭ ئەن مەكتۇپ يوللاپ « بۇ يىل 7-ئاينىڭ 6-كۈنى يامغۇر يېغىپ، 7-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە توختىمىغان، كېچىدە كەلكۈن كېلىپ، دىخۇانىڭ كونا شەھەر رايونى غەربىي قوۋۇق سىرتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتكەن. . . . كونا شەھەر رايونىدىكى 44 ئېغىز ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئەسكەرلەر ئۆزلىرى 37 ئېغىز ئۆي سالغان. شەھەر سىرتىدىكى سۇ بېسىپ كەتكەن ۋە ئۆرۈلگەن سودىگەر ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى جەمئىي 1485 ئېغىز. ئۆلگەن ئادەم ئومۇمىي سانى 68»[12] دەپ مەلۇم قىلغان. ئېنىقكى، بۇ قېتىمقى كەلكۈننىڭ بۇزغۇنچىلىقى ناھايىتى ئېغىر بولغان.

(6) چيەنلۇڭنىڭ 57-يىلى (1792) دىخۇادىكى كەلكۈن ئاپىتى. «جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئاپىتى چوڭ لۇغىتى»(شىنجاڭ تويلىمى) دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 57-يىلى دىخۇادا باھار ۋە قىشتا قار كۆپ يېغىپ، ھاۋا ئىللىغاندا قارلار ئېرىپ سۇ مىقدارى كۆپىيىپ 2-ئاينىڭ 24-كۈنى دىخۇا كونا شەھىرىدىكى ئاق قوۋۇق سىرتىدا كەلكۈن كېلىپ، 544 ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتكەن، يوللارنى سۇ بېسىپ، قاتناش توسۇلۇپ قالغان»[13]. ئەمما ماتېرىيال مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

**3) ئۇششۇك ئاپىتى**

چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا جەمئىي ئىككى قېتىم ئۇششۇك ئاپىتى يۈز بەرگەن.

(1)چيەنلۇڭنىڭ 48-يىلى (1783) بارىكۆلدىكى (يىخى) ئۇششۇك ئاپىتى. چيەنلۇڭنىڭ 48-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى ئۇرۇمچىنىڭ باش ۋالىيسى خەيلۇڭنىڭ بىر قېتىملىق ئاپەت ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ يازغان مەكتۇبىدا: « ئىچكىرى رايونلاردىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقى يوق، بۇ رايون بىر قەدەر سوغۇق بولغاچقا، يىلدا پەقەت بىرلا قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ، ھەم بۇ يىل ئۇششۇك چۈشتى. . . . تۆت ئۇلۇشتىن كۆپرەك ئاھالە ئاپەتكە ئۇچرىغان، سەنداۋخې قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەردىن385 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىغان، شۇڭا چيەنلۇڭنىڭ 41-يىلى شيۇەنزى قاتارلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرگە شۇ رايونلاردىكىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئاشلىق بېرىپ تۇرۇپ، كېلەر يىلى ھوسۇل ئالغاندا قايتۇرۇۋېلىش، ھەربىر ئائىلىگە ئالتە ئاي يەتكۇدەك نورما بېرىش. . . ئۈچ يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇش »[14] توغرىسىدا مەلۇمات يوللىغان. بۇ قېتىمقى ئۇششۇك ئاپىتى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان.

(2) چيەنلۇڭنىڭ 52-يىلى (1787) بارىكۆل، گۇچۇڭدىكى ئۇششۇك ئاپىتى. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 52-يىلى 2-ئايدا، ئۇرۇمچىنىڭ باش تۇتۇق بېگى شاڭ ئەن مەكتۇپ يوللاپ: «بارىكۆل، گۇچۇڭ ئىككى ناھىيەدە ئۇششۇك چۈشكەن» دەپ مەلۇم قىلغان. چىڭ گاۋزۇڭ: « ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرگە شۇ يىللىق ئاشلىق سېلىقىنى بوغۇزغا ئۆزگەرتىپ تاپشۇرۇشقا، ئېرىقچىلىق ئۈچۈن ئاشلىق ئارىيەت ئالغان نورمىلارنى كېلەر يىلى كۈزدە تاپشۇرۇشقا يول قويغان، ئاپەتكە ئۇچرىغان تۆت

ئۇلۇشتىن كۆپرەك ئاھالىگە بېرىلگەن قەرزنى يىللارغا بۆلۈپ تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن»[15]. بۇ قېتىمقى ئۇششۇق ئاپىتى ئارخىپ ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، «جۇڭگو تارىخى 1- ئارخىپخانىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مالىيە تورىدىكى مەلۇماتلار» دىمۇ بۇ قېتىمقى ئاپەت توغرىسىدا خاتىرىلەر بار[16].

**4)مۆلدۈر ئاپىتى**

چيەنلۇڭنىڭ 38- يىلى (1773) ماناستىكى مۆلدۈر ئاپىتى. «جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مالىيە تورىدىكى مەلۇماتلار» دا چيەنلۇڭنىڭ 38-يىلى ئۇرۇمچىنىڭ دۇتۇڭى سۇنۇمۇسىلىنىڭ بىر مەكتۇبى بار بولۇپ، مەزمۇنى: « شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 23- كۈنى ماناستىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئاچقان رايوننىڭ مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقى، شۇڭا شۇ يىللىق سېلىقنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدا»[17] ئىدى. بۇ قېتىمقى ئاپەت ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان.

**5) قار ئاپىتى**

چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭدا يەتتە قېتىم قار ئاپىتى يۈز بەرگەن.

(1) چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى (1760) ئىلىدىكى قار ئاپىتى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، «بۇ يىل (چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى) 2- ئايدا، جىڭخا ئورۇقلۇق ئۇچۇن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنىپ، قار ئاپىتى ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كەتتى » [18] دېگەن جۈملە بار.

(2) چيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى (1766) تارباغاتايدىكى قار ئاپىتى. «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» تا « چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق چېگرانى قوغداش ئارمىيەسى تۇرغان رايوندا قار قاتتىق ياغقانلىقتىن، چېگرانى قوغداش قىيىنغا چۈشۈپ شەرققە 200 چاقىرىم يۆتكىلىپ چېدىر تىككەن» لىكى [19] خاتىرىلەنگەن.

(3) چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى (1766) ئىلىدىكى قار ئاپىتى. «چىڭ رېن زوڭنىڭ رەسمىي تارىخى» دا «چيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى 2- ئايدا، ئىلىدىكى بوز يەر ئاچقان ئۇيغۇرلار 30- يىلىدىكى ئاشلىقلىرىنى ئامبارغا ئەكىرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، قار يېغىپ، نەملىشىپ، ئاشلىقنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، 31- يىلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 70نەچچە مىڭ كۈرە ئاشلىقنى تاپشۇرالمايدىغان» لىقى [20] توغرىسىدا خاتىرە بار. بۇنىڭدىن چيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى ئىلىدا قار ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

(4)چيەنلۇڭنىڭ 38- يىلى (1773) قومۇلدىكى قار ئاپىتى. «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 38-يىلى قىشتا «40 نەچچە كۈن ئۇدا قار ياغقان»[21].

(5) چيەنلۇڭنىڭ 39- يىلى (1774) قومۇلدىكى قار ئاپىتى. «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 39- يىلى 5- ئايدا قاتتىق قار ياغقان، قومۇل تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا نۇرغۇن ئاھالە ۋە بىر قىسىم مال -چارۋا توڭلاپ ئۆلگەن»[22].

(6) چيەنلۇڭنىڭ 39- يىلى (1774) بارىكۆلدىكى قار ئاپىتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كېلىمات تارىخى ماتېرىياللىرى» دا، «چيەنلۇڭنىڭ 39- يىلى (1774) بارىكۆلدە بىر گەز كەلگۈدەك قار يېغىپ، ماڭغۇدەك يول قالمىغان، ئادەملەر ۋە ئاتلارمۇ ماڭالمىغان»[23] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ تارىخىي ماتېرىيال «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىن ئېلىنغان.

(7) چيەنلۇڭنىڭ 57-يىلى (1792) ئىلىدىكى قار ئاپىتى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دا « چيەنلۇڭنىڭ 57- يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار بوز يەر ئاچقان جايلاردا قار ئاپىتى يۈز بېرىپ شۇ يىللىق سېلىق كەچۈرۈم قىلىنغان»لىق [24] خاتىرىسى بار.

**6) قارا بوران ئاپىتى**

چيەنلۇڭ مەزگىلىدە جەمئىي ئىككى قېتىم قارا بوران ئاپىتى يۈز بەرگەن.

(1)چيەنلۇڭنىڭ 26- يىلى (1761) قومۇلدىكى قارا بوران ئاپىتى. «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 26- يىلى قومۇلدا قارا بوران چىقىپ كېچىچە سېرىق توپا ياغقان، ئاغرىق -سىلاق كۆپەيگەن، كېيىن يەنە كۆپ قېتىم قارا بوران چىققان»[25].

(2)چيەنلۇڭنىڭ 35-يىلى (1770) قومۇلدىكى قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بوران ئاپىتى. «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 35-يىلى 4-ئايدا قومۇلدا كېچە-كۈندۈز شەرقىي شىمال بورىنى چىققان بولۇپ، ئاۋازى چاقماقتەك يۇقىرى ئىدى، جەنۇبتىكى قاراۋۇللار ئىشىكى ئالدىدىكى تاش ئابىدىنى ئۈچ پارچە قىلىۋەتكەن، راۋاق ۋە سۇپىلار ئانچە چوڭ زەخمىگە ئۇچرىمىغان»[26].

### 7) يەر تەۋرەش

(1)چيەنلۇڭنىڭ 2-يىلى (1737) قومۇلنىڭ سىڭگىم، تارانچىدىكى يەر تەۋرەش. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى» دىكى شەنشى گۇيىۋەننىڭ دۇدۇسى پەن تىگلۇڭنىڭ مەلۇماتىدا، «چيەنلۇڭنىڭ 2-يىلى 11-ئاينىڭ 8-كۈنى كېچىدە قومۇلنىڭ سىڭگىم، تارانچى دېگەن جايلىرىدا يەر تەۋرىگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئاھالىلەر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتمىگەن[27].

(2) چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760) قومۇلدىكى يەر تەۋرەش. «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى 7-ئايدا قومۇلدا يەر تەۋرىگەن»[28].

(3) چيەنلۇڭنىڭ 30-يىلى (1765) جىگدىدىكى يەر تەۋرەش. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 30-يىلى ئۆرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى ۋۇ نىڭتەي: «جىڭ رايونىدا 1-ئاينىڭ 20-كۈنى يەر تەۋرەپ شەھەر سېپىلى، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرى، ئاشلىق ئامبارلىرى، سودىگەر ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، لەشكەر باشلىقى ۋاڭ جىشاۋنى تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. شەھەر سېپىلى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرى، ئامبارلار داۋاملىق رېمونت قىلىندى، سودىگەر ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزلىرى رېمونت قىلدى» [29] دەپ مەلۇم قىلغان. «جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مەلۇماتلار» ئىچىدە بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، جىگدىنىڭ ئامبىلى جاڭ ۋېن مەكتۇپ يوللاپ[30] «1-ئاينىڭ 20-كۈنى يەر تەۋرەپ ئەنسىزلىك خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى[31]» دەپ مەلۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «مانجۇ يېزىقىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مەلۇماتلار» ئىچىدە ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ جياڭجۈنى مىڭ رۇينىڭ بىر دوكلاتىدا، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ۋە ئىلىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بار. ماتېرىيالدا: «تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1-ئاينىڭ 20-كۈنى كېچىدە، ئىلىنىڭ يەرلىك ۋاقتى بويىچە ئىككىنچى جېسەك ۋاقتى بىلەن يەر تەۋرىگەن. . . . ئاڭلىشىمچە جىڭ رايونىدا يەر تەۋرەپ، شەھەر سېپىلى ۋە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئاھالىلەر يارىلانغان»[32]. ۋەسىقىدىكى باياندىن بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشنىڭ مەركىزى جىڭ ئىكەنلىكىنى، تەۋرەشنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولغانلىقىنى، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق رايونلاردىمۇ يېنىك يەر تەۋرىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

(4)چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى (1786) ئىلىدىكى يەر تەۋرەش. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى ئىلىنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە كۈن ئۇدا يەر تەۋرەپ، سېپىل، ئامبارلار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن»[33].

(5)چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى (1786) قەشقەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇدىكى يەر تەۋرەش. «جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى پادىشاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن مەلۇماتلار» دىكى چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى قەشقەردىكى خان مۇپەتتىشى مىڭ لياڭنىڭ مەلۇماتىدا: «قەشقەردە يېقىندا ئارقا-ئارقىدىن يەر تەۋرەپ شەھەر سېپىلى، راۋاقلار، ئوردا، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن»، «يەر تەۋرەش دولقۇنى ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، شەھەر قورغىنى، ئامبار، يامۇل قاتارلىقلار ئۆرۈلۈپ كەتكەن» [34] دېيىلگەن.

(6)چيەنلۇڭنىڭ 60-يىلى (1795) قومۇلدىكى يەر تەۋرەش. «قومۇل تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ60-يىلى5-ئاينىڭ بېشىدا قومۇلدا يەر تەۋرەپ، شەھەر سېپىلى ۋە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغان»[35].

### 8) چېكەتكە ئاپىتى

چيەنلۇڭ مەزگىلىدە جەمئىي 11قېتىم چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن.

(1) چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى (1762) كورلىدىكى چېكەتكە ئاپىتى. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە « چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى 9- ئايدا، لەشكىرى ئىشلار ئامبىلى مەكتۇپ يوللاپ، يۈئېرگوۋ (قارا شەھەر) دا ھوسۇل ياخشى بولدى، ئەمما كورلىدا دېھقانلارنىڭ بۇغداي - قوناقلىرى چېكەتكىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، پەقەت 300 نەچچە كۈرە ئاشلىق ئېلىندى، دەپ مەلۇم قىلىنغانلىقى، چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى باج يىغىش ئۆلچىمى بويىچە ئېلىنمىسۇن، ئاپەتكە ئۇچرىغىنى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يېنىكلىتىپ تاپشۇرسۇن بولىدۇ»[36] دەپ قارىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ قېتىمقى چېكەتكە ئاپىتى «جۇڭگو تارىخى 1- ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇپلار»دىمۇ ئۇچرايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى مۇپەتتىش يوڭچىڭ: « ئاقسۇدا چېكەتكە كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەنلىكى »نى مەلۇم قىلغان.

(2)چيەنلۇڭنىڭ 28- يىلى(1763) ئۇچتۇرپاندىكى چېكەتكە ئاپىتى. جۇڭگو تارىخى 1- ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى قوشۇمچە مەكتۇپلاردا، چيەنلۇڭنىڭ 28- يىلى6- ئايدا ئۇچتۇرپاننىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى سۇ چېڭنىڭ « ئۇچتۇرپان قاتارلىق رايونلاردا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن»[37] لىكىنى مەلۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە بار.

(3) چيەنلۇڭنىڭ 28-يىلى(1763) كۇچادىكى چېكەتكە ئاپىتى. جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى قوشۇمچە مەكتۇپلاردا، چيەنلۇڭنىڭ 28- يىلى7-ئايدا كۇچانىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى ئېباۋنىڭ «كۇچادا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن »[38] لىكىنى مەلۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە بار.

(4)چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى(1766) ئىلىدىكى چېكەتكە ئاپىتى. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى 9- ئايدا، پادىشاھ چۈشۈرگەن پەرمانلار ئىچىدە «ئىلىنىڭ بوز يەر ئاچقان رايونلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ ھوسۇل ئازلاپ، ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى»[39] توغرىسىدا خاتىرە بار. يەنە «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار » دا خاتىرىلىنىشىچە، « چيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى ئىلىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن »[40].

(5) چيەنلۇڭنىڭ 32- يىلى(1766) جىڭدىكى چېكەتكە ئاپىتى. «جۇڭگو تارىخى 1-ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇپلار»دا چيەنلۇڭنىڭ 32-يىلى ئۈرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى ۋېن فۇ «جىڭدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئاچقان رايوندا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىغان»[41] دەپ مەلۇمات يوللىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. جىڭدىكى بۇ قېتىمقى چېكەتكە ئاپىتى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە تىلغا ئېلىنمىغان.

(6) چيەنلۇڭنىڭ 36- يىلى(1771) پىچاندىكى چېكەتكە ئاپىتى. «جۇڭگو تارىخى 1- ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى قوشۇمچە مەكتۇپلار» دا چيەنلۇڭنىڭ 36-يىلى 7-ئايدا پىچاننىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى دا سائىبېنىڭ «پىچان چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان »[42] دەپ مەلۇمات يوللىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. پىچاندىكى بۇ قېتىمقى چېكەتكە ئاپىتى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە تىلغا ئېلىنمىغان.

(7) چيەنلۇڭنىڭ 37- يىلى(1772) كورلىدىكى چېكەتكە ئاپىتى. جۇڭگو تارىخى 1- ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى قوشۇمچە مەكتۇپلاردا، چيەنلۇڭنىڭ 37- يىلى 7- ئايدا قارا شەھەرنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى شى لۇنىڭ « قارا شەھەر چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان»[43] دەپ مەلۇمات يوللىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ قېتىمقى چېكەتكە ئاپىتى ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە تىلغا ئېلىنمىغان.

(8) چيەنلۇڭنىڭ39- يىلى(1774) ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيراتلار رايونىدىكى چېكەتكە ئاپىتى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىي ماتېرىياللىرى» دا خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 39- يىلى 7- ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئۇيراتلار رايونى چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان »[44]. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى ماتېرىياللىرىدا» دا بۇ چېكەتكە ئاپىتىنىڭ خاتىرىلەنگىنىدىن، بۇ قېتىمقى چېكەتكە ئاپىتىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقىنى ۋە ئاپەتكە ئۇچراش دەرىجىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

(9) چيەنلۇڭنىڭ 39- يىلى(1774) ماناستىكى

www.uyghurkitap.com



چىكەتكە ئاپىتى. جۇڭگو تارىخى 1 ـ ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇپلاردا، چيەنلۇڭنىڭ 39 ـ يىلى ئۇرۇمچىنىڭ دۇتۇڭى سونومۇسىلىن يوللىغان بىر مەلۇماتتا« ماناسقا قاراشلىق تاش دەرياسى رايونىدا چىكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاشلىق سېلىقىنى كېچىكىپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان» لىقى، چىكەتكە ئاپىتىنىڭ ماناس رايونىدىكى مەھبۇسلار تېرىلغۇ يېرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقى، شۇ رايوندىكى ئەمەلدارلارنىڭ تەكشۈرىشىچە، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 4994 مو كېلىدىغانلىقى، سونومۇسىلىن شۇ سەۋەبلىك هۆكۈمەتتىن 7334 كۈرە ئورۇق ئارىيەت ئالغانلىقى ۋە ئۈچ يىلغا بۆلۈپ تاپشۇرۇشقا ئىجازەت ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن[45].

(10) چيەنلۇڭنىڭ 41 ـ يىلى(1776) گۇچۇڭدىكى چىكەتكە ئاپىتى. «جۇڭگو تارىخى 1 ـ ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇپلار»دا، چيەنلۇڭنىڭ 41 ـ يىلى ئۇرۇمچىنىڭ دۇتۇڭى يوڭ چىڭنىڭ بىر مەكتۇبىدا «دىخۇا قارمىقىدىكى گۇچۇڭدا چىكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكى، قۇتقۇزۇشنى ئىلتىماس قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن»[46].

(11) چيەنلۇڭنىڭ 54 ـ يىلى(1789) دىخۇادىكى چىكەتكە ئاپىتى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى ماتېرىياللىرى»دىكى چيەنلۇڭنىڭ 54 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى بىر پەرماندا، « چىكەتكە ئەدەپ كېتىشتىن بۇرۇنلا، يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئەمەلدارلار ۋاقتىدا تىزگىنلەپ زىياننىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈپ، چىكەتكىنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى جىكىلىگەن »لىكى خاتىرىلەنگەن[47]. « جۇڭگو تارىخى 1 ـ ئارخىپخانىسى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇپلار» دىمۇ بۇ قېتىمقى چىكەتكە ئاپىتى خاتىرىلەنگەن.

**9) ۋابا كېسىلى**

(1)چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى (1756) تارباغاتايدا ۋابا تارقالغان. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى تارباغاتايدا ۋابا تارقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن»[48].

(2) چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى (1757) ئىلىدىكى ۋابا كېسىلى. « غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى چيەنلۇڭ يازغان «ئىلىغا تەزىيە» ناملىق نەزمىدە: « ئىلى رايونىدا ۋابا تارقالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن»[49]. بۇنىڭدىن چيەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى ئىلىدا ۋابا تارقالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ[50].

(3) چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761) ئىلى جۇڭغارلار رايونىدىكى ۋابا. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، لەشكىرىي ئىشلار ئامبىلى چېڭ گۈنزابۇ : « ئېركى سالا 3000 تۇياق كالىنى ئېلىپ ئىلىغا يولغا چىققان، سەپەر جەريانىدا ۋابا تارقىلىپ 158 تۇياق كالا ئۆلدى» [51] دەپ مەلۇمات يوللىغان.

(4) چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766) ئىلىدا يەنە ۋابا تارقالغان. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مىڭرۇي مەكتۇپ يوللاپ: « ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، لەشكەر بېشى سولۇننىڭ قول ئاستىدىكى نۇرغۇن ئەسكەرلەر ۋابا يۇقتۇرۇۋالغان، سولۇن، داخۇئېردىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋابا تارقىلىپ نۇرغۇن مال ـ چارۋا ۋە ئادەم ئۆلگەن»[52] دەپ مەلۇم قىلغان.

(5) چيەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى (1771) ئىلىدا يەنە ۋابا تارقالغان. «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى 3 ـ ئايدا هاۋا ئىللىپ ئادەملەر ئات ۋە كالىلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ ۋابا تارقىلىپ 30 نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلگەن، هايۋانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلگەن»[53]. بۇ قېتىم ئىلىدا يۈز بەرگەن ۋابا «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم »[54] دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋابا ئاپىتى هېسابلىنىدۇ.

(6) چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (1773) خوشۇتتىكى ۋابا ئاپىتى. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دە خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، خوشۇتتا ۋابا تارقالغان ۋە 700 ـ 800 ئادەمگە چېچەك چىققان، هايۋانلارمۇ ئۆلگەن»[55].

(7) چيەنلۇڭنىڭ 51 ـ يىلى (1786) قەشقەردە ۋابا تارقالغان. « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » دا چيەنلۇڭنىڭ 51 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىڭ لياڭ يوللىغان مەكتۇپتا شۇ يىل قەشقەردە ئات ئىشلىتىشتە

قىيىنچىلىقىنىڭ كۆپلىكى، ۋابا تارقىلىپ، ئۆلگەن ئاتلار سانى 240 نەچچىگە يەتكەنلىكى، سېلىقىنىڭ يېرىمىنى ئازلىتىپ، قالغان قىسمىنى چارۋىچىلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلاردىن تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى[56] خاتىرىلەنگەن.

**10) چاشقان ئاپىتى**

(1) چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى (1762) قارا شەھەردىكى چاشقان ئاپىتى. «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى 6- ئايدا، قارا شەھەرنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى دا ساڭا مەكتۇپ يوللاپ، «ئىچكى رايونلاردىن بوز يەر ئاچقىلى ئەۋەتكەن 400 نەچچە ئائىلە تېرىشىپ تېرىقچىلىق قىلاتتى، بۇ يىل يامغۇر ئاز ياغقانلىقى ۋە ياۋا چاشقانلار زىرائەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ئۈلۈشتىن سەككىز ئۈلۈشكىچە بولغان زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىغان» لىقىنى مەلۇم قىلغان. بۇ ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتى تۈنجى قېتىم بىر قىسىم ئاھالىلەرنى غەربىي رايونغا كۆچۈرۈپ بوز يەر ئېچىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، شەنشىنىڭ بىر قىسىم ئاھالىسىنى غەربىي رايونغا كېلىپ تۇرمۇشىنى قامداشقا ئىلھاملاندۇرغان. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئىچكى رايونلاردىن يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ زاپاس ئاشلىقى يوق، ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئاشلىق بېرىپ تۇرمىساق دەرھال قايتا تېرىقچىلىق قىلىشقا تەسىر يېتىدۇ، دەپ ئويلاپ دىخۇانىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ئاشلىق يۆتكەپ ئاھالىلەرنى ئاپەتتىن قۇتقۇزغان[57].

(2) چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى (1762) ئىلىدىكى چاشقان ئاپىتى. چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى 11- ئايدا، لەشكىرىي ئىشلار ئامبىلى ئاگۇي مەلۇمات يوللاپ: «بۇ يىل بوز يەر ئېچىپ كۆكەرتىش ئامبىلى تېرىغان ئۇرۇق ئېتىز چاشقانلىرى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاۋۋالقى يىلدىكى تەننەرخنى ئاشۇرىۋەتتى، ئېرىشكەن ئاشلىق 20 نەچچە كورە بولدى»[58] دەپ مەلۇم قىلغان. يۇقىرىقى ماتېرىيالدىن قارىغاندا، زىرائەتلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئانچە ئېغىر بولمىغان.

## 2. چيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالى

چيەنلۇڭنىڭ 13- يىلى قۇرغاقچىلىق بىر قېتىم؛ 21- يىلى ۋابا بىر قېتىم؛ 22- يىلى ۋابا بىر قېتىم؛ 26- يىلى كەلكۈن بىر قېتىم، ۋابا بىر قېتىم، قارا بوران ئاپىتى بىر قېتىم؛ 27- يىلى چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم، قار ئاپىتى بىر قېتىم، چاشقان ئاپىتى ئىككى قېتىم ؛ 28- يىلى چېكەتكە ئاپىتى ئىككى قېتىم؛ 30- يىلى يەرتەۋرەش بىر قېتىم؛ 31- يىلى قۇرغاقچىلىق بىرقېتىم، ۋابا بىر قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى بىرقېتىم، قار ئاپىتى ئىككى قېتىم؛ 32 - يىلى چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ 34- يىلى كەلكۈن ئۈچ قېتىم؛ 35- يىلى قارابوران بىر قېتىم؛ 36- يىلى چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم، ۋابا بىر قېتىم؛ 37 يىلى چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ 38-يىلى مۆلدۈر بىر قېتىم، ۋابا ئاپىتى بىر قېتىم، قار ئاپىتى بىر قېتىم؛ 39- يىلى چېكەتكە ئاپىتى ئىككى قېتىم، قار ئاپىتى ئىككى قېتىم؛ 41- يىلى قۇرغاقچىلىق بىر قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى بىرقېتىم؛ 48-يىلى ئۈششۈك بىر قېتىم؛ 50-يىلى كەلكۈن ئاپىتى بىرقېتىم؛ 51 - يىلى يەر تەۋرەش تۆت قېتىم، ۋابا بىر قېتىم؛ 52 - يىلى ئۈششۈك ئىككى قېتىم؛ 53- يىلى كەلكۈن بىر قېتىم؛ 54- يىلى چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم ؛ 55- يىلى كەلكۈن بىر قېتىم ؛ 57-يىلى كەلكۈن بىر قېتىم، قار ئاپىتى بىر قېتىم ؛ 60- يىلى يەر تەۋرەش بىر قېتىم يۈز بەرگەن. يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، قۇرغاقچىلىق ئۈچ قېتىم، كەلكۈن سەككىز قېتىم، ئۈششۈك ئۈچ قېتىم، مۆلدۈر بىر قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى 11قېتىم، يەر تەۋرەش ئالتە قېتىم، ۋابا يەتتە قېتىم، قار ئاپىتى يەتتە قېتىم، قارا بوران ئىككى قېتىم، چاشقان ئاپىتى ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن.

چيەنلۇڭ مەزگىلىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، دىخۇانىڭ شەرقىي قىسمىلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئىستاتىستىكىسى: چۆچەكتە ۋابا بىر قېتىم، قار ئاپىتى بىر قېتىم؛ ئىلىدا قۇرغاقچىلىق بىر قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم، ۋابا تۆت قېتىم، قار ئاپىتى ئۈچ قېتىم، چاشقان ئاپىتى بىر قېتىم؛ جىمسادا چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم؛ ماناستا مۆلدۈر بىر قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ دىخۇادا كەلكۈن ئاپىتى تۆت قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى ئىككى قېتىم؛ گۇچۇڭدا ئۈششۈك بىر

uyghurkitap.com



قېتىم، چىكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ بارىكۆلدە قۇرغاقچىلىق بىر قېتىم، ئۇششۇك ئىككى قېتىم، قار ئاپىتى بىر قېتىم؛ پىچاندا چىكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ قومۇلدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بىر قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم، قار ئاپىتى ئىككى قېتىم، قارا بوران ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن.

چىيەنلۇڭ مەزگىلىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ستاتىستىكىسى: قارا شەھەردە كەلكۈن بىر قېتىم، ۋابا بىر قېتىم، چاشقان ئاپىتى بىر قېتىم؛ كورلىدا چىكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ كۇچادا چىكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم؛ ئاقسۇدا يەر تەۋرەش بىر قېتىم؛ ئۇچتۇرپاندا چىكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم؛ قەشقەردە كەلكۈن ئاپىتى بىر قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم، ۋابا بىر قېتىم؛ يەكەندە كەلكۈن بىر قېتىم؛ خوتەندە كەلكۈن بىر قېتىم يۈز بەرگەن[59].

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چىيەنلۇڭ مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر جەمئىي 50 قېتىم بولۇپ، ئاپەت يۈز بەرگەندە كۆپىنچە ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرى يۇقىرىغا مەلۇمات يوللىغان. بۇ رايونلار قومۇل، بارىكۆل، گۇچۇڭ، قارا شەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، ئۇچتۇرپان، يەركەن، خوتەن، ئۈرۈمچى، ماناس، جىڭ، چۆچەك، ئىلى، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شىبە ۋە سولۇنلار ياشايدىغان جايلار بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە: قۇرغاقچىلىق جەمئىي ئۈچ قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %6 نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىقى ئىلى، بارىكۆل، قومۇل قاتارلىق رايونلاردا يۈز بەرگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئاپەت رايونلىرىغا ئاساسلىق ئاشلىق ياردەم قىلغان ۋە باج-سېلىقلارنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش ئارقىلىق بۇ رايونلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزغان. كەلكۈن ئاپىتى جەمئىي سەككىز قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %16 نى ئىگىلەيدۇ، يەنى قار ئېرىپ ئۈرۈمچىنىڭ كونا شەھەر رايونىغا بېسىپ كىرىپ، ئاق قۇۋۇقنىڭ غەربىي قىسمىنى سۇ بېسىپ كېتىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىقلىرى سېسىپ كەتكەن، ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. چىيەنلۇڭنىڭ 34-يىلى قەشقەر، خوتەن ۋە يەركەندە ئارقا-ئارقىدىن كەلكۈن كەلگەن.

ئۈچ قېتىم چۈشكەن ئۇششۇك ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %6 نى ئىگىلىگەن، ئاساسلىقى چىيەنلۇڭنىڭ 48- يىلى بارىكۆلدە، 52- يىلى گۇچۇڭ ۋە بارىكۆلدە ئۇششۇك چۈشكەن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرگە كېلەر يىللىق تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئۇرۇقلۇق بېرىپ كېلەر يىلى ھوسۇل ئالغاندا قايتۇرۇۋالغان.

بىر قېتىم مۆلدۈر ياغقان بولۇپ ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %2 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ مۆلدۈر ئاپىتى ماناس ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، مانجۇ يېزىقىدىكى ئارخىپلاردا بۇ توغرىلىق تەپسىلىي خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇلغان.

چىكەتكە ئاپىتى 11 قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %22 نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىقى كورلا، ئىلى، جىڭ، ماناس، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا يۈز بەرگەن، چىيەنلۇڭنىڭ 30- يىلىدىن 40 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىققا مەركەزلەشكەن.

يەر تەۋرەش ئالتە قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %12 نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىقى ئىلى ۋە جىڭدا يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چىيەنلۇڭنىڭ 30-، 51-يىلى ئىككى قېتىم يەر تەۋرىگەن. تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلغاندا، چىيەنلۇڭنىڭ 51- يىلى 5-ئايدا ئىلىدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشنىڭ بۇزغۇنچىلىق دەرىجىسى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، ئۇدا ئىككى قېتىم قاتتىق، ئۈچ قېتىم قالدۇق يەر تەۋرەپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتكەن. ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ۋە قەشقەردە ئايرىم-ئايرىم يەر تەۋرىگەن. بۇ خىل ئۈزلۈكسىز يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانغا قارىتا چىڭ ھۆكۈمىتى دەرھال قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك ياردەم بەرگەن. چىيەنلۇڭ خان يەنە ئەمەلدار ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ھۆكۈمەت پۇلىدىن چىقىم قىلىپ رېمونت قىلىشنى بۇيرۇق قىلغان.

ۋابا يەتتە قېتىم تارقالغان بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ %14 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى ئىلى تارباغاتاي، قەشقەر، خوشۇت قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن، تارباغاتايدا ۋابانىڭ تارقىلىشى ئېغىر، دائىرىسى كەڭ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە چىيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى ئىلىدا ۋابا تارقىلىش بىلەن بىللە باشقا

يۇقۇملۇق كېسەللەرمۇ تارقىلىپ، ئۆلگەن ئاھالىنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئاشقان، چارۋا ماللارنىڭ ئوندىن تۆت ئۆلۈشى ئۆلۈپ ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قار ئاپىتى يەتتە قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ 14% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى تارباغاتاي، ئىلى، قومۇل، قاتارلىق رايونلار بولۇپ، ۋاقتى چيەنلۇڭنىڭ 27-، 31-، 38-، 39- ۋە 57- يىلىغا توغرا كېلىدۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ رايونلارغا قارىتا باجنى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان.

قارا بوران ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ ئومۇمىي ئاپەتنىڭ 4% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى قومۇل رايونىدا يۈز بەرگەن.

چاشقان ئاپىتى ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئومۇمىي ئاپەتنىڭ 14% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى رايونىدا چاشقان ئاپىتى دېھقانچىلىققا ئېغىر زىيان سالغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى دەرھال قۇتقۇزۇپ تېخىمۇ ئېغىر زىيان كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغان.

شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۇ ئاپەتلەرنىڭ تۈرى كۆپ، پەرق چوڭ، رايونلۇق خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 50 قېتىملىق ئاپەت ئىچىدە، 36 قېتىملىقى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمىدا يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋارايى تەبىئىي ئاپەتلىرىدىن قۇرغاقچىلىق، ئۈششۈك، مۆلدۈر قاتارلىق ئاپەتلەر شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا يەنى دىخۇانىڭ شەرقىدىكى باركۆل، گۇچۇڭ، قومۇل قاتارلىق رايونلاردا يۈز بەرگەن. كەلكۈن كۆپىنچە دىخۇا ئەتراپىدا يۈز بەرگەن. قار ئاپىتى كۆپىنچە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چيەنلۇڭنىڭ 57- يىلى ئىلىدا يۈز بەرگەن قار ئاپىتىدە زىيان ناھايىتى ئېغىر بولغان. قارا بوران ئاپىتى كۆپىنچە شەرقىي شىنجاڭدا يەنى قومۇل رايونىدا كۆپرەك يۈز بەرگەن. چېكەتكە ئاپىتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. 11 قېتىملىق چېكەتكە ئاپىتى ئىچىدە يەتتە قېتىملىقى شىمالىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن. شىنجاڭنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق بولغانلىقتىن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا قۇرغاقچىلىقتىن كېيىن چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، قۇرغاق رايونلاردا دائىم كەڭ كۆلەمدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلىنىڭ ئالدى -كەينىدە، ئىلى رايونىدا كەڭ كۆلەمدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن، ماتېرىياللاردىن بۇ رايوننىڭ قۇرغاقچىلىق مەزگىلى ئىكەنلىكى مەلۇم. ۋابا كۆپىنچە شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۈز بەرگەن، پەقەت ئىلى رايونىدىلا تۆت قېتىم يۈز بەرگەن. قار ئاپىتى شىمالىي شىنجاڭدا يەنە ئىلى، چۆچەك، جىڭ، قاتارلىق رايونلاردا كۆپ يۈز بەرگەن. قارا بوران كۆپىنچە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ يەر شەكلى ۋە يەر ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گېئولوگىيەلىك ئاپەتلەرنىڭ ئىچىدە يەر تەۋرەش جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا جەمئىي ئۈچ قېتىم يۈز بەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 51-يىلى ياز پەسلىدە شىمالىي شىنجاڭدا ئىلىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە يەر تەۋرىگەن. بۇنىڭدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان بەلۋاغ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا كەلكۈن كۆپىنچە قەشقەر، خوتەن، يەكەن رايونىغا مەركەزلەشكەن. چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلى قارا شەھەردە دەريا تاشقىنى يۈز بېرىپ ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ كەتكەن. چېكەتكە ئاپىتى ئاساسلىقى كورلىدا ئىككى قېتىم، ئۇچتۇرپاندا بىر قېتىم يۈز بەرگەن. ۋابا ئاساسلىقى قارا شەھەر، خوشۇتتىكى چارۋىچىلىق رايونىدا ۋە قەشقەردىكى ئات فېرمىسىدا تارقالغان. قۇرغاقچىلىق، ئۈششۈك، مۆلدۈر، قار، قارا بوران ۋە چاشقان ئاپىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا ماتېرىيال كەمچىل.

ۋاقىت جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، يۇقىرىقى ئاپەتلەرنىڭ ۋاقتى چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەڭ كۆپ يۈز بەرگىنى چېكەتكە ئاپىتى، ئاساسەن چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلىدىن 41- يىلىغىچە (1762-1776) بولغان ئارىلىققا مەركەزلەشكەن. چېكەتكە ئاپىتىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى كەلكۈن بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ51 - يىلىدىن57- يىلىغىچە (1775-1786) بولغان مەزگىلگە مەكەزلەشكەن. ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، قارا شەھەر،

يەركەن، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چيەنلۇڭنىڭ 50-، 51-، 53-، 55- ۋە 57-يىللىرى ئۈرۈمچىنىڭ كونا شەھەر رايونىغا كەلكۈن كەلگەن. ۋابا تەخمىنەن چيەنلۇڭنىڭ 21- يىلىدىن 36-يىلىغىچە (1756-1771) بولغان ئارىلىقتا تارقالغان. بۇنىڭ ئىچىدە چيەنلۇڭنىڭ 22-يىلى ئىلىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى ۋە تارباغاتاي رايونىدا چېچەك تارقالغان بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، ئۆلگەن ئادەم ۋە مال چارۋىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغان. قار ئاپىتى چيەنلۇڭنىڭ 27-يىلىدىن 57-يىلىغىچە (1762-1792)بولغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن. قۇرغاقچىلىق ئاساسلىقى چيەنلۇڭنىڭ 13-، 30-ۋە 42- يىللىرى يۈز بەرگەن. ئۈششۈك ئاپىتى چيەنلۇڭنىڭ 48- ۋە 52- يىلى يۈز بەرگەن. بۇ ئاپەتلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىدىن قارىغاندا ئۈزلۈكسىزلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئاپەتلەرنى ماكان جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا بىر قەدەر كۆپ، ئاپەتلەرنىڭ پەرقىمۇ چوڭ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىدا يۈز بەرگەن ئاپەت جەمئىي 11 قېتىم، يەنى ۋابا تۆت قېتىم، قار ئاپىتى ئۈچ قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىم، چاشقان ئاپىتى بىر قېتىم، قۇرغاقچىلىق بىر قېتىم؛ ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئاپەت جەمئىي ئالتە قېتىم، يەنى كەلكۈن ئاپىتى تۆت قېتىم، چېكەتكە ئاپىتى ئىككى قېتىم؛ قومۇلدا يۈز بەرگەن ئاپەت جەمئىي ئالتە قېتىم بولۇپ، قار ئاپىتى ئىككى قېتىم، يەر تەۋرەش بىر قېتىم، قارا بوران ئىككى قېتىم، قۇرغاقچىلىق بىر قېتىم؛ بارىكۆلدە جەمئىي تۆت قېتىم، ئىككى قېتىملىقى ئۈششۈك ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق بىلەن قار ئاپىتى بىر قېتىمدىن يۈز بەگەن؛ قەشقەردە جەمئىي ئۈچ قېتىم بولۇپ، كەلكۈن، يەر تەۋرەش، ۋابا ئاپىتى بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن؛ جىڭدا يەر تەۋرەش بىلەن چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن؛ ماناستا مۆلدۈر ئاپىتى بىلەن چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن؛ گۇچۇڭدا چېكەتكە ئاپىتى بىلەن ئۈششۈك ئاپىتى بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن؛ ئۇچتۇرپاندا يەر تەۋرەش بىلەن چېكەتكە ئاپىتى بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن؛ قارا شەھەردە كەلكۈن بىلەن ۋابا بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن؛ چېكەتكە ئاپىتى كورلىدا ئىككى قېتىم، پىچاندا بىر قېتىم يۈز بەرگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چېكەتكە ئاپىتىنى تەھلىل قىلساق، شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭغا سېلىشتۇرغاندا كۆپرەك يۈز بەرگەن. چۆچەكتە قار ئاپىتى بىر قېتىم، خوتەندە كەلكۈن ئاپىتى بىر قېتىم، يەكەندە كەلكۈن ئاپىتى بىر قېتىم يۈز بەرگەن. ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، تەبىئىي ئاپەتلەر مەركەزلىك يۈز بەرگەن، بەزىدە ئوخشىمىغان رايونلاردا مەلۇم خىل تەبىئىي ئاپەت بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن.

بۇ ماقالىدە ئىستاتىستىكىلاپ چىقىلغان تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ئاساسەن چيەنلۇڭنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، ئاپەتلەرنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، چېكەتكە ئاپىتى، كەلكۈن، يەر تەۋرەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 20 دەك رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاپەتنىڭ تارقىلىش پەرقى چوڭ، ۋاقىت جەھەتتىن مۇئەييەن ئۈزلۈكسىزلىككە ئىگە.

## 2. خۇلاسە

تەبىئىي ئاپەت بىر خىل ئىجتىمائىي ئۇقۇم، يەنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەلۇم خىل ئۆزگىرىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نورمال بەرداشلىق بېرىش كۈچىدىن ئېشىپ كەتسە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە نورمال تۇرمۇشقا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلمىگەن بولسا ۋە ئادەمسىز قاقاسلىق دالىدا يۈز بەرگەن بولسا، بۇ ئاپەت ھېسابلانمايدۇ ھەم تارىختا خاتىرىلەنمەيدۇ. چيەنلۇڭ مەزگىلى تىنچىتىش ۋە بىرلىككە كېلىش مەزگىلى بولغاچقا، ئاپەتلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى كەمچىل بولغانلىقتىن، توغرا ئىستاتىستىكىلاشقا ئامالسىزمىز. چيەنلۇڭنىڭ 13-يىلىدىن 60- يىلىغىچە (1748-1795) بولغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن 50 قېتىملىق ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگىنى بويىچە ئىستاتىستىكىلاپ چىقىلغان بولغاچقا، يەنە نۇرغۇن

ماتېرىياللار چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن ئاپەتلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى بىر قەدەر كۆپ، بۇ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش قۇرۇلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر قىسىم رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولسىمۇ يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ خاتىرىلىنىشى ئاز بولۇشتەك ئەھۋال مەۋجۇت، بۇ جەھەتتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئىزاھلار


[1] جۇڭگو تارىخىدا ئاز دېگەندە تۆت قېتىم ئاپەتلەر توپلىشىپ يۈز بەرگەن مەزگىل بولغان، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى شيا- يۈ، ئىككى خەن سۇلالىسى، مىڭ- چىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىدە ئاپەتلەر توپلىشىپ يۈز بەرگەن. خېجىچىڭ :«جۇڭگو قەدىمكى زامان ئاپەت تارىخى تەتقىقاتى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 2007- يىلى، 9-بەت.

[2] بۇ ماقالىدە، ئىلگىرىكىلەرنىڭ (شيې شۇتاۋ، سەي مېيبياۋ تۈزگەن «جۇڭگو يەر تەۋرەش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى »، 2-توپلام، پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 1987-يىلى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن«شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھاۋارايى تەزكىرىسى»؛ يۈەن لىن تۈزگەن«غەربىي شىمال ئاپەت تارىخى »، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1994- يىلى؛ لىيۇ شىڭ تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ئاپەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىلى ؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تەتقىقات بۆلىمى تۈزگەن « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كېلىمات تارىخى ماتېرىياللىرى» ‹ئىچكى ماتېرىيال›، 1981- يىلى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئىدارىسى تۈزگەن « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى »، يەر تەۋرەش نەشرىياتى، 1985- يىلى؛ ۋېن كېگاڭ، شى يۈگۇاڭ تۈزگەن «جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئاپىتى چوڭ لۇغىتى»‹شىنجاڭ توپلىمى›، ھاۋارايى نەشرىياتى، 2006- يىلى) نەتىجىلىرى پايدىلىنىلدى( بۇنىڭدىن كېيىنكى پايدىلانمىلارنىڭ ئاپتور ئىسمى ئىزاھلانمايدۇ).

[3] [7]« چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى »321-توپلام، چيەنلۇڭنىڭ13-يىلى7-ئاي؛ 655-توپلام، چيەنلۇڭنىڭ27- يىلى 2-ئاي.

[4] «ئوردا كابىنېتى قومۇلنىڭ سەيخۇدىكى قۇرغاقچىلىقتا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار بوز يەر ئاچقان رايونلاردىكى ئاھالىلەرگە قومۇل ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ئاشلىق ياردەم قىلىش يارلىقى» (چيەنلۇڭنىڭ 13-يىلى7-ئاينىڭ 29-كۈنى)، ئارخىپ نومۇرى 1255-074. جۇڭگو تارىخى 1- ئارخىپخانىسى تۈزگەن «چىڭ سۇلالىسى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش تارىخى توپلىمى» مەخسۇس ئارخىپى، رەت نومۇرى :821. (بۇنىدىن كېيىنكى بۇ ئارخىپ توپلىمىدىن ئېلىنغان پايدىلانمىلارنىڭ پەقەت ئارخىپ نومۇرى ئىزاھلىنىدۇ).

[5] چېن گاۋيوڭ: «جۇڭگۇ تارىخىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقاغان ئاپەتلەر تەزكىرىسى » (ئىككى توم)، شاڭخەي كىتابخانىسى 1986-يىلى، 1570-بەت.

[6] «ئۈرۈمچى دۇتۇڭنىڭ بارىكۆلدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئاشلىق بېرىپ تۇرغانلىق مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 42- يىلى 1- ئاينىڭ 12 -كۈنى ئارخىپ نومۇرى: 0411-067.

[8] [9] [13] ۋېن كېگاڭ، شى يۈگۇاڭ تۈزگەن «جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئاپىتى چوڭ لوغىتى» (شىنجاڭ توپلىمى)، 78-بەت.

[10][15]«چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 1301- توپلام، چيەنلۇڭنىڭ 53- يىلى 3- ئاي؛ 1294- توپلام، چيەنلۇڭنىڭ 52- يىلى.

[11] «ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى شاڭ ئەننىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق ۋە ئۆينى رېمونت قىلىشقا ياردەم بەرگەنلىك مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى 3-ئاي 29-كۈنى ئارخىپ نومۇرى :0698-067.

[12] «ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى شاڭ ئەننىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرگە بەلگىلىمە بويىچە ياردەم بەرگەنلىك مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئارخىپ نومۇرى :0416-026.

[14] «ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى خېيلۇڭنىڭ بارىكۆلدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىقنى كېچىكىپ تاپشۇرۇش ۋە ئاشلىق بېرىپ تۇرۇش مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ، 48-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى.

[16] «ئوردا كابىنېتى بارىكۆل، گۇچۇڭدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىقنى كېچىكىپ تاپشۇرۇش ۋە ئاشلىق بېرىپ تۇرۇش مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 38- يىلى3- ئاينىڭ 18-كۈنى ئارخىپ نومۇرى: 1092-076.

[17] «ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى سۇنۇمۇسلىنىنىڭ ماناستىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئاچقان رايوننىڭ مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ شۇ يىللىق سېلىقنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 38-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى ئارخىپى، ئارخىپ رەت نومۇرى: 0523-024100-2538.

[18] ۋاڭ شۇدەن تۈزگەن « شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 63-توپلام، تاغ تىزمىسى.

[19] «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»، 2- توپلام.

[20] «چىڭ رېن زوڭنىڭ رەسمىي تارىخى»، 804-توپلام، چيەنلۇڭنىڭ 33-يىلى 2-ئاي.

[21] [22] [25] [26] [28] [35]جۇڭفاڭ: «قومۇل تەزكىرىسى»، ئاسترونومىيە تەزكىرىسى، 2 ئاپەت ئەھۋالى.

[23] « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىلىمات تارىخى ماتېرىياللىرى»، 7-بەت.

www.uyghurkitap.com




[24] [40]«چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 15 ـ توپلام«گاۋزۇڭ خاتىرىلىرى».

[27]«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»، 70 ـ بەت.

[29] [30]«چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى »، 729 ـ توپلام، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى.

[31] «چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى ۋۇ چېڭتەيىنىڭ جىگدا يەر تەۋرەپ ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى توغرىسىدىكى مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئارخىپ نومۇرى: 073-0025.

[32] «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ جياڭجۈنى مىڭرۇينىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى» (چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى).

[33] «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى »، 1258 ـ توپلام، چيەنلۇڭنىڭ51 ـ يىلى7 ـ ئاي.

[34] «قەشقەرنىڭ مۇپەتتىشى مىڭلياڭنىڭ ئۇچتۇرپان، قەشقەر، ئاقسۇدىكى يەر تەۋرەشنى مەلۇم قىلىپ يوللىغان مەكتۇبى»، چيەنلۇڭنىڭ 51 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.

[36] [39] «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى »، 670 ـ توپلام، چيەنلۇڭنىڭ27 ـ يىلى9 ـ ئاي؛ 769 ـ توپلام، چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى 9 ـ ئاي.

[37] ئۈرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى سۇ چېڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى چىكەتكە ئاپىتىنى مەلۇم قىلىپ يوللىغان مەكتۇبى» (چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، رەت نومۇرى: 068-0639.

[38] كۇچانىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى ئىباۋنىڭ كۇچادىكى چىكەتكە ئاپىتىنى مەلۇم قىلىپ يوللىغان مەكتۇبى» (چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، رەت نومۇرى: 068-0639.

[41]«ئۈرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى ۋېنفۇنىڭ جىگدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئاچقان رايونىنىڭ چىكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ يازغان مەلۇماتى»(چيەنلۇڭنىڭ 32 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، رەت نومۇرى:1445-092 032-2418.

[42] «پىچاننىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى داساڭانىڭ پىچاندا يۈز بەرگەن چىكەتكە ئاپىتىنى مەلۇم قىلىپ يوللىغان مەكتۇبى» (چيەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، رەت نومۇرى: 02430-095015 -2464.

[43] «قارا شەھەرنىڭ ئىش بېجىرىش مۇپەتتىشى شى لىننىڭ كورلىدىكى چىكەتكە ئاپىتىنى مەلۇم قىلىپ يوللىغان مەكتۇبى» (چيەنلۇڭنىڭ 32 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، رەت نومۇرى: 2430-095 015-2430.

[44] «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار »، 13 ـ توپلام، «گاۋزۇڭ خاتىرىلىرى».

[45] « ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى سوئونومۇسلىنىنىڭ چىكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ شۇ يىللىق سېلىقىنى كېچىكىپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇبى»، گۇاڭشۈينىڭ 39 ـ يىلى6 ـ ئاينىڭ18 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىپىدىكى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، يارلىق رەت نومۇرى: 0118-045.

[46] « ئۈرۈمچىنىڭ دۇتۇڭى يۇڭ چىڭنىڭ چىكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئۈرۈمچى قارمىقىدىكى گۇچۇڭنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇبى»، گۇاڭشۈينىڭ 41 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىپىدىكى مانجۇ يېزىقىدىكى مەكتۇبى، يارلىق رەت نومۇرى: 1863-109 071-2688.

[47] «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى »، 1331 ـ توپلام، چيەنلۇڭنىڭ (54 ـ يىلى5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى).

[48] ۋاڭ شۇدەن تۈزگەن « شىنجاڭ تەزكىرىسى »، لەشكىرىي ئىشلار، 1099 ـ بەت.

[49] «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 12 ـ توپلام «چېگرا رايونلار5».

[50] « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىلىمات تارىخى ماتېرىياللىرى» 5 ـ بەت.

[51] «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » 644 ـ توپلام، ( چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى9 ـ ئاي).

[52] «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » 757 ـ توپلام، ( چيەنلۇڭنىڭ (31 ـ يىلى3 ـ ئاي)

[53] شۇسوڭ تۈزگەن «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە» 4 ـ توپلام.

[54] چۈن يەن تۈزگەن «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم»، 2 ـ توپلام.

[55] « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » 929 ـ توپلام، ( چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى 3 ـ ئاي).

[56] « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » 1266 ـ توپلام، ( چيەنلۇڭنىڭ 51 ـ يىلى 10 ـ ئاي).

[57] « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » 665 ـ توپلام، ( چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى 6 ـ ئاي).

[58] « چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى » 674 ـ توپلام، ( چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى 11 ـ ئاي).

[59] قوشۇمچە:(1) ماتېرىيال مەنبەسى ئېنىق بولمىغانلىقتىن، بىرقىسىم بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئېغىر بولمىغان ۋە تەكرارلانغان ماتېرىياللار خاتىرلىگۈچىسى ئېنىق ئەمەس ماتېرىياللار قاتارىغا چىقىرۋېتىلدى. (2) شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلار ۋە ئەۋەتكەن مەكتۇپتىكى ئورۇن، يەر نامى ۋە ۋاقتى بويىچە رەتلەنگەن بولغاچقا، يەر ناملىرى خاتىرىلەنگەن ئەسلىي ئىسىملار بويىچە ئېلىندى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)02-129-08

# كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان ئابىدىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا*

ئابلىكىم قۇربان تۆمۈر

(شىنجاڭ ساقچى ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى. 843011)

قىسقىچە مەزمۇنى : كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان ئابىدىلىرىنى باشقا ئابىدىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇلار مەيلى مەزمۇن ياكى تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ماقالىدە، بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ تارىخ تەتقىقاتى، يېزىق، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە دىن جەھەتلەردىكى تارىخىي قىممىتى توغرىسىدا نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**: 阙特勤碑和毗伽可汗碑与其他碑铭相比，无论是在内容上还是在语言特点上在古代突厥碑铭中占有较特殊的地位。本文重点论述关于这两个碑铭的历史研究、文字、文学、艺术及宗教等方面的历史价值。

**Abstract:** Compared with other ancient inscriptions Bilga Qahan and Kul Tigin inscriptions have most important status either their contents or language features. This article mainly discusses the historical values on history, literals, literature, art and religion of these two inscriptions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئابىدە يەنى مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئاساسەن دېگۈدەك قاغانلارنىڭ ۋە تەدبىرلىك ۋەزىرلەرنىڭ نامىغا ئورنىتىلغان ۋە شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرى ئۇچۇن ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان، قاغان ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى بايان قىلىنغان خاتىرە تاشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەڭگۈ تاشلاردا كۆك تۈرك ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى، ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار، ئاشۇ دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، ياشىغان جايلىرى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەمدە قاغانلارنىڭ نەسەبنامىسىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ مەڭگۈ تاشلار باشقا تارىخىي يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ھەقتە دانىيەلىك شەرقشۇناس ئالىم ۋىلىيام تومسېن (Vilhem.Thomsen) مۇنداق دېيدۇ: مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ قەدىمكى، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ بارلىق بوران- چاپقۇنلىرىدىن ئامان قالغان يازما يادىكارلىقتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىياللار بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك بولغان تولۇقلىما يادىكارلىقتىن ئىبارەت»[1].

مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى 18- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىن 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغىچە روسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، شىۋېتسىيە، فىنلاندىيە ۋە دانىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، ئارخېئولوگلىرى ۋە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئورقۇن دەريا ۋادىسى، بايقال كۆلى ئەتراپى، سىبىرىيە شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇپ يېزىلغان بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى تۇنجى بولۇپ تومسېن ۋە رۇسىيەلىك ئاكادېمىك ۋ. رادلوف (W.Radloff)

*بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 11-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىكىم قۇربان تۆمۈر (1984 ـ يىلى 1- ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىر، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاتارلىقلار ئوقۇپ چىققان ۋە يەشمىسىنى بەرگەن.

كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرى بىرلا ۋاقىتتا 1889 ـ يىلى يادرىنتسېۋ (Yaderintsew) باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تەرىپىدىن موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇ-سايدام دېگەن يەردىن تېپىلغان. بۇ ئابىدىلەر ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا ساقلانماقتا.

1893 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تومسېن دانىيە خان جەمەتى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى يىغىنىدا، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى غەلىبىلىك ھالدا ئوقۇغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ تۇنجى بولۇپ بۇ خىل يېزىقنى ئوقۇغان شەخس ھېسابلاندى. تومسېن ئاۋۋال «كۆل تېگىن (阙特勤) ۋە بىلگە قاغان (毗伽可汗)» مەڭگۈ تېشىغا ئويۇلغان تاڭ سۇلالىسى كەيۈەننىڭ 2 ـ يىلى دېگەن يىلنامە ۋە خەنزۇچە قىسىمغا ئاساسەن، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تۈرك خانلىقى دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە تۈرك يېزىقىدا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ۋە بۇ يېزىقتىكى بەلگىلەرنىڭ سانىغا ۋە تۈركىي تىللاردىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ھەمدە «阙特勤» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچىدىكى تەلەپپۇزى(-k'iwát-te(k)gin)غا ئاساسەن «كۆل تېگىن» سۆزىنى ئوقۇغان[2]. ئاندىن بىر-بىرلەپ «türk، täŋri» سۆزلىرىنى ئوقۇغان. مۇشۇ ئاساستا قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى ئوقۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولغان.

1894 -يىلى رادلوف بۇ ئىككى مەڭگۈ تاش تېكىستىنى لاتىن ۋە سلاۋيان يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن ئېلان قىلغان. رادلوفنىڭ بۇ تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى تاش بېرىلگەن «موڭغۇلىيەدىكى قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (蒙古古代突厥碑文研究) ناملىق كىتابى سەل ئالدىراقسانلىق بىلەن ئېلان قىلىنغاچقا، بۇ ئەسەردە مەسىلىلەر خېلىلا كۆپ سادىر بولغان. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، يەنى 1897 -يىلى ئۇ يەنە بۇ كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. شۇنداقلا بۇ كىتابتا قەدىمكى تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ھەمدە سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرقايسى ئەللەردىكى تۈركولوگ ۋە ئالىملار بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئېلىمىزدە بۇ ئىككى مەڭگۈتاش 1958 -يىلى سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى (岑仲勉) يازغان ئىككى توملۇق «تۈرك تارىخى توپلىمى» (突厥集史) دېگەن ئەسەردە خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن تونۇشتۇرۇلغان.

«كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» پىرامىدا شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 3.15 مېتىر، ئاساسىنىڭ كەڭلىكى 1.24 مېتىر، قېلىنلىقى 0.41 مېتىر كېلىدۇ (1 ـ رەسىم).



1 ـ رەسىم كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقىي يۈزى



2 ـ رەسىم: بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ شىمالىي يۈزى

ئابىدىنىڭ يۈزى بەش قىرلىق قالقان شەكلىدە بولۇپ، ئابىدىنىڭ بىر يۈزىگە قاغاننىڭ تۇتېمى سىزىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە خەنزۇچە بېغىشلىما ۋە تاش ئابىدە تىكلەنگەن ۋاقىت 732 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، دېگەن خەتلەر يېزىلغان[3]. بۇ ئابىدە كۆل تېگىننىڭ ئاكىسى بىلگە قاغان( 684-734 ياشىغان) تەرىپىدىن تىكلەنگەن[4]. كۆل تېگىن (685-731 ياشىغان) كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاكىسى بىلگە قاغاننىڭ

خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ خانلىق ئۈچۈن زور تۆھپە كۆرسەتكەن. بۇ ئابىدىدە 66 قۇر خەت چوڭ-كىچىك ئىككى تاشقا ئويۇلغان. چوڭ تاشتا 53 قۇر، كىچىك تاشتا 13 قۇر خەت بار. ئابىدىدىكى پۈتۈن تېكىستتە بىلگە قاغاننىڭ ئاغزاكى تىلى ئارقىلىق كۆل تېگىننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە تۆھپىلىرى تەسۋىرلەنگەن.

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ سىرتقى شەكلى كۆل تېگىن ئابىدىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ئابىدە ئۆرۈلۈپ ئۈچ پارچە بولۇپ كەتكەن. كېيىن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن (2- رەسىم). بۇ مەڭگۈ تاش 735- يىلى بىلگە قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى تەڭرى قاغان تەرىپىدىن تىكلەنگەن بولۇپ، ئوخشاشلا بىلگە قاغاننىڭ ئاغزاكىي بايانىدۇر. ئەمما يەنە بىرقىسىم تەڭرى قاغان (735-741 تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ دادىسىنىڭ تۆھپىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇغان جايلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ[5]. ئابىدىدە 80 قۇر خەت بار.

بۇ ھەر ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ غەربىي يۈزىدە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ يېزىپ بەرگەن خەنزۇچە قىسمى بار بولۇپ، بۇنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدا پۈتۈلگەن قىسمى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنىشى يوق. ئەمما ئۇنىڭغا ئويۇلغان خەنزۇچە يىلنامىلەرگە ئاساسەن، تەتقىقاتچىلار بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتى ۋە يىلنامىلەرنى بېكىتكەن. بۇ مەڭگۈ تاشلار مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

## 1. كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى قىممىتى

بۇ ئىككى مەڭگۈ تاش باشقا مەڭگۈ تاشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، يەر-جاي ناملىرى، قەبىلە، كىشى ئىسىملىرى قاتارلىق خاس ئىسىملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاشۇ جايدا ياشىغان مىللەت ۋە قوۋملەرنىڭ، جايلارنىڭ ئېتنوگرافىيەسىنى، تارىخىي ۋەقە ۋە يىلنامىلەرنى ئېنىقلاشتا، كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى قاغانلارنىڭ نەسەبنامىسىنى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى، قەبىلىلەر ئارىسىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنى، ياشىغان ئورۇنلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاشتا بىزنى قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ئوخشاش بولغانلىقتىن، ۋاقىت ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇنداقلا بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان خەنزۇچە ۋە باشقا تىل-يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا مۇنۇ مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىمىز: «كۆل تېگىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ھازا مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇردۇق. قەبرىسى، ھەيكەللىرى (ۋە) تاش پۈتۈكىنى مايمۇن يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتتۈردۇق. كۆل تېگىن ئۆزى (؟) قىرىق يەتتە ياشتا ئىدى. تاش(قەبرە ئۈستىلىرىنى)، بۇنچە رەسسام (ۋە) ھەيكەلتىراشلارنى تويغۇن ئېلتەبىر ئەكەلدى»[6]. «ئۇنىڭدىن كېيىن تابغاچ خاقانىدىن بەك كۆپ سەنئەتچى كەلتۈردۇم. (تابغاچ خاقانى) مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويمىدى. ئۆزىنىڭ ساراي سەنئەتكارلىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلارغا كارامەت بىر تېۋىناق ياساتتىم...»[7]. دېمەكچىمىزكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەڭگۈ تاشلاردىكى تابغاچلارنىڭ قەبرە ياساش ئۈچۈن تۈرك ئېلىگە ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ ناھايىتى ئېنىق مەزمۇنلار قەيت قىلىنغان. يەنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «يېڭى تاڭنامە ۋە كونا تاڭنامە»دە بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەر بار. مەسىلەن: كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى توغرىسىدا «كونا تاڭنامە»نىڭ 194-جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كۆل تېگىن ئۆلگەندىن كېيىن (تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنزۇڭ) پىيادە قىسىملار سەركەردىسى جاڭچۇيىي ۋە ئوردا ئەمەلدارى ئۇرپاق بەگ لۈي شياڭنى ئالاھىدە يارلىق بىلەن فەن(تۈركلەرنى دېمەكچى)لەرگە تەزىيە

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرۈشكە ۋە مەڭگۈ تاشنى ئورنىتىشقا ئەۋەتكەن. مەڭگۈ تاشنىڭ خېتىنى پادىشاھ ئۆزى تۈزۈپ بەرگەن...». بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى ياشىغان 13 ـ ئەسىردىكى دۆلەتمىز شائىرى يىلۋي جۇ «شۇڭشۇدىكى تەركىي دۇنيالىق خاتىرىلىرى توپلىمى» («قارا قۇرۇمنى ئېلىش» دېگەن شېئىرغا ئىزاھات)تا مۇنداق دەپ يازغان: «قۇرۇم شەھىرى بىلگە قاغاننىڭ قەدىم جايى، سۈيبى يىلى مۇقەددەس تاڭ پادىشاھى تەيزۇڭ مۇشۇ يەرگە شەھەر سالدۇرۇپ، ۋەنئەن ئوردىسىنى قۇرغان. شەھەرنىڭ 70 يول غەربىي شىمالىدا بىلگە قاغان ئوردىسىنىڭ خارابىسى بار. ئۇنىڭ 70 يول شەرقىي شىمالىدا تاڭ مىڭخۇاڭنىڭ كەييۈەن رېنشىن يىلى (مىلادىيە 732 ـ يىلى) ئۆزى يېزىپ، خېتىنى ئۆزى پۈتتۈرگەن كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى بار»[8].

كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرى ئاز دېگەندىمۇ 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. شۇنداقلا بۇ ئەدەبىي مىراسلار نوقۇل ھالدىكى بىرەر شەخس ياكى ئورۇن تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋردە ياشىغان شەخسلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، قاغانلىقنى تىنچلاندۇرۇش، مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئۇلارنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تاشقا ئويۇلغان ھەمدە زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالغان. كۆل تېگىن ۋە بىلگەن قاغان مەڭگۈ تېشىدا دۇنيا ۋە ئىنسان بالىسىنىڭ يارىتىلىشى بىلگە قاغاننىڭ دەبدەبىلىك نۇتۇقلىرى ئارقىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ بىرىنچى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۇنىڭ راۋاجىنى خۇلاسىلىگەندىن كېيىن، ئىككىنچى تۈرك خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىن تارتىپ، 731 ـ يىلى كۆل تېگىننىڭ ئۆلۈمىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي ۋە ھەربىي تارىخنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. مەسىلەن: مۇنۇ ئابزاسلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى: «ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان باللىرىنىڭ ئۈستىدە ئاتىلىرىم، دادىلىرىم بۇمىن خاقان (ۋە) ئىستەمى خاقان قاغان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ، قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ...»؛ «ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىلىرى قاغان بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن (كېيىن ئىنىلىرى ئاكىلىرىدەك) ئوغۇللىرى ئاتىلىرىدەك يارىتىلماپتۇ. ئەقىلسىز خاقانلار تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىمۇ ئەقىلسىز ئىكەن........ تەختتىكى خاقاندىن ئايرىلىپ قاپتۇ...». «ئاتام خاقان ئون يەتتە ئەر بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. ‹(ئىلتەرىش) ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ› دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ، شەھەردىكىلەر تاغقا چىقىپتۇ. تاغدىكىلەر شەھەرگە چۈشۈپتۇ، بۇلار يىغىلىپ يەتمىش كىشى بولۇپتۇ...». «ئاتام خاقان شۇنداق دۆلەتنى (قۇرۇپ)، قانۇنلارنى يولغا قويۇپ ۋاپات بولۇپتۇ. ئاتام خاقان ئۈچۈن (تاغام خاقان) ئالدى بىلەن بېقىنما خاقاننى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ». «ئاتام خاقان ۋاپات بولغاندا مەن سەككىز ياشتا قالدىم. ئۇ ۋاقىتتىكى تۈزۈمگە ئاساسەن تاغام خاقان (بولۇپ) چىقتى. تەختكە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى (ۋە) يېڭىباشتىن بېقىپ تويغۇزدى. يوقسۇلنى باي قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى. تاغام خاقان تەختتە ئولتۇرغاندا مەن شاھزادە ئورنى(دا ئىدىم؟...) تەڭرى شۇنداق بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ئون تۆت يېشىمدا تاردۇش خەلقىگە شاھ بولۇپ ئولتۇردۇم...». «شۇ نادانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن، ناچار قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرىڭلار تۈپەيلىدىن تاغام خاقان ۋاپات بولدى...». «مەن ئۆزۈم خاقان (بولۇپ) تەختتە ئولتۇرغىنىمدا، ھەر تەرەپكە كەتكەن خەلق ئۆلە ـ تىرىلىشكە قارىماي يالىڭاياق ـ يالىڭاچ قايتىپ كەلدى...»[9].

يۇقىرىقى بايانلاردىن باشقا، يەنە بىلگە قاغاننىڭ ھەر قايسى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ئۇنىڭ ياش تەرتىپى بويىچە ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلاردىن بىز بىر قاتار تارىخىي خاتىرىلەرنى روشەن ھېس قىلالايمىز. گەرچە بۇ يادىكارلىقتا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار ئانچە مۇكەممەل ئەمەستەك، شەيئىلەرگە قارىتا ھېچنېمە دېيىلمىگەندەك ۋە ياكى بەزى جايلاردا بەك ئاشۇرىۋېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بىز بۇ يادىكارلىقنىڭ چىنلىقىغا كۆز يۇمالمايمىز. يەنە كېلىپ بىز بۇ ئابىدىلەردە تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ ئۇچۇرلارنىڭ خەنزۇچىدىكىسى بىلەن ئوخشاشلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق بولغانلىقتىن بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## 2. يېزىق تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى

قەدىمكى تۈرك يېزىقى موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۈرك خانلىقى (مىلادىيە 552-744) ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 744-840)، تەۋەلىكىدىكى قوۋملار (بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمدە يېنسەي دەريا ۋادىسىدا ياشىغان قىرغىزلارمۇ) ئىشلەتكەن يېزىق. تۈرك مەتنىلىرىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 1300 يىللىق تارىخ مابەينىدە قوللانغان ئەڭ بۇرۇنقى تەرتىپلىك ۋە رەسمىي يېزىق سىستېمىسىدىن ئىبارەت. تۈركلەر تىلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللانغان بۇ يېزىق سىستېمىسى، قەدىمكى ئىسكەندىنوۋ يازمىلىرىدا قوللانغان رۇنىك (گوتچە «سىرلىق، نامەلۇم») يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ياۋروپا ۋە رۇس تۈركولوگلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سىبىرىيە رۇنىك يېزىقى، يېنسەي رۇنىك يېزىقى، رۇنىك يېزىقى ۋە تۈرك-رۇنىك يېزىقى قاتارلىق نامىلار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئاتاش تېخى بىرلىككە كەلمىدى. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقى ھەققىدە تەتقىقاتچى ئالىملار، بۇ يېزىق سىستېمىلىرى ئۈچۈن كۆك تۈرك ئېلىپبەسى، ئورقۇن (orhon,orkun,orkon) ئېلىپبەسى، تۈرك ئېلىپبەسى، ھەتتا كۆك تۈرك مىخ يېزىقى قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەنمۇ نام بەرمەكتە[10].

قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئۆرنەكلەر 7-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا ئائىتتۇر. ئەمما ئېلىپبەنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرىلا تۈركلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقىغا دائىر مەسىلىلەر تېخى ئالىملار ئارىسىدا تالاش-تارتىش ئىچىدە تۇرىۋاتىدۇ. قەدىمكى تۈرك يېزىق سىستېمىسىنىڭ تۈركلەر ئارىسىدا قوللىنىلىش تارىخىنى ئارخېئولوگىيەنىڭ ياردىمى بىلەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى5- 4- ئەسىرلەرگە قەدەر سۈرگىلى بولىدۇ. ئارخېئولوگىيە، تارىخ ۋە جۇغراپىيە دائىرىسى جەھەتتە، بۇ يېزىق سىستېمىسىنىڭ بايقال كۆلى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا ۋە يېنسەي ئەتراپلىرىدىلا ئەمەس، يەنە ئاسىيانىڭ غەربىدىكى تالاس دەريا ۋادىسىدا، شىمالىي كاۋكازدا تارقالغانلىقىنى ۋە يەنە ياۋروپاغا قەدەر سوزۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.



3- رەسىم بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقىي يۈزىدىن تارتىلغان كۆرۈنۈش

كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ يېزىق شەكىللىرى، يېزىش ئۇسلۇبلىرى ۋە ئورنىتىلغان ۋاقتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ دەۋردە تۈركلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا مۇكەممەل بىر يېزىق سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ جەھەتتە كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىدىن باشقا يەنە قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن تاشلارغا ئويۇپ يېزىلغان نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلار ۋە 9- ئەسىرگە تەۋە دەپ قارالغان «ئىرق بىتىك» نىڭ تىل، يېزىق ئالاھىدىلىكلىرى بۇ نۇقتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بىز بۇ يېزىقتا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ، شۇنداقلا ئورقۇن-يېنسەي دەريا ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا بىر قاتار رايونلاردا ياشىغان مىللەت ۋە قوۋملەرنىڭ يېزىق تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز. ھالبۇكى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بۇ يېزىقنى قايسى دەۋردىن باشلاپ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ

www.uyghurkitap.com



نۇقتىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 3. سەنئەت تارىخىمىزدىكى قىممىتى

مەڭگۈ تاشلارنىڭ سەنئەت تارىخىنى ئويمىچىلىق ۋە خەتتاتلىقتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ. مەڭگۈ تاشلارنىڭ خەت شەكلى، تاشقا ئويۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەپسىلىي كۆزەتكەندە، ئۇلاردا ئۆز ئالدىغا سەنئەتلىك شەكىلنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يەنە بىر مەڭگۈ تاشتىكى مۇنۇ ئابزاسلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى:كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىدا «بۇنچە خەتنى يازغان:كۆل تېگىننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن (مەن) يازدىم. يىگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ بۇ تاشقا، بۇ تامغا يوللۇغ تېگىن (مەن) يازدىم». بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا «بىلگە خاقان تاش پۈتۈكىنى (مەن) يوللۇغ تېگىن يازدىم. بۇنچە ئابىدە، رەسىم ۋە ھەيكەللەرنى، نەقىشلەرنى... خاقاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن، مەن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يازدىم، بېزىدىم(ۋە ياراتتىم؟)»[11]. بۇ ئابزاسلاردىن، شۇنىڭدەك كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان ئابىدىلىرىنىڭ سىرتقى ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرىدىن ھەممىدە مۇشۇ ئابىدىلەر تىكلەنگەن جايلاردىن تېپىلغان تۈرلۈك ھەيكەللەر، مەڭگۈ تاش ۋە تاملارغا سىزىلغان رەسىملەر، كومزەك پارچىلىرى ۋە ئۇلارغا ئويۇلغان خەتلەر، پادىشاھنىڭ تاجى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان بۈركۈت شەكلى قاتارلىقلاردىن ئاشۇ دەۋرنىڭ ئويمىچىلىق ۋە خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ناھايىتى روشەن سىماسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئابىدە تېكىستلىرىدىكى ناھايىتى چىرايلىق ۋە رەتلىك ئويۇلغان خەتلەرمۇ بۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مىڭ ئۆيلەر شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگىنىدەك، مەڭگۈ تاشلاردىكى بۇ خىل سەنئەت ئامىللىرى دەل شۇ دەۋرنىڭ سەنئەت تارىخىنىڭ جانلىق شاھىدى.

شۇلاردىن كۆرۈۋالالايمىزكى، ئاشۇ دەۋردىكى سەنئەت، جۈملىدىن خەتتاتلىق ۋە ئويمىچىلىققا ئوخشاش سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئەينى دەۋر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.



4ـ رەسىم كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ غەربىي يۈزىدىكى ئېمىۋاتقان بالا تەسۋىرى[12]

## 4. ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى قىممىتى

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇل دالاسى، يەتتە سۇ رايونى، شۇنىڭدەك ياۋروپاغا قەدەر سوزۇلغان بىر قاتار رايونلاردىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك تىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلىنى بۇ ئابىدىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خۇددى بۇ يەردە دەۋر جەھەتتىن بىر بوشلۇق باردەك، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەر مەۋجۇتتەك بىلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئىنتايىن مۇكەممەللىكىگە، شۇ دەۋردىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىگە، ھەممىدە ھەرخىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىنى بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق دەپ ئېيتالايمىز.

بىز مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مىراسنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قەدىمكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى مول ئىپادىلەش

ئىقتىدارىنى، شۇ دەۋردىكى بەدىئىي شەكىللەرنى، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئېلېمېنتلىرىنى ئايرىپ چىقىپ، ئاشۇ مەزگىلدىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. شۇنداقلا ئابىدىلەردىكى مەزمۇنلاردىن تەزكىرە ژانىرىنىڭ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇنىڭدىن سىرت بايان، تەسۋىر دېگەندەك ھەرخىل تەسۋىرىي ۋاستىلەر، سىمۋول قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدىن، ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم ژانىر ۋە بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ تارىخىي سىماسىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىز كېيىنكى دەۋردىكى «قۇتادغۇ بىلىك»تەك شاھانە ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە خېمىرتۇرۇچ بولغان ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشتىكى مۇھىم تارىخىي مەنبە بولغان. قىسقىسى بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت ۋە شۇ دەۋردىكى تىل-ئەدەبىياتنىڭ يېگانە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىز خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئەينى دەۋردىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى ۋە دىن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممىتى

مەڭگۈ تاشلاردىكى ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش، دىنىي ئېتىقادنى ئاساسەن دېگۈدەك «كۆك تەڭرى» چۈشەنچىسى بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە چوقۇنغان قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، يەر، سۇ قاتارلىقلارنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، «كۆك تەڭرى» چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ھېسابلانغان «تەڭرى دىنى»[13]نىڭ مەركىزىي قىسمىدىن ئورۇن ئالغان. «كۆك تەڭرى»نى ئاسماندا دەپ بىلگەن ھەمدە ئۆزلىرىگە ھاياتلىق بەرگۈچى، بارلىق ئىشلىرىنى بەلگىلىگۈچى، ھەممىگە قادىر روھىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ياراتقۇچىسى، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىرادىگە ئىگە قىلىدىغان مەۋجۇتلۇق دەپ چوقۇنغان.

بۇ خىل ئېتىقاد شەكىللىرىنى بىز كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. يەنى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا «ئۈستىدە كۆك ئاسمان، ئاستىدا قوڭۇر يەر يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ.» «كۆكتىكى تۈرك تەڭرىسى، تۈرك مۇقەددەس يەر (ۋە) سۇ (روھلىرى) شۇنداق قىپتۇ، شۇبھىسىز: تۈرك خەلقى يوق بولمىسۇن، خەلق بولسۇن دەپ، ئاتام ئىلتەرىش خاقاننى (ۋە) ئانام ئىلبىلگە قاتۇننى كۆك ئۈستىدىن تېخىمۇ ئېگىزگە كۆتۈرۈپتۇ شۇبھىسىز». «ئەي تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى (ۋە) خەلقى، ئىشتىڭلار! ئۈستىمىز(دىكى) ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىگىچە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلمىغۇچە، (ئەي) تۈرك خەلقى، (سېنىڭ) دۆلىتىڭنى كىم (ۋە) قانۇن-تۆرۈلىرىڭنى كىم ئۆرۈپ بۇزالايتى...». «شۇنداق غالىب كېلىپ... تەڭرى بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئوتتۇز ئۈچ يېشىمدا... يوق ئىدى. ...كىشى بېقىپ تويغۇزغان باتۇر خاقانغا ئاھانەت قىلدى. (بۇ قىلىقتا) يۇقىرىدىكى تەڭرى، (پەستىكى) مۇقەددەس يەر (ۋە) سۇ (روھلىرى بىلەن) تاغام خاقاننىڭ روھى يول قويمىدى، شۇبھىسىز. توققۇز ئوغۇز خەلقى يېرىنى، يۇرتىنى تاشلاپ تابغاچقا كەتتى. تابغاچ ... بۇ يەرگە كەلدى»[14].

يۇقىرىقى ئابزاسلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركلەرنىڭ، شۇنداقلا مۇشۇ زېمىندا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئېڭىدا «كۆك تەڭرى» باشچىلىقىدىكى يەر ۋە سۇ تەڭرىسى ۋە باشقا تەبىئەت جىسىملىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىلاھىيەتچىلىك ئېتىقاد سىستېمىسى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان. كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىدىن باشقا، بىز يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە يايلاقلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ۋە ياكى شۇ جايلاردىكى قىيا تاش-تۆپىلىكلەرگە ئويۇلغان رەسىملەردىنمۇ بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەلەيمىز. بىز بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ «كۆك تەڭرى» چۈشەنچىسى ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ بۇ مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى

تۇرمۇشى شۇنداقلا كۈندىلىك ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نۆۋەتتە چەتئەللەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى جۈملىدىن قەدىمكى تۈرك تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ۋە ياكى دىنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن خېلىلا چوڭقۇرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئېلىمىزدە تېخى يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭلاشقا، مەڭگۈ تاشلارنى تەتقىق قىلىش نۆۋەتتىكى قەدىمكى ئەسەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ تىل بايلىقىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ۋە تارىخ تەتقىقاتىمىزنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇرۇنقى ۋە دەۋرداش باشقا ئابىدىلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ۋەقەلىرىگە ئاساسەن، ئاشۇ كەڭرى كەتكەن زېمىندا ھايات كەچۈرگۈچى مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيە، سىياسىي، مىللەتشۇناسلىق ۋە دىنشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى ئومۇمىي نۇقتىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ بېرەلەيمىز.

## ئىزاھلار


[1] رېنا گىرود (Renē Giraud): «شەرقىي تۈرك قاغانلىقى ئابىدىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (东突厥汗国碑铭考释) [M]، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تارىخ تەتقىقات ئورنى، 1984 ـ يىلى، 2 ـ بەت.

[2] گېڭ شىمىن (耿世民): «قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئابىدىلىرى تەتقىقاتى» (古代突厥文碑铭研究) [M]، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 27 ـ بەت.

[3] س.گ. كىلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 110 ـ، 111 ـ بەتلەر.

[4] كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن دېيىلگەن قاراشمۇ بار. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 63 ـ بەت.

[5] بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، جەنۇب تەرەپ 10 ـ، 15 ـ قۇر، غەرب تەرەپتىكى ئالتە قۇر تېكىست.

[6] [7] [9] [11] [14] تالات تېكىن: «ئورقۇن ئابىدىلىرى» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 69 ـ، 79 ـ، 81 ـ، 83 ـ، 85 ـ، 87 ـ، 91 ـ، 93 ـ، 101 ـ، 109 ـ بەتلەر.

[8] ش.ئۇ.ئا.ر. مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تۈزگەن: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى (1)» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 174 ـ، 173 ـ بەتلەر.

[10] خەدىچە شىرىن ئۇسەر (Hatica Şirin USER): «قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تۈرك يېزىق سىستېمىلىرى (Başlangıcından Günümüze TURK YAZI SISTEMLERI)» [M]، ئاقچاغ نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 28 ـ، 29 ـ بەتلەر.

[12] بارلىق رەسىملەر چېڭگىز ئالىيلماز (Cengiz ALYILMAZ) نىڭ «ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى (ORHUN YAZITLARININ BÜGÜNGÜ DURUMU)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى [M]. كۇرماي نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 5 ـ، 14 ـ، 126 ـ، 138 ـ بەتلەر.

[13] شىمالىي جۇڭگودا ياشىغان قەدىمكى تۈركلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىكى خەلقلەرنىڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقادى (ئىپتىدائىي دىنىي ھادىسىلەر ۋە مىللەت دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولسا تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئاساسىدا ۋە مۇستەقىل سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇش مەقسىتىدە شەكىللەنگەن، تەبىئەتكە چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش، ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش قاتارلىق شەكىللىرى ۋە كۆك تەڭرى يادرولۇقىدىكى ئانا تەڭرى ئوماي، يەر، سۇ تەڭرىسى قاتارلىق تەڭرىلەردىن تەشكىل تاپقان دەسلەپكى كۆپ تەڭرىلىك دىن ــ «تەڭرى دىنى» دۇر. ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 249 ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2013)02-137-04

# كۇتۇپخانىلاردا كىتاب، گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە ئىزدىنىش*

خالىدە ئەسمەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە، كۇتۇپخانىلاردا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، شۇنداقلا بۇلارنى باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر ۋە پەرقلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ھەمدە بۇ خىزمەت داۋامىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：这篇文章讲述了在图书馆管理图书，报纸，杂志工作的重要性，以及管理它们的特点和区别。并且讨论了在这个工作中需要注意的几个要点。

**Abstract:** This paper mainly points out the importance of books, newspapers and magazines management work of library, and discusses several important factors in the management work.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G25 ماتېرىيال بەلگىسى: A

كۇتۇپخانا كىتاب، گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇش ئورنى بولۇپ، كىتاب، گېزىت- ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتى پۈتكۈل كۇتۇپخانا خىزمىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. كۇتۇپخانىلار تەشكىللىك، سىستېمىلىق، پىلانلىق، قەرەللىك ھالدا كىتاب، گېزىت- ژۇرناللارنى كىرگۈزۈپ، تۈرلەرگە ئايرىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەرقايسىسىنى ئۆز تۈرى، رىتىمى، تەرتىپى بويىچە ساقلاپ، كۇتۇپخانا ھۆججەت، ئۇچۇر، ماتېرىيال جۇغلانما بايلىقىنى بەرپا قىلىدۇ، ئەمما كىتاب، گېزىت- ژۇرنال باشقۇرۇشتا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. كىتاب

كىتاب كۇتۇپخانىنىڭ ئاساسىي بايلىقى، مۇقىم مۈلكى بولۇپ، كىتاب باشقۇرۇش خىزمىتى كۇتۇپخانا خىزمىتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. كىتاب، كۇتۇپخانىلارغا ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋە ھەرقايسى چوڭ-كىچىك كىتابخانىلاردىن ھەمدە ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن بىۋاستە ئېلىپ كېلىنىپ، ئالدى بىلەن كۇتۇپخانىلارنىڭ تېخنىكا بۆلۈملىرىگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۇتۇپخانىنىڭ جۇغلانما بايلىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ. يەنى كىتابلار تۈرلەرگە ئايرىلىپ، كەسىپ بويىچە كۇتۇپخانا مۈلۈك رەت تەرتىپى تۇرغۇزۇلۇپ، ھەربىر كىتابقا ئايرىم-ئايرىم ھالدا كىتاب ئىسمى، ئاپتورى، نەشر قىلغان ئورۇن، ۋاقىت، تۈرى ۋە رەت تەرتىپى، مۈلۈك نومۇرى (سىزىقسىمان نومۇر) قاتارلىقلار بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە ئۇ ئۆز تۈرى بويىچە ھەرقايسى بۆلۈملەرگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە تۈرى، رەت تەرتىپى بويىچە جازىلارغا تىزىلىدۇ. ھەر بىر كىتابتىن بىر نۇسخىدىن ئايرىم مۈلۈك قاتارىدا ساقلاپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ئارىيەت بېرىش- ئېلىش مەشغۇلات جەريانى باشلىنىدۇ. كىتابنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ قايسى مىللەت ياكى خەلققە تەۋە ئىكەنلىكى، نەشر قىلىنغان ۋاقتى، فورماتى، تىرازى، قېلىن - نېپىزلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىپادە قىلماقچى بولغان مەزمۇنى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

1. ئۆلچەملىك نومۇر؛ 2. كىتاب ئىسمى؛ 3. ئاپتور ياكى تەرجىمان؛ 4. ئىنۋېنتار نومۇرى (كەسپىي تۈر

*بۇ ماقالە 2012 - يىلى 11- ئاينىڭ 15-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
**ئاپتور:** خالىدە ئەسمەت (1960 - يىلى 9-ئايدا تۇغۇلغان)، باشقۇرغۇچى، كۇتۇپخانا مۇلازىمىتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



نومۇرى)؛ 5. مۈلۈك نومۇرى؛ 6. MARC نومۇر(ماشىنا ئارقىلىق ئوقۇلىدىغان مۇندەرىجە نومۇر)؛ 7. باش سۆز(ئاچقۇچلۇق سۆز)؛ 8. تويلام؛ 9. تۈر نومۇرى؛ 10. سىزىقسىمان نومۇر؛ 11. نەشرىيات؛ 12. نەشر ۋاقتى؛ 13. پىنيىنچە كىتاب ئىسمى؛ 14. ئاپتورى ياكى تەرجىماننىڭ ئىسمى (پىنيىنچە) يېزىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۇتۇپخانىلاردا كىتاب باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ھەم قىيىنلىق دەرىجىسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىر كىتابنىڭ كۇتۇپخانىغا كىرىشى ۋە مۈلۈك بولۇشى نۇرغۇن مۇرەككەپ جەريانلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ، شۇڭا ھەرقانداق بىر كىتاب كۇتۇپخانا ئۈچۈن بىر قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بىز كىتابنىڭ كۇتۇپخانىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ مۈلۈك بولۇش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە توختالدۇق. لېكىن كۇتۇپخانىدىكى ھەربىر كىتاب ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ مۈلۈك بولۇش جەريانى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىممەت يارىتىشىدۇر. يەنى كىتابنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىدۇر. ھەرقانداق بىر كىتاب پايدىلىنىلغاندىلا ئاندىن ئۇ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. كىتابقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشى كۇتۇپخانا خىزمىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ ياخشى باشقۇرۇلغاندىلا ئاندىن، ئۇزۇن مۇددەتلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بىر ياخشى كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە كۆپلەپ مەنپەئەت ئېلىپ كېلەلىشى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن قالسىلا باشقۇرۇلۇش، ساقلىنىش جەھەتتە مۇنتىزىم، سىستېمىلىق، تەرتىپلىك، ئىلمىي، بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز مەلۇم بىر كىتابنىڭ سىزىقلىق نومۇرىنى كومپيۇتېرنىڭ ئوقۇش كۆزنىكىگە توغرىلىساق، شۇ كىتابنىڭ بارلىق ئارخىپى ئېكرانىدا ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كىتابنى قولىمىزغا ئېلىپ، ئۇنىڭ سىزىقلىق نومۇرى بولغان 755MWS00029242 نى كومپيۇتېرنىڭ ئاپتوماتىك ئوقۇش كۆزنىكىگە توغرىلىساق ئېكرانىدا دەرھال «مىڭ دەرد دەۋاسى»، راھىلە باقىيېۋا ئايان بولىدۇ. يەنە بىز بىر كىتابنىڭ ئىسمىنى بىلىپ، باشقا ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشمەكچى بولساق، كومپيۇتېر ئېكرانىغا كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب ئىزلەش سىستېمىسىنى توغرىلاپ، ئۇنىڭدىكى كىتاب ئىسمى دېگەن مۇندەرىجىنى ئېچىپ، كىتاب ئىسمى ياكى كىتاب ئىسمىنىڭ باش بۆلىكىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىقلا شۇ كىتاب ھەققىدە ئېرىشمەكچى بولغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىمىز. «ئورخۇن شەجەرىسى» ناملىق كىتابنى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئۇچۇرلىرىنى ئىزدىمەكچى بولساق، كومپيۇتېردىكى ئېكراندا كۆرۈنۈۋاتقان كىتاب ئىزدەش سىستېمىسىنىڭ «كىتاب ئىسمى» دېگەن كۆرسەتكۈچكە نۇر بەلگىسىنى توغرىلاپ، ئېچىلغان كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن «ئورخۇن» سۆزىنى كىرگۈزسەكلا ئېكراندىكى جەدۋەلدە: «ئورخۇن شەجەرىسى»، ئاپتورى پەرھات جىلان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەلقئارالىق 7-228-06142-X(ISBN)، ئۇيغۇرچە، جۇڭگودىن چىققان، ماشىنا ئارقىلىق ئوقۇش تۈرى CN، تۈر نومۇرى I291.5475/0-78، مۈلۈك نومۇرى (سىزىقلىق نومۇرى)755MWS000678، كىتابنىڭ كۇتۇپخانىدىكى ئورنى، نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نۆۋەتتىكى ئارىيەت ئەھۋالى، قىرائەت ئەھۋالى، باھاسى، مۇقاۋىسى قاتارلىق مەزمۇنلار ئايان بولىدۇ.

مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ كىتابلىرىنى ئىزدىمەكچى بولساق، يۇقىرىقى جەدۋەلنى ئېچىپ، ئۇنىڭ «ئاپتور» دېگەن مۇندەرىجە كۆزنىكىنى ئاچساق ھەمدە ئاپتور نامىنى كىرگۈزسەك، شۇ ئاپتور ھەققىدە بىز ئېرىشمەكچى بولغان ئۇچۇرلار كومپيۇتېر ئېكرانىنىڭ كۆرسەتكۈچ جەدۋىلىدە بىرمۇبىر ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: «زوردۇن سابىر» دەپ كىرگۈزسەك ئېكراندا: «باش ئاخىرى يوق خەتلەر»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» قاتارلىق 23 پارچە ئەسىرى، قايتا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى، نەشر قىلىنغان ئورۇن، خەلقئارالىق نومۇرى، كىتابنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، كىتابنىڭ تۈر نومۇرى قاتارلىقلار ئەكس ئېتىدۇ.

## 2. گېزىت

گېزىت ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىچىدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تارقىلىشى تېز، دائىرىسى كەڭ، تەسىرى زور، ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك بولغان مەتبۇئات تاراتقۇ بولۇپ، ئۇنى بىۋاسىتە كۆرۈپ چۈشەنگىلى بولىدۇ. گېزىتنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تارقىتىش چاستوتىسىنىڭ تېز، دەۋرىيلىكىنىڭ قىسقا،

قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈك، ئامموۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا، شۇڭا كۇتۇپخانىدا گېزىت باشقۇرۇشتا ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

ئادەتتە كۇتۇپخانا ئۇچۇن ئېيتقاندا گېزىت چوڭ بىر ئۇچۇر قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ، يەنى كۇتۇپخانىدا ھەر خىل گېزىتلەرگە مۇشتەرى بولۇنغان بولىدۇ. ھەر بىر خىل گېزىت ئۇچۇن كۇتۇپخانا ئايرىم-ئايرىم دەل ۋاقتىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىش بولۇمى، ئىسكىلات ھەم ئارخىپ بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلغان بولىدۇ. ئۈزلۈكسىز كىرىۋاتقان تۈرلۈك گېزىتلەر تىزىملىنىپ، تەرتىپى بويىچە تىزىپ قويۇلىدۇ.

گېزىت ئادەتتە گېزىتنىڭ ئىسمى، خەلقئارالىق نومۇرى، دۆلەت ئىچى ۋاكالەت نومۇرى، چىقارغان ئىدارە-ئورگان، تارقاتقان ئورۇن، ئومۇمىي سانى، نۆۋەت سانى، چىققان ۋاقىت، يىل، ئاي، كۈن، ھەپتە، كالېندارى، تىل تۈرى قاتارلىقلار ئېنىق تىزىملىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ ساقلىنىدۇ. گېزىت باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقىنى ۋاقتىدا تولۇق، رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇش دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن. شۇڭا گېزىتنى تىزىملاش يەنى تور ئارقىلىق باشقۇرۇشتا ئاددىي ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئالساق، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى دېگەندەك.

## 3. ژۇرنال

ژۇرنال قەرەللىك نەشر قىلىنىدىغان مەتبۇئاتلىق ھەم تورلاشقان تاراتقۇ بولۇپ، ئۇ ھەم گېزىتلىك ھەم كىتابلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ كىتابلىق خۇسۇسىيىتى كىتابقا ئوخشاش تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا تۈر نومۇر بېكىتىدۇ، گېزىتلىك خۇسۇسىيىتى بولسا ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەم قەرەللىك ھالدا نەشر قىلىنىدىغانلىقى بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ISSN خەلقئارالىق نومۇر قويۇلىدۇ ھەم ئۇنى باشقۇرۇشتىمۇ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساس قىلىنىپ باشقۇرۇلىدۇ.

ژۇرنال گېزىتكە ئوخشاش مەزمۇن جەھەتتىن خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىككىلا تۈرگە بۆلۈنمەيدۇ، بەلكى نەشردىن چىققان ۋاقىت، پەسىل قەرەلىگە ئاساسەن ئايلىق ژۇرنال، قوش ئايلىق ژۇرنال، پەسىللىك ژۇرنال ۋە ئالاھىدە ياكى مەخسۇس سان دېگەن نامدا نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ژۇرناللار يەنە ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن ئەدەبىي ژۇرنال، كەسپىي ژۇرنال، ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، ئىدىيە-سىياسىي مەزمۇندىكى ژۇرنال دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: رايونىمىزدىن چىقىدىغان «تارىم» ژۇرنىلى، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ژۇرناللار ئەدەبىي ژۇرنال قاتارىغا كىرىدۇ. «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى قاتارلىقلار ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى كەسپىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال ھېسابلىنىدۇ. (ئىلمىي ژۇرناللار يەنە تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن دېگەندەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ ). «ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» قاتارلىق ژۇرناللار سىياسىي-ئىدىيە تىپىدىكى ژۇرناللار ھېسابلىنىدۇ. دېمەك ژۇرنالنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، باشقۇرۇشتا يەنە ۋاقتىدا، تولۇق، تېز بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

لېكىن شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ژۇرنال ساقلاش خىزمىتى ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ژۇرنال يىللىق، پەسىللىك دېگەندەك ۋاقىت تەرتىپى بىلەن توپلانغاندا كىتابلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. كىتاب بولۇپ قالغاندا ئۇ كۇتۇپخانىنىڭ قەرەللىك قوبۇل قىلىدىغان ئۈزلۈكسىز نەشر بۇيۇمى بولماي، بەلكى كۆپ ھاللاردا خۇددى كىتابقا ئوخشاش مۇكەممەل ئۇچۇر بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا ژۇرناللارنى تىزىملىغاندا خۇددى كىتابقا ئوخشاش تەرتىپتە ئۇنىڭغا ئاۋۋال كۇتۇپخانىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق تامغىسى بېسىلىدۇ. تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە، ژۇرنالنىڭ باش ھەرپى ھەمدە ئاۋۋال ھەربىر تۈردىكى ژۇرنالدىن بىردىن ئۈچكىچە يىغىپ توپلاپ، توپلام تۈزۈشكە ئاجرىتىلىپ، قالغان قىسمى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىغا قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ژۇرنال باشقۇرۇشنىڭمۇ قىيىن نۇقتىسى بار. ئۇ بولسىمۇ ژۇرنال كاتولوگى تۈزۈش خىزمىتىدۇر. يەنى كۈتۈپخانىلارنىڭ بەلگىلىك مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى ئاجرىتىپ، ئاساسىي تېمىدىكى ۋە مەخسۇس تېمىدىكى كاتولوگلارنى تۈزۈش، رەتلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىككىنچى قول ماتېرىيال ھاسىل قىلىشقا تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاش خىزمىتىدۇر. بۇ خىزمەت كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەك بولغاچقا كۆپ ھاللاردا ئورۇندالماي قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئىككىنچى قول ماتېرىيال ئوقۇرمەنلەرگە كۆپ قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە يەنە، كۈتۈپخانىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرىدۇ.

ژۇرنال ۋە گېزىت باشقۇرۇش كۆپ جەھەتلەردە ئوخشاش بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز چىقىش، نەشر بۇيۇملاردا بولىدىغان مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز بولۇش، ئۆلىنىپ داۋاملىشىشتەك ئورتاقلىق بولغاچقا باشقۇرۇشتا بۇ خىل خۇسۇسىيەت گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. يەنى كۈتۈپخانىدا ئادەم كۈچى ئاجرىتىلىپ، مۇقىم ئادەم مەسئۇل بولۇپ، رەتلىك، تەرتىپلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ.

بىراق، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، نۆۋەتتە كۈتۈپخانىلاردا گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتىدە بىر بوشلۇق ساقلانماقتا. ئۇ بولسىمۇ گېزىت-ژۇرناللاردىن تەپسىلىي كاتولوگ تۈزمەسلىك.

كۈتۈپخانىلاردا گېزىت-ژۇرنال باشقۇرۇشتا ژۇرناللارنىڭ يىللىق مۇندەرىجىسىنى نۇسخىلاپ يىغىپ قويۇپلا ئۇنى مۇنتىزىم كاتولوگقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلمايۋاتىدۇ. گېزىت باشقۇرۇشتىمۇ بۇ تۈردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ھازىر كۈتۈپخانا ئاساسەن تورلىشىپ كەتتى، خىزمەت مەشغۇلاتى ئاپتوماتىك ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قولاي شارائىت ئاساسىدا كۈتۈپخانا مەبلەغ ئاجرىتىپ، مۇشۇ تۈرنى يولغا قويۇشى، خادىملارنى تەشكىللەپ، سېلىنمىنى ئاشۇرۇشنى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ خىزمەت ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە بارلىق كۈتۈپخانا خادىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالماي، تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىزمەت ئوقۇرمەنلەرنى كۈتۈپخانىغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەلپ قىلىدىغان، ئۇلارنى كۈتۈپخانىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە باغلايدىغان مۇھىم ھالقا ئىدى. ھالبۇكى، بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى، تەشكىللەش ھەم تەرغىباتنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرچە ئىشلەنمەي تاشلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

لېكىن ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىشىشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈتۈپخانىلارغا بولغان ئېھتىياجىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. بۇ ھال كۈتۈپخانىلارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا جەزمەن بەلگىلىك ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، كۈتۈپخانىچىلىق ساھەسىنى يۇكسەك تەرەققىيات مەنزىلىگە باشلىغۇسى.

## پايدىلانمىلار


[1] تۇرسۇنئىسا ماخمۇت: «ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىدىكى قىرائەتخانىلارنىڭ ئۈچ دەرىجىدىكى ئوقۇرمەنلەر مۇلازىمىتى توغرىسىدا»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011- يىللىق 3 ـ سان.

[2] گۈلنار ئىسمايىل: «ئەلا مۇلازىمەت ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى»، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011- يىللىق 3 -سان.

[3] ئالىيە ئېلاخۇن: «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىنىڭ ئوقۇرمەن مۇلازىمەت خىزمىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2012- يىللىق 3-سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.34, Iss.2 (Total:134) Jun 2013

## Contents

A Discussion on Uyghur Society and Development of Historiography in Qing Dynasty ............... *Ahmed Sulayman Kutluk*(1)

A Discussion on Secularization Reform of Turkey ............... *Zuhayat Ismayil*(13)

A Research on Phonetic Changes of Taranchi Dialect ............... *Nijat Sopi*(24)

A Study on Sexual Discrimination in Uyghur Language ............... *Aynur Abdurished*(34)

A Discussion on the Employment Pressure of Vulnerable Female Minority Students ............... *Ilham Yasen, Dilbar Mahmudjan*(43)

A Suggestion on Socializing the Public Safety ............... *Elyas Jalaldin, Arslan Ahmed Ziyai*(50)

A Study on the "Insadi Sutra" in "Uyghur-Scripted Buddhist Sutra" ............... *Dilare Israpil*(58)

An Analysis on Six Meanings of Translation ............... *Rashida Ghopor* (62)

A Study on Motif of "The Story of the Parrot" ............... *Abduwali Keram Gholboyi*(67)

A Discussion on the Significance of Uyghur Modern Historical Novel Categorization ............... *Abdulahad Abdurshed Berqi*(72)

An Analysis on Lyrics of Uyghur Ili-Folk Songs and Its Language Features ............... *Halmurat Abdurehim*(81)

An Analysis about Children Poem Creation ............... *Arken Dawut*(89)

A Study on Motifs of Uyghur Romantic Dastans ............... *Yasin Muhammadniyaz Teka*(98)

A Comparative Study between Uyghur and Japanese Folk Stories ............... *Dilare Abaydullam*(112)

An Analysis on Natural Disasters of Xinjiang in Qing Dynasty's Documents ............... *Aliye Anwar, Mayire Jappar*(116)

A Discussion on Historical Values of "Bilga Qahan" and "Kul Tigin" ............... *Ablikim Kurban Tomur*(129)

A Research on How to Manage Books, Newspapers and Magazines in Library ............... *Halida Asmat* (137)

www.uyghurkitap.com



# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке )

**№.2.2013г (Общий: № 134)**



**Содержание**


Уйгурское общество при династии Цин и особенности развитияисториологии……………
……………………………………………………………….........Ахмад Сулайман Кутлуг

Современный путь развития Турции………………………………………Зульхаят Исмаиль

Фонетическое изменение в диалекте Таранчи…………………………………Ныджат Сопы

Элементы половой дискриминации в уйгурском языке……………………Айнурь Абдуршит

Некоторые проблемы в занятости студенток национальных меньшинств……………………
…………………………………………………………..Ильхам Ясынь, Дильбар Махмутджань

Трудности правительства в компенсаторном механизме общественной безопастности и обобществление риска…………………………Иьлуась Джалалидинь, Арслань Ахмад Зияы

Анализ отрывки Буддийских канонов на уйгурском языке…………………Диларэ Исрапиль

Шесть значений в переводе……………………………………………………Рэшида Гупурь

Основная тема «Истории попугая»………………………………Абдувэли Керым Гольбои

Значение классификации и изучения современных уйгурских романов……………………
…………………………………………………………...Абдульэхад Абдуршит Бэркы

Слова Илийских народных песен и их языковые особенности…………………………….
……………………………………………………………...…………Хальмурад Абдурэим

О творчестве детских стихов……………………………………………………Аркынь Давут

Исследование основной темы уйгурского народного эпоса……………Ясынджань Матнияз

Сопоставительное исследование японских народных сказок…………...…Диларэ Абайдулла

Исследование стихийных бедствий во время ЧяньЛона на основе материалов при династии Цин………………………………………………………Алия Анварь, Махирэ Джаппарь

Исторические ценности мемориалов Культыкинь и Бельгэ Кахань………Аблыким Курьбан

О важности управления книгами, газетами и журналами в библиотеке………Халида Асмэт

# پروفېسسور ئۆمەر داۋۇت

# 乌买尔·达吾提教授



ئۆمەر داۋۇت، ئۇيغۇر، پروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تىلشۇناسلىق كافېدراسىنىڭ مۇدىرى؛ شىنجاڭ مىللەتلەر تىل-يېزىقى تەرجىمە تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى. ئۇ 1963-يىلى 4-ئايدا شىنجاڭ توقسۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرس كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1990-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىل-ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىر ئۇنۋانى ئالغان. 2004-يىلدىن 2005-يىلغىچە ئامېرىكا ۋىسكانسىن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولغان؛ 2011-يىلى 9-ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە دوكتورانت بولۇپ ئوقۇماقتا؛ 1990-يىلى لېكتور، 2000-يىلى دوتسېنت، 2012-يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلدىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە نەزەرىيە تىلشۇناسلىقى ئوقۇتۇشى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ئۆمەر داۋۇت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى»، «ئەمەلىي تىلشۇناسلىق»، «تەرجىمە ماھارىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى، ماگىستىرانتلارغا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن؛ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۈتاش دەرسلىكى «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئۆزئارا تەرجىمە دەرسلىكى» (1999-يىلى) نى تۈزۈشكە قاتناشقان؛ 2010-يىلى ماگىستىرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ھازىرغىچە 7 ئاسپىرانت يېتەكلىگەن؛ 2002-يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2-قارار ئاساس دەرس تايانچ ئوقۇتقۇچىسى»، 2009- ۋە 2011-يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالانغان؛ 2002-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىقى تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «كوجىم ياسۇتاكا مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلىرىغا كۆپ قېتىم ئېرىشكەن.

ئۆمەر داۋۇت ھازىرغىچە ئېلىمىزدىكى تۈرلۈك ئىلمىي ژۇرناللاردا 70 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان؛ «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىزچە كىرمە سۆزلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ماقالىلىرى گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «تۈركىي تىللار» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان؛ «ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرى 2011-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛ ئۇ يەنە «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە خەنزۇچە دەرس ئۆتۈش سىنىقى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان؛ ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىدىن ئالتىسىگە ئاساسلىق ئەزا سۈپىتىدە قاتناشقان؛ ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى» (2004-يىلى) تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاتناشقان؛ ھازىر دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى تاۋۇشلۇق ئارخىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەتقىقاتى»، «خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئىككى تېمىسىغا، يەنە ئۆلكە-مىنىستىرلىق دەرىجىلىك بىر تېمىغا، نازارەت ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك ئىككى تېمىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا. ئۇ يېزىشقا قاتناشقان بىر ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 5-قېتىملىق پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى 2-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا، 5 پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر تىل-يېزىقى تەرجىمە ماقالىسىنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۆمەر داۋۇت ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئامېرىكا ئوتتۇرا ياۋرو - ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، خەلقئارا قوش تىل تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى؛ كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ماقالە ئوقۇغان.

www.uyghurkitap.com


# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维吾尔文版

季刊（1980年创刊）

第34卷 第二期 2013年6月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
主　　编：阿布里克木・亚森
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂
邮政编码：830046
电　　话：0991-8582927
电子邮箱：xju13@xju.edu.cn
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN65-1034/G4-W
国内代号：58-13
国外代号：5798（QR）
定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878
07>
9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 ـ يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2013 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (34 ـ يىللىق 2 ـ سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 ـ 8582927
ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 ـ 5878
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 ـ 1034/G4 ـ W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 13
باھاسى : 6 يۈەن